


1—2

1994

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION



چىراغ ئۇسسۇلى (ماي بوياق رەسىم) تۇرسۇن پازىل سىزغان

— قەييۇم قادىر فوتوسى



سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە مەدەنىيەتلىك، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تۇرغۇزۇش، پاكلىق تەشەببۇس قىلىپ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پۇلپەرەسلىك، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان شەخسىيەتچىلىك ۋە چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇش كېرەك. مەئىشەت ئىشلىرىدىكى ئازادلىق ۋە ھەر خىل رەزىللىكلەرنى تازىلاش، شىمىزنى قەتئىي يوشۇرۇشتا ... ئىجتىمائىي ھەممە ... ياخشىلاشنى كۈچەيتىش كېرەك.

«خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ۋە «يۈز خىل گۈل تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى ئۇسلۇبلۇق، خەلق ئاممىسى ياق-تۇرىدىغان مەدەنىيەت-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشقا ئىلھام بېرىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش كېرەك.

مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت بازىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ... مەدەنىيەت-تەنھەرىكەت جەمئىيەتلەر ... ھالدا ... ياردەم بېرىش كېرەك.

(«جكپ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىكى بىر قانچە
مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»)

**شىنجاڭ مەدەنىيىتى قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال**

43 - يىل نەشرى 1994 - يىل 1 - ، 2 - سان (ئومۇمىي 206 - ، 207 - سان)

# بۇ ساندا

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا ...... 3

مەخسۇس ماقالە

مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى ........ ھامىدىن نىياز 8

سەنئەت دۇنياسىدا

«يىپەك يولى» باغرىدىكى مېلودىك چەشمە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى توغرىسىدا........ مۇھەممەت زۇنۇن 14

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرىي يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى ........ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 99

ئەدەبىيات گۈلزارى

سادا ........ (پوۋېست) ........ زوردۇن سابىر 21

دۇنياغا نەزەر

يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام ...... (ئەدەبىي خاتىرە) ........ ئەختەم ئۆمەر 67

مۇھاكىمە

يىلتىز ھەققىدە پاراڭلار ........ مامبەت تۇردۇ 126

يول ئاچقۇچىلار

شىجائەت، شان - شەرەپ، كېلەچەك ........ ھاجى مۇھەممەت 138

تاماشىبىنلار ساداسى

خەلق ئۆز سەنئىتىگە موھتاج ........ قەدىردان قەييۇم 143

قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

تۇرمۇش فورمۇلاسى ........ لى گۇاڭدۇ 147

خەتتاتلار مۇنبىرى

ھۆسنى خەتلەر ........ ئىسكەندەر يۇسۇف 160

مۇقاۋىدا: يۈز ئېچىش (ماي بوياق رەسىم) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان. رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز، ئابدۇشۈكۈر كېرىم (تەكلىپ قىلىنغان). مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)، ساتتار توختى

بۇ سانىنىڭ مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت، رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت




ئاپتونوم رايونمزنڭ مەدەنيەت - سەنئەت ئشلرىدا خەلق ئۈچۈن خزمەت قلش، سوتسيالزم ئۈچۈن خزمەت قلش يۆنلشدە چڭ تۇرۇپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچلش، هەممە ئېقملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېننى ئزچل ئجرا قلپ، هەر مللەت خەلقنڭ مەنۋى تۇرمۇشنى بېيتش، ئاپتونوم رايونمزنڭ ئسلاهات ئېلپ بېرش، ئشكنى ئېچۋېتش ئشلرنى ئلگرى سۈرۈش بويچە زور نەتجلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونمزنڭ مەدەنيەت - سەنئەت خزمتى سوتسياللستك قۇرۇلۇش ئېلپ بېرش داۋامدا ئۈزلۈكسز مۇكەممەللەشتى. بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن ئاپتونوم رايونمزنڭ يېزا، قشلاقلرىغچە مەدەنيەت - سەنئەت تور، نۇقتلرى بارلققا كېلپ، هەر مللەت خەلقنڭ كۈنسايىن ئېشپ بېرۋاتقان مەنۋى ئېهتياجنى قاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى مەملكەتكە، دۇنياغا يۈزلنپ، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» بولغان شنجاڭنڭ شۆهرتنى نامايەن قلدى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونمزدا هەر دەرىجلك،

ھەر خىل كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن 89 ى، مۇنتىزىملاشقان، كۆلەملەشكەن ئويۇن قويۇش سورۇنىدىن 26 سى، تۈرلۈك كۈتۈپخانىلاردىن 63 ى بار. بۇ كۈتۈپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان ھەر خىل يېزىقتىكى كىتاب - ژۇرناللار 4 مىليون 550 مىڭغا يېتىپ، 1978 - يىلىدىكىدىن 12 ھەسسە كۆپەيدى. تۈرلۈك ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورۇنلىرى 939 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى 16 گە، مەدەنىيەت يۇرتى 92 گە يېتىپ، ھەممە ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى بولۇش نىشانى ئاساسەن ئىشقا ئاشتى. يېزا - كەنتلەرنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت پونكىتلىرىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ، 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 832 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا، بازارلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتى 746 گە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا، بازار ئومۇمىي سانىنىڭ 78 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كىنوچىلىق ئىشلىرىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ، كىنو فىلىم تارقىتىش ئورنى 94 كە، كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 2141 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزىلاردىكى كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 1374 كە يەتتى. مەدەنىيەت - سەنئەت تەتقىقاتى خىزمىتىدىمۇ يۈكسىلىش بولدى. مەخسۇس سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ئىككىگە، سەنئەت تەتقىقات ئورنى ئىككىگە يەتتى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 35 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى مەخسۇس قوغدايدىغان ئورۇن 27 بولۇپ، قوغدىلىدىغان يادىكارلىق 13 مىڭ 245 كە يەتتى. سەككىز مۇزېي بولۇپ، بۇلاردا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 36 مىڭ 619 غا، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى 503 كە يەتتى.

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ نەتىجىلەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش داۋامىدا كۆرسەتكەن ئەجرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئاپتونوم رايونىمىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بولۇپمۇ ئون يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 1 -، 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى، غەربىي شىمال بويىچە مۇزىكا ھەپتىلىكى پائالىيىتى، غەربىي شىمال بويىچە سېرك مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە تىياتىر كۆرىكى، ئۇسسۇل مۇسابىقىسى، ئەلنەغمە كۆرىكى، ئۇسسۇل ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق كۆلىمى چوڭ، تەسىر دائىرىسى كەڭ بولغان پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى كۆرەك قىلدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە، ئەدەبىيات - سەنئەتنى «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشىدە ۋە «ئېچىلىش، سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئىسلاھات ئېلىپ

بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى جانلاندۇردى. يەنى، ئۇدا ئالتە يىل تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىجادىيەت خادىملىرىنى تەر-بىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى. بۇ ئارقىلىق ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئاز بولمىغان مۇنەۋۋەر نومۇرلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاندى. 1990 - يىلى 12 - ئايدىن 1991 - يىلى 1 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە ئاپتونوم رايونىمىز-دىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ يەتتە نومۇرى 27 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇكاپاتقا ئېرىشىش جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى نامايەن قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپ-تونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەييارلىغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇس-سۇل كېچىلىكى «تىيانشان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئانىغا بېغىشلىغان ناخشىسى» ئاپتونوم رايونىمىزدا زور داغدۇغا قوزغاپلا قالماي، بەلكى يەنە مەملىكەت بويىچە 2 - دەرىجە-لىك سەنئەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1992 - يىلى 2 - ئايدا يۈننەن ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈل-گەن 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمىغا ئاپتونوم رايونىمىز 400 كىشىلىك ۋەكىل-لەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، سەككىز مىللەتنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ناخشا - ئۇس-سۇللىرىنى كۆرەك قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنى «رەڭگارەڭ گۈلگە پۈركەنگەن تەڭرىتاغ» ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرى تەييارلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 13 مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ شىنجاڭنى گۈللەن-دۈرگەنلىك مەنزىرىسىنى نامايەن قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈل-گەن تۈرلۈك شەكىلدىكى مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئېپىزوت كۆرەكلىرىدە ئاپتونوم رايونىمىز ماھىرلىرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈردى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردىكى كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ دەۋر روھى، ئىسلاھات روھى مەدھىيىلەنگەن كۆپلىگەن نومۇرلارنى تەييارلاپ، ئۆز جايىدىكى خەلق-لەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا يۈزلى-نىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى نامايەن قىل-دى. دراما، ئەلنەغمە سەنئىتىدىمۇ زور تەرەققىياتلار بولدى. ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىل-غان، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئاز بولمىغان نادىر ئەسەرلىرى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭىچە روھىي كەيپىياتى ۋە تۇرمۇشى بەدىئىي يۈك-سەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى، ئىلى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى قاتارلىق كەسپىي ئۆمەكلەر ئاساسىي كۈچىنى دراما ئىجادىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتىپ، «غې-رىب - سەنەم»، «غۇنچەم»، «قېرى يىگىتنىڭ تويى»، «ئەل قىساسى»، «ۋىجدان سوتى

ئالدىدا» قاتارلىق 40 دىن ئارتۇق نادىر دراما ئەسەرلىرىنى ئوينىدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دراما سەنئىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 1991 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تىياتىر كۆرىكى ئۆتكۈزۈلۈپ، «قەبرى يەگىتىنىڭ تويى»، «مەلىكە جىپ يۈ»، «ۋىجدان سىرتى ئالدىدا»، «سالام، ئاقسۇ»، «ئۆركەشلە، سۆيگۈ دەرياسى»، «ئەزىزە» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر كۆرەك قىلىندى. بۇ قېتىمقى تىياتىر كۆرىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىياتىر سەنئىتى قوشۇنىنىڭ زورىيىۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلىپلا قالماي، سەھنە سەنئىتىنىڭ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. كۆپلىگەن تىياتىرلار ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوينىلىپ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، «غېرىب - سەنەم»، «مەلىكە جىپ يۈ» پايتەخت سەھنىسىنى زىلزىلىگە سالدى، «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسى 1992 - يىلى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوينىلىپ، ياخشى تەسىر قوزغىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا سېرك سەنئىتى يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مىللىي پۇراق بىلەن دەۋر ئالاھىدىلىكى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سېرك سەنئىتى مەملىكەتتىن ھالقىپ، دۇنياغا يۈزلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن زور شان - شەرەپلەرنى كەلتۈردى. ئەنۋەر مۇھەممەت، روشەنگۈل ئەبەيدۇللا قاتارلىق تالانتلىق سېرك ئارتىسلىرىنىڭ «قول ماھارىتى»، «قارت ئويۇنى» قاتارلىق نومۇرلىرى ۋۇخەندە ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سېرك مۇسابىقىسى ۋە چەت ئەللەردە سەييارە ئويۇن قويۇش جەريانىدا ئالاھىدە ئالقىشقا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىدىن بىرى بولغان «دارۋاز» لىق سەنئىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېز تەرەققىي قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا شۆھرەت قازاندى. نۆۋەتتە ئۇ، چەت ئەللىكلەر نەزەرىدە «جۇڭگودىكى بىرىنچى سەنئەت» دەپ تەرىپلەنمەكتە.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش ئىگىلىكنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەدەنىيەت - سەنئەتكە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلىرىنىڭ كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت ئىشلىرى جانلاندى. 1992 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك سەنئەت كۆرىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت كۆرىكىگە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، 27 ناھىيىدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، تاجىك، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان 1000 گە يېقىن سەنئەتچى قاتناشتى. ئۇلار ئاساسىي قاتلاملاردا جەمئىي 40 مەيدان ئويۇن قويدى. تاماشىبىنلىرى 45 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. بۇ قېتىمقى كۆرەكتە ئورۇنلانغان سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھەرقايسى جايلار مەدەنىيەت - سەنئەتنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش ،مەدەنىيەت - سەنئەتنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، يەرلىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش

ئۈچۈن تاشقى سودا، ساياھەت بىرلەشتۈرۈلگەن مەدەنىيەت - سەنئەت پائا-
لىيەتلىرىنى جانلاندۇردى. مەسىلەن، تۇرپاندا «ئۈزۈم بايرىمى»، سانجىدا «شاپتۇل
بايرىمى»، قەشقەر، خوتەنلەردە «نورۇز بايرىمى»، بورتالادا «نادام بايرىمى»، ئاقسۇدا
«كۆسەن مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى»، غۇلجىدا «تۇلپار بايرىمى»، قۇمۇلدا «قوغۇن
بايرىمى» ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى يەنە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى
توپلاش، رەتلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە زور خىزمەتلەرنى
ئىشلىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنەۋۋەر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» نى رەتلەش،
تەتقىق قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈش جەھەتلەردە يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.


1992 - يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، جۇڭگو
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى،
جۇڭگو ئۇن - سىن جەمئىيىتى، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى قاتارلىق
ئورۇنلار بىرلىشىپ، بېيجىڭدا ئۆتكۈزگەن «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» 12 مۇقام-
نى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە 12 مۇقامنى جۇڭگوغا، خەلقئاراغا تونۇتۇشتا زور
رول ئوينىدى. چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش
ئۈچۈن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى يېقىنقى بىر نەچچە
يىلدىن بۇيان ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 20 دۆلەتكە بېرىپ ئويۇن
قويۇپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي سەنئىتىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتتى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى
خىزمىتىدە مەركەزنىڭ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇ-
زۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئاسار - ئەتى-
قىلەرنى قۇتقۇزۇش، رېمونت قىلىش خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. ئۈچ يىلدىن
بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون ئورۇندىكى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجى-
لىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى زور كۆلەملىك قۇتقۇزۇش
خاراكتېرلىك رېمونت قىلدى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە
يەتتى. 1990 - يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈم-
چى، تۇرپان، شىخەنزە، قەشقەر قاتارلىق تۆت ئورۇندا مۇزېي، قۇمۇل،
بايىنغولىن، ئىلى ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى قاتارلىق تۆت ئورۇندا
ۋاقىتلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىخانىسى قۇرۇلدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلى-
رىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى 1988 - يىلى باشلىنىپ 1990 - يىلى ئاساسىي
جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىم تەكشۈرۈلگەن ئورۇن 2500 بولۇپ، يېڭىدىن 1862
ئورۇن بايقالدى. ھازىرغىچە مۇقىملاشقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى 4000 بولۇپ،
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ئاساسىي
جەھەتتىن ئېنىقلاندى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتى
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى،
گۈللەپ ياشنىدى.



مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ
ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى



— قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

هامىدىن نىياز

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى)

يولداشلار:

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات -
سەنئەت خادىملىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭ-
نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە،
ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوت-
سىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆ-
نىلىشىدە ۋە «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلسۇن،

## مەخسۇس ماقالە

ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە ساي- راش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلىپ، قايىنام - تاشقىنلىق ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە ئاتلىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇ- ۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدى- غان كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىل- لىي ئۇسلۇبقا ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى بار- لىققا كەلتۈرۈپ، خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇر- مۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈ- ۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، مۇقام سەنئەتكار- لىرى، ئەلنەغمىچىلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە سەنئەتخۇمار قۇمۇل خەلقىنىڭ ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى نامايەن قىلىش، يەرلىك مۇقاملار تەتقىقاتىدىكى تەجرىبە- لەرنى يەكۈنلەش، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە تولۇقلاش خىزمىتىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قۇمۇلدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەن بۇ يەردە ئولتۇرغان مۇقامشۇناسلار، تەتقىقاتچىلار، سەنئەتكارلار، ئەدىبلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ كاتتا يىغىنغا قاتناشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. مەن ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن، بۇ يىغىننىڭ غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىك- لەيمەن. ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن سەنئەتكارلار، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەرگە، پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش مۇقامچىلار، ئەلنەغ- مىچىلەرگە، مۇقام تەتقىقاتىغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلگەن، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن مەدەت بەرگەن، قوللىغان ھەر ساھەدىكى سەنئەتسۆيەر، مەرىپەتپەرۋەر جامائەتچىلىككە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مەركەز، ئاپتونوم رايون، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، مەدەنىيەت - سەنئەت ئەربابلىرى، كەڭ سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ بىر قېتىملىق كاتتا مۇقام - مەشرەپ مەرىكىسى، ئىلمىي تەتقىقات نەتى- جىلىرىنىڭ كۆرىكى، ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقى- يەتلىك ئېچىلغان، كۆڭۈل ئازادىلىككە تول- غان كاتتا يىغىن بولدى؛ شۇنداقلا، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماش- تۇرۇش يىغىنى؛ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق ئالغا بېسىش يىغىنى بولدى؛ تارىختا «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»، «مۇقام - مەشرەپ دىيارى» دەپ شۆھرەت قازانغان قۇمۇلنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارلىقىغا ئالتۇن كۈز پەسلىدە تېخىمۇ كۆركەم ھۆسن قوشتى.

قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قىزغىن، جۇشقۇن كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلدى. ئىلىم ئەھلىلىرى بىرلىكتە مۇھا- كىمە ئېلىپ بېرىپ، قۇمۇل مۇقاملىرى تەتقىقاتىدىكى يېڭى ئىلمىي نەتىجىلىرىنى يىغىنغا سۇنۇپ، تارىخىي پاكىتلارغا ھۆر- مەت قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئىلمىي ئۆلچەم، ئىلمىي پوزىتسى- يىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىشى، قېلىپلىشىش تارىخى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، مەنبە - ئېقىملىرى ۋە ئۇيغۇر 12 مۇقامى- نىڭ شەكىللىنىشىدە تۇتقان ئورنىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلىدى؛ قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ

پەيدا بولۇشى، شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى، تارىخى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، مۇقاملارنىڭ ئىسمى، تېكىستولوگىيىسى قاتارلىق تەرەپلەردىن تارىخىي يوسۇندا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: قومۇل مۇقاملىرى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان، يېڭىلانغان؛ ئۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، مەزمۇن، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتلەردىكى ئاممىۋىلىقى، چىنلىقى، ئەسىرچانلىقى، شوخلۇقى، خىلمۇ خىللىقى، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا، ھەر خىل قىزىقارلىق ئويۇنلار بىلەن بىرىككەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى، نەغمىلىرىنىڭ قەدىمىيلىكى، بىرقەدەر ئىپتىدائىيلىقى، يېزا - يايلاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، ئۇسسۇللىرىنىڭ نەپىس، مەردانە، سالماقلىقى، كۈچلۈك مىللىيەتلىكى، قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىشتىياقىنى، ئارزۇسىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ۋە قابىلىيەت - ماھارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى باي تارىخىي مەنبەدارلىقى بىلەن مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك، بىباھا مىراس دەپ يۈكسەك باھا بەردى.

يولداشلار:

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا، پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى مۇكەممەل بەدىئىي قامۇس، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان بىباھا گۆھەر. ئۇيغۇر مۇقاملىرى رەسمىي شەكىللەنگەندىن كېيىن، زور دەرىجىدە تۇراقلاشتى، شۇنداقلا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ھەتتا كورىيىگىچە تەسىر كۆرسەتتى. تارىختىن بۇيان مۇقامنى ئاساسى گەۋدە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مىللەتنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايەن قىلىپ كەلدى. مانا شۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تولۇقلاش، ئورۇنداش، دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈشكە پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلاپ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن، ئاجايىپ سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن بۈگۈنكى مۇقام تەتقىقاتىمىزغا پۇختا ئىلمىي ئاساس سېلىپ بېرىپ مۇقامنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان مەشھۇر مۇزىكىشۇناسلىرىمىز، ئالىملىرىمىز، مۇقامچىلىرىمىز ۋە ئەلنەغمىچىلىرىمىزنى مەڭگۈ ياد ئېتىمىز. ئۇلار ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىلەن بىللە خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئەبەدىي ياشايدۇ.

تارىختىن بۇيان، بولۇپمۇ «يىپەك يولى» خارابىلاشقاندىن كېيىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى. فېئودال، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چەكلىشى، نابۇت قىلىشى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گۈلتاجى بولغان 12 مۇقام پارچىلىنىش، ئۇنتۇلۇش ۋە يوقىلىش خەۋپىگە ئۇچراپ، مۇقامچىلارمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ، شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىغىچە، 12 مۇقامنى بىرقەدەر تولۇق ئېيتالايدىغان بىرقانچە

لەپەر ياشانغان مۇقامچىلارلا قالغان بولۇپ، 12 مۇقام يوقىلىپ كېتىش گىرداپىغا بېرىپ قالغانىدى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 12 مۇقامنى جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋارىسلىق قىلىپ، ساقلاپ، دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن 12 مۇقامنى 42 يىل جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىش، ئىشلەش ئارقىلىق، قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىپ، تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن غەلىبىلىك تاماملاندى. «چەبىيات» مۇقامى، جۈملىدىن مۇقاملاردىن پارچىلار مەملىكىتىمىز سەھنىلىرىدە ۋە ئەنگلىيە، پاكىستان، گېرمانىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردە ۋە شياڭگاڭدا ئورۇندىلىپ قالتىس ئالقىش، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشتى.

12 مۇقامنى قۇتقۇزۇش — قېزىش، توپلاش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەر ئۈستىدە سۆزلىگىنىمىزدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن غەمخورلۇقى ھەم كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى، بولۇپمۇ پېشقەدەم رەھبىرىمىز سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سىياسىي، تەشكىلىي، ھەربىي ئىشلار جىددىي، سىنىپىي كۈرەش كەسكىن بولۇۋاتقان، خىزمەتلەر ئىنتايىن ئالدىراش شارائىتتىمۇ، 12 مۇقامنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئۆزى بىۋاستە تۇتقان، مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن، قەشقەرلىق مۇقامچى قاسىم ئاخۇن، ئىلىدىكى مەشھۇر مۇقامچى روزى تەمبۇر، مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا، ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللاۋلارنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ 12 مۇقامنى تۇنجى قېتىم سىنغا ئالدۇرۇپ، كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقان، ھەتتا يوقىلىشقا يۈزلەنگەن بۇ بىباھا گۆھەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن قوشقان تارىخىي تۆھپىسىنى خەلقىمىز مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، بولۇپمۇ يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ قوللىشى بىلەن، تۇردى ئاخۇن ئاكا ساتار بىلەن ئورۇندىغان 12 مۇقامنى سىنغا ئېلىش، نوتىغا ئېلىپ نەشر قىلىش، ھەر خىل شەكىلدە سەھنىلەشتۈرۈپ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش... قاتارلىق خىزمەتلەردە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ خىزمەتمۇ بىرمۇنچە ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈردى، ئەلۋەتتە. ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، بولۇپمۇ يولداش سەيپىدىن ئەزىزى بۇ خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن قوللىمىغان بولسا، ئۇيغۇر ناخشا -مۇزىكىسىنىڭ ئانىسى بولغان 12 مۇقامنىڭ تولۇق ھالدا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلەشى، شۇنداقلا ھازىرقىدەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يولداش سەيپىدىن ئەزىزى 12 مۇقامنى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان پېشقەدەم رەھبىرىمىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىچىكىدىنلا مۇقامغا ئىشتىياق باغلىغان، مۇقامنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان، ئىجتىھات بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان سەنئەتكار، تالانتلىق ئەدىب.

بىز ئەنە شۇنداق پېشقەدەم تۆھپىكارلىرى-
مىز، تەتقىقاتچىلىرىمىز ۋە يېڭىدىن ئۆسۈپ
يېتىلىۋاتقان ئىزباسار مۇقامشۇناسلىرىمىز،
تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بارلىقىدىن پەخىر-
لىنىمىز، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئەۋلادتىن
ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، بارغانسېرى راۋاج
تاپىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز.

يولداشلار:

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى توپلاش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش بىلەن تەتقىق قىلىش بىر - بىرىگە ئورگانىك باغلانغان. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇزۇن يىللار ئۈزۈلۈپ قالغان مۇقام تەتقىقاتى يېڭىباشتىن باشلاندى. دۆلىتىمىزدە، ئاساسلىقى شىنجاڭدا مۇقام تەتقىقاتى بويىچە ئىقتىدارلىق، قابىل تەتقىقاتچىلار قوشۇنى مەيدانغا كېلىپ، مۇقام تەتقىقاتى بويىچە يېڭى بىر پەن شەكىللىنىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ئائىت نوپۇزلۇق ئىلمىي كىتابلار بىلەن، يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم نادىر ماقالىلەر نەشر قىلىنىپ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

1992 - يىلى مۇقام ئەھلىنىڭ تارىختا كۆلىمى ئەڭ زور، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ئاپتونوم رايون، مەملىكەتلىك كاتتا يىغىلىشى — ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى يەكەندە، «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» بېيجىڭدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلۈپ ئازادلىقتىن كېيىنكى 42 يىل مابەينىدە 12 مۇقامنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر داغدۇغىلىق كۆرەك قىلىندى. بۇ، مۇقام تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى، مۇقام تەتقىقاتىنىڭ سىستېمىلىق، مۇكەممەل ۋە يۈرۈشلەشكەن ھالدا يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى نامايەن قىلدى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى»دە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ دېگىنىدەك: «بۇ قېتىمقى «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، ھەتتا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇقەررەر خاتىرە قالدۇرىدۇ».

مانا ئەمدى بۇ يىل كۈز پەسلىدە قۇمۇلدا قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈپ، يەرلىك مۇقاملار تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر نامايەن قىلىندى. بايا يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، مۇقامنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش، مۇقام تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە تامامەن قوشۇلىمەن.

بۇ يەردە مەن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتمەنكى، ھازىر ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە مۇقامچىلارنىڭ ئاكتىپلىقى يۇقىرى بولماقتا، جايلارمۇ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا قارىماي يەرلىك مۇقاملارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. ئەمدى گەپ رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىدە

قالدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل تارماقلار مۇقام سەنئىتى ۋە تەتقىقاتىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ساغلام تەرەققىيات يولىغا يېتەكلىشى، سەنئەتكارلار ۋە تەتقىقاتچىلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك.

بىز مۇقامدىن ئىبارەت ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسىمىزنى ھازىرقى زامان سەنئىتىمىزنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قەدىرلىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز، ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز، يېڭى دەۋر سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن خۇرۇچ قىلىشىمىز، مۇقامنىڭ ئېسىل ئامىللىرىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنى زامانىۋىلىك يولىغا باشلاپ، مىللىي روھنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز، مىللەتنىڭ مەرىپەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز، مۇقامنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنىڭ شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۈرنەك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ئۇنى يېڭىلاپ، يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىل تەلىپى بويىچە، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىپ، خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە ھوزۇرلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۇلار ياقتۇرىدىغان، دەۋر روھىغا باي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز؛ بىلىمگە ۋە ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، مۇقام تەتقىقاتىنى بىرخىل پەۋقۇلئاددە مەنىۋى ئەمگەك ھېسابلاپ، بولۇپمۇ شەخسلەرنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، مۇتەخەسسلەرنىڭ خاتىرجەم تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشى، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەخسۇس تېمىلار بويىچە دادىل ئىزدىنىشى، خاتىرجەم تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن تىنچ، ئىتتىپاق، ئازادە، دېموكراتىك ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. تالاش-تارتىش ئۈستىدە تۇرغان، مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان، بەس - مۇنازىرە ئۈستىدە تۇرغان مەسىلىلەرگە قارىتا يەككىلىك بىلەن خۇلاسە چىقارماسلىق، قالايمىقان تۇتقىغا كۆتۈرمەسلىك، قالپاق كىيدۈرمەسلىك، ئىلىم ئەركىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىزدىنىپ، مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قىلىپ توغرا يەكۈن چىقىرىشىغا يول قويۇش كېرەك.

يولداشلار:

بىز ھازىر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەۋلادلىرىمىزغا يول ئاچىدىغان، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىپ، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىدىغان تارىخىي باسقۇچتا تۇرماقتىمىز. مەن ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ يۈكسەك بۇرچ، كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئۆزئارا زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزىگە خاس كەسپىي ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇقام تەتقىقاتىنى تىرىشىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى، مۇقام تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ بىباھا مەدەنىيەت بايلىقىنى پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە پۈتۈن دۇنياغا يەنىمۇ تونۇتۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت بايلىقىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى




مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

يىپەك يولى — ئاجايىپ سېھىرلىك ئۇلۇغ قانال. بۇ قانال ساھەسىگە قەدىمكى رى‑دىن سەلتەنەتلىك چاكىنەكچە بولغان بىپايان زېمىنىنىڭ ئەڭ گۈزەل مەدەنىيەت گۈلشەنلىرى ۋە سەنئەت چەشمىلىرى جايلاشقان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، ھېسسىيات يالقۇنلىرى ۋە تەپەككۇر دۇردانىلىرىدىن پەيدا بولغان ئاجايىپ مۆجىزىدار سەنئەت گۈلزارىدا سېھىرلىك بىر چەشمە ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگىچە

## سەنئەت دۇنياسىدا

جاۋاھىرات بۇژغۇللىرىنى چاچرىتىپ كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ ھېكمەتتى مەنىدار، سەنئەتتى مەپتۇنكار ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن ئىبارەت.

ناخشا يۈرەكنىڭ ساداسى، ئۇسسۇل قەلبىنىڭ ئىزھارىدۇر. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. ئۇ، ئۇلۇغ، ئۆلمەس ۋە ئېگىلمەس، سۇنماس بۈيۈك شائىر — بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى قەلبىنىڭ زىلزىلىسى، شادلىق - نالىشى، مۇھەببەت - نەپرىتى، ئۈمىد - ئارزۇلىرىدىن تويۇنۇپ پارتلىغان مېلودىك فونتان بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي ھاياتىغا، پسىخولوگىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى جەمئىيەت كىشىلىرىنى ئىجتىمائىي ھەققانىيەت، پاك مۇھەببەت، ھالال تۇرمۇش، گۈزەل غايە، گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، مەزمۇنى، شەكلى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتلەردىكى ئىلمىيلىكى، ئاممىۋىيلىقى، چىنلىقى، تەسىرچانلىقى، شوخلۇقى، خىلمۇ خىللىقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەن جەمئىيەتكە ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان، خەلقنىڭ مىللىي غورۇرىنى، ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىدىغان، سەنئەت ھوزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئەڭگۈشتەرلىك رولىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

قەدىمكى «يىپەك يولى»باغرىدا ئەسىرلەردىن بۇيان ياڭراپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى شېئىر جەھەتتە چۈچۈك تىل، شېرىن مۇھەببەت، نەشتەردەك ئۆتكۈر كىنايە، جانلىق سىمۋول، تەبىئىي ئوخشىتىش، كۈچلۈك مۇبالىغە، ئەينەن تەقلىد، ئىلھامبەخش قوشما تەسەۋۋۇر، ھېكمەتلىك ماقال - تەمسىل، پىچىملىق ئوبرازلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئەفسۇنكار سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرغان.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن قوشاق، مۇزىكا نۇقتىسىدىن ناخشا. ئۇنى چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئوقۇشقىمۇ، ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇشقىمۇ، چالغۇ ئەسۋابلارسىز ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ.

ناخشا خۇمارلىق ئەزەلدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئۆمرى روھىغا، پسىخولوگىيىسىگە، ھەممە ئېنىق ھەرىكەتلىرىگە، بۆشۈكتىن گۆرگىچە بولغان بارلىق تىرىكچىلىكلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا، تارىختىن بۇيان يەر يۈزىدە ناخشىنى ياخشى كۆرمەيدىغان، سەنئەت تۇيغۇسى ئۆلگەن، ناخشىنى يات كۆرىدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر نەسلىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ!

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى زامان - ماكان توسۇقلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى تولىمۇ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇگۈنگىچە بولسا، ئۇنىڭ ماكان (جۇغراپىيىلىك) ۋە كەسپىي چەمبىرى بىر يۇرت ياكى بىر كەسپىي پائالىيەت بىلەنلا چەكلەنمىگەن. ئۇنى ناھايىتى ئۇششاق - نۇرغۇن، كونكرېت تۈرلەرگە ئاجراتساقمۇ، مەزمۇن ئومۇملۇقى جەھەتتە ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. ئۇلار:

1. ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېما قىلىنغان خەلق ناخشىلىرى؛

2. ئېتنىك ئۆرپ - ئادەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خەلق ناخشىلىرى؛

3. ئىشقىي - مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن خەلق ناخشىلىرىدىن ئىبارەت.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېما قىلىنغان خەلق ناخشىلىرىدا ئەمگەك ناخشىلىرى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

ئەمگەك ناخشىلىرى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەكتىن بىۋاسىتە ئىلھاملىنىشى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغ خاسىيىتىنى يۈكسەك شېئىرىي پىكىر بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

گۈل - گۈلۈستان بولغىدەك،
ئالەم گۈلستان بولغىدەك.
ياخشىلار بىر يەرگە كەلسە،
چۆللەرمۇ بوستان بولغىدەك .

ئەمگەك ناخشىلىرى ھەققىدە سۆز بولغاندا، ئۇنى ئىنسانىنىڭ نوقۇل تەبىئەت بىلەن بولغان جىسمانىي ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلەيدىغان ناخشىلاردىن چۈشىنىش بىر تەرەپلىمىلىكتۇر. ماركس ئېيتقاندەك: سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەمگەك ئەسلى ماھىيىتىدىن ياتلاشقان بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئەمگەك ناخشىلىرىنى زۇلۇم - مۇشەققەتنى قارىلاش ۋە ئەركىن - ئازادلىقنى ئارزۇ قىلىش بىلەن، شۇنىڭدەك ئىشقىي - مۇھەببەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەمگەك ناخشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمدارلىقى ۋە بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرغان. «ئالۋاڭ ناخشىسى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى»، «سېپىل ناخشىسى» قاتارلىقلاردا مەجبۇرىي زۇلۇم ئاستىدىكى قۇللارچە ئەمگەك ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇڭلۇق نالىسى، كۈرەش ئىرادىسى گەۋدىلەنگەن.

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
دەسسىسەم لىغىلدايدۇ.
زالىملار چىقىپ كەلسە،
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ.....

* * *

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
چوڭ كۆرەنى باسماقچى.
ئەقىلسىز نادان بەگلەر،
ھاشا بىلەن توسماقچى.

* * *

سۇلتان خوجام سورايدۇ،
سېپىل سوقتانلار نەلىك.
بىز خانغا نېمە قىلغان،
بىكار ياتىدۇ شەلىك.

* * *

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسام كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
زالىم تۈگچىسى بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

* * *

ئەجەب بىر زامان بولدى،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇ،
قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ.

* * *

يامۇلنىڭ ئىچى زەيلىك،
بۇ دەردلەرگە نېمە دەيلىك.
ئەركىنلىككە بەل باغلاپ،
ياخشىلىقنى ئىزدەيلىك.

بۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك مۇھىتتىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنىڭ ھەققىي كارتىنىسى، ئۇلارنىڭ كۆرەشچان ھايات تارىخىنىڭ ئوبرازلىق خاتىرىسىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتىنىك ئۆرپ - ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ناخشىلىرى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ دائىمىي مېلودىك ھەمراھىسى بولۇپ، ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلدى. بۇلار قاتارىغا ئالدى بىلەن توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - مەرسىيە، بۆشۈك تويى، ئەللەي ناخشىلىرى، ئاندىن قالسا ھەرخىل ھېيت - ئايەم، سەيلە قوشاق - ناخشىلىرى كىرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۆشۈك ناخشىلىرى — «ئەللەي كۈيى» تولىمۇ مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك. مېھرىبان ئانىلار ئوماق بالىلىرىنى بۆشۈكتە تەۋرىتىپ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن يىغلايدۇ ۋە بۆشۈكتىكى يېڭى ئەۋلادىغا يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ئەڭ شېرىن ئارزۇ - تىلەكلىرىنى تىلەيدۇ. ئەللەي ناخشىسىنى ئۇيغۇر خەلقى ئىجتىمائىي بەخت قاراشلىرىنىڭ ئىخچام شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

مەسىلەن:

ساڭا قويدۇم ياخشى ئات، ئەللەي،
ياخشى نىيەتتۇر مۇراد، ئەللەي.
ئەل - يۇرتۇڭغا سۆيۈنسەڭ، ئەللەي،
ساڭا بولغۇسى قانات، ئەللەي.

* * *

مەن بالامنى بۆلەيمەن، ئەللەي،
ئالتۇن تاغقا يۆلەيمەن، ئەللەي.

* * *

قولى ئارسلان بىلەكلىك،
باتۇر قاپلان يۈرەكلىك،
ياخشى - يامان كۈنۈمدە،
ماڭا بەكمۇ كېرەكلىك.
ئەللەي بالام، ئەللەي،
جانىم بالام ئەللەي.

مۇراسىم ناخشىلىرى ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەفراسىياپ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان مۇراسىم قوشىقى بىلەن مىلادى 998 - يىلى يېڭىسار - يەكەن - يوپۇرغا ئارىسىدىكى سەلقۇمدا شېھىت بولغان ئەلى ئارسلانخانغا ئاتالغان مەرسىيە ناخشىسى بۇنىڭغا تىپىك مىسالدۇر.

«ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئىسسىز ئاژۇن قالدىمۇ.
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر».

يەشمىسى:

«باتۇر تۇڭا (ئەفراسىياپ) ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ.
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك تىلىنماقتا».

— «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 59 - بەت.

ئاتاسى شاھى مەردانىدۇر،
ئاناسى نۇرئەلا نۇرخان.
خۇدا يولىدا جان بەرگەن،
شەھىدۇ ئارسلانخاندۇر».

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى قاتارىدا قەھرىمانىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ناخشىلىرى خەلق ئاغزىدىكى ئىپتىخارلىق مەرسىيە ناخشىلىرى تۈسىنى ئالغان. مەسىلەن، سېيىت نوچىنىڭ:

«مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات،
نا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە».

دېگەن ناخشىسى، نوزۇكۇمنىڭ:

نوزۇك قولى باغلاندى،
ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى».

دېگەن ناخشىسى، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇمنىڭ ئانىسىنىڭ ئوغلىغا يىغلىغان:

«كەيگەن تونلىرىڭىز قالدى بالام، بالام،
مىنگەن ئاتلىرىڭىز قالدى بالام، بالام.
ئابدۇراھمان خان غوجام بالام، بالام،
كۆزۈمدە يېشىم قالدى بالام، بالام».

دېگەن مەرسىيەسى بىلەن:

«گۈلباغ سۇپەت قەشقەردەك،
يېڭى سوققان شەھەر بارمۇ؟
مايىمخان شېھىت بولدى،
ئاڭا ئوخشاش ئەر بارمۇ؟» ۋە باشقىلار بۇ پىكرىمىزنىڭ ئىلمىي دەلىلىدۇر.

مەرسىيە ناخشىلىرىنىڭ يەنە بىر تۈرى

يېتىم - يېسىرلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى، دوست - يارەنلىرىنى ئەسلەش شەكلىدىكى ناخشىلاردىن ئىبارەت. بۇ ناخشىلار ئىچىدە مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن «ئانام - ئانام» ناخشىسى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

ئانام سەكراتقا چۈشكەندە،
خورەك تارتتى دەپتىمەن.
كۆزلىرى يۇمۇلغاندا،
ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن.
ئىڭىكى تېڭىلغاندا،
رومال ئارتتى دەپتىمەن.
پۇتلىرى چېتىلغاندا،
ئارام ئالدى دەپتىمەن.
غۇسلى سۈيى قۇيغاندا،
تەرەت ئالدى دەپتىمەن.
كېپەنلىك تىكىلگەندە،
كۆينەك كىيدى دەپتىمەن.
جىنازىغا سالغاندا،
مەپىگە چۈشتى دەپتىمەن.
خەلقى ئالەم يىغلىغاندا،
توي بولدىغۇ دەپتىمەن.
... ... ... ... ... ...
يېتىپ باردۇق مازارغا،
كىرىپ كەتتى سارايغا.
قاراپ قالدۇق كاماغا،
يېتىم قالدۇق تالادا.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھەر يىلى تۇنجى قارنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان «قارلىق بەزمىسى»دە ئېيتىلىدىغان ناخشىلار، نورۇز ناخشىلىرى؛ ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىدە ئۇتكۈزۈلىدىغان قىزىلگۈل سەيلىسى، باغ سەيلىسى، قوغۇن سەيلىلىرىدە ئوقۇلىدىغان ناخشىلار ئەڭ كۈچلۈك ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە.

تاپقىنى گۈل كەلتۈرۈر،
تاپمىغىنى بىر باش پىياز.
تاپقىنى قوي كەلتۈرۈر،
تاپمىغىنى چۈجەخوراز.
— (قارلىق ناخشىلىرىدىن)

ئىپتىدا قىلدۇق نورۇزدىن ياخشى كۆلنى باشلىدۇق،
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلىقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
شاتىۋادىن تون كىيىپ، جۇۋا - تۇماقنى تاشلىدۇق،
سايلەردە ئولتۇرۇپ نەغمە - ناۋانى باشلىدۇق،
ئات مىنىپ، ئوغلاق ئېلىپ، مەشرەپ قىلۇر كۈندۇر بۇگۈن.
— (نورۇز سەيلىسى مەشرەپ ناخشىلىرىدىن)

باغدىن چىقىپ كەلدى بىر قىز،
قىزىلگۈلنى ئاربلاپ.
كىشى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ،
گۈل ئارىسىدىن مارىلاپ.
ئاھ ئۇرۇپ مەن گۈلنى سۇندۇم،
خۇش كۆرۈپ ئالۇرمۇ دەپ.
مېھىر باغلاپ كۆڭۈل بەردىم،
مېھرىبان بولۇرمۇ دەپ.
— (قىزىلگۈل سەيلىسىدىكى ناخشىلاردىن)

ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە خەلق تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن، خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتىگە ئايلىنىپ كەتكەن، ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل خەلق ئويۇنلىرى، يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلەر بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل ئەڭ ئاممىۋى، ئەڭ تەسىرچان، ئەڭ قەدىمىي سەنئەت شەكلى مەشرەپ بولۇپ، مەشرەپ بولسا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى كۆرەك قىلىنىدىغان ئاممىۋى سورۇندۇر.

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن،
چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن.

ئاخۇنۇمدىن سورىسام،
ئاشىققا ئىلاھ يوق دېگەن.

* * *

مەن بۇ يەرنى چۆل دېسەم،
چۆل ئەمەس گۈلزار ئىكەن.
توغرىقى ئالماغا ئوخشاش،
يۇلغۇنلىرى مازار ئىكەن.

* * *

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
ئەمدى سايرىماس بولدى.
ئاۋۋال قارىغان يارلار،
ئەمدى قارىماس بولدى.

— (دولان مەشرەپ ناخشىلىرىدىن)

ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسەم،
تۆردە بىر مېھمان تۇرۇر.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر.
... ... ... ... ... ...
مەن سالام بەردىم ساڭا،
قىلغان ئىشارەتىڭ قېنى؟
كۆڭلى يازلىقتىن خەۋەر،
ئەقلى كارامەتىڭ قېنى؟
ئەر ئېيتىدۇ:
تۆردە مېھمانىڭ بولۇپ،
تۇرغان چېغىم - كۈلگەن چېغىم.
رەھمىتىم - مېھرىم بىلەن،
ساڭا بېرىلگەن بۇ دىلىم.
... ... ... ... ... ... ...
بىر سالامغا مىڭ ئىشارەت،
قىلمىقىم ئارزۇ - ھەۋەس.
بۇ كۆڭۈلنىڭ قىشى يوقتۇر،
ئەقلىم - كارامەتىم پەۋەس.
ئايال ئېيتىدۇ:
دىل خۇمارىم سەن ئىرۇرسەن،
شوخا بويلۇق شۇل يىگىت.
لەۋزىدىن شېكەر تامادۇر،
خۇشمۇ تاقەتلىك يىگىت.
... ... ... ... ... ... ...

سەن ئۈچۈن كۆيمەكلىكىم،
غەپلەت ئەمەس، يا، جا ئەمەس.
كۆڭلىمىز كۈن، قىلچە شەك يوق،
مەن ساڭا ئورتاق ئەپەس.
... ... ... ... ... ... ...
ئەر ئېيتىدۇ:
بۇ ئەزىز قەلبىڭ ئۈچۈن،
قەلبىم، ۋۇجۇدۇم سەندىدۇر.
ئىككى دۇنيا بىر قەدەمدۇر،
سەن بىلەن ئۆتسە نەپەس.

— (قاراقۇرۇملۇقلاردىكى توي مەشرىپى ئېيتىشىشلىرىدىن)

قاراڭ، مەشرەپ ئۆزى بىر شېئىرىي دەريا ئەمەسمۇ؟

مۇھەببەت ناخشىلىرى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئەركىن مۇھەببەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋاپادارلىق ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. تىلى ئىنتايىن گۈزەل ۋە پاساھەتلىك.

سېنىڭ جېنىڭ، مېنىڭ جېنىم،
بىر جان ئەمەسمۇ.
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم،
قۇربان ئەمەسمۇ.

* * *

يۈرەكىم چاك - چاك بولدى،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچەي يارىم.
ئۆتەر يولۇڭغا باش قويۇپ،
ئەجەل يەتسە ئۆلەي يارىم.

ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى تولىمۇ كەڭ بولۇپ:

«يارنى يار دەمدۇ كىشى،
يامانىنى يار دەمدۇ كىشى.
ياخشى يار ياندا تۇرۇپ،
يامانىنى خالامدۇ كىشى.

* * *

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،

باشقا قىسسا بىر قۇچاق.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئۆلگىچە جانغا پىچاق.

* * *

قىل بىلەن تۈگكەن تۈگۈچنى،
قول بىلەن بولماس يېشىپ.
ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى،
تىغ بىلەن بولماس كېسىپ.» دېگەن

ناخشىلاردا بىر - بىرىگە سەممىي - سادىق، ۋاپادار بولۇش، ئۆمۈر بويى ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىرلا يار بىلەن ئۆتۈش، باشقا قىز - ئايالارغا كۆز قىرىنى سالماسلىقتەك ئالىيجاناپ ئەخلاقىي پەزىلەت ئۇلۇغلانسا:

«ئەلكىدە قوغۇن تېرىپ،
قاپاق باراڭلىق قىلدىلا.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
ئەجەب ساراڭلىق قىلدىلا.» دېگەن

ناخشىدا بىۋاپالىق، ئۈجمە كۆڭۈللۈك قاتتىق قامچىلانغان.

«زىبىخان ھەيدە قويۇڭنى باقىمەن،
ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقىمەن.
ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقمىسام،
لەۋلىرىڭدە پىستە - بادام چاقىمەن».
پۇلى بار دەپ سودىگەرنى باشلىماڭ،
پۇلى يوق دەپ مەرد يىگىتنى تاشلىماڭ.
پۇل دېگەن قولنىڭ كىرىدۇر بىز تاپۇرمىز ھەر زامان،
پۇلى يوق دەپ مەرد يىگىتنى تاشلىماڭ.
سودىگەر شاڭخەيگە كەتتى مال ئۈچۈن،
زىبىخان ھەسرەتتە قالدى پۇل ئۈچۈن»

دېگەن ناخشىدا پۇلغا بېرىلگەن مۇھەببەتنىڭ ئاقىۋىتى، ھەسرىتىنى ئىپادىلىسە:

«غازىمەنۇ غازىمەن،
چۆلدە يۈرگەن غازىمەن.
بىۋاپالىق قىلغۇچە،
ئۆلگىنىمگە رازىمەن.» دېگەن

ناخشىدا مۇھەببەتكە ساداقەت، ئاشىق - مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە سەممىي ئەقىدە - ئېتىقاد ئىزھار قىلىنسا:

«يانغاننى چىراغ دەڭلار،
كۆيگەننى پىراق دەڭلار.
ۋاپا قىلمىغان يارنى،
كۆڭۈلدىن يىراق دەڭلار.» دېگەن

ناخشىدا ۋاپاسىزلىق شىكايەت قىلىنىدۇ.

* * *

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ناخشا- ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقنىڭ ئەڭ قەدىمكى ماكانلىرىدىن بىرى بولغان ئاتا ماكان — شىنجاڭدا ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىجاد قىلغان، بېيىتقان ئېسىل سەنئەت بولۇپ 2000 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان «يىپەك يولى» ئالاقىلىرى داۋامىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مىللەتنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى، مىللىي روھنىڭ غايەت زور سېھرىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى — خەلقىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىشتىياقىنى، ئارزۇسىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ۋە قابىلىيەت - ماھارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، باي تارىخىي مەنبەدارلىقى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن ھازىرقى زامان ناخشا سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتىكى باي مەنبە ۋە قۇرۇماس بۇلاقتۇر.

1993 - يىل 4 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى






(پوۋېست)

## زوردۇن سابىر

### 1

تىلىم چىققاندىن تارتىپ پېنسىيىگە، چىققىچە كوتۇلداپتىمەن. بىر ئۆمۈر كوتۇلداپ ياخشى گەپنى جىق قىلدىممۇ، يامان گەپنىمۇ، بۇنى ھېسابلاپ كۆرمۇدۇم؛ پايدا تاپتىممۇ - زىيانمۇ، بۇنىمۇ بىلمەيمەن. بىرلا نەرسىنى بىلىمەن، كوتۇلدىماي تۇرالمايمەن. زۇۋاندىن قالغىچە، ئاخىرقى تىنىقىمغىچە كوتۇلدايمەن. سەن بەلكى مېنى ياخشى دەرسەن ياكى يامان دەرسەن، ئۇ ماڭا بەرىبىر. مەن ياخشىمۇ، يامانمۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مېنى ماختايدىغانلار كۆپ. «ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق» دەيدىغانلارنىمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن. «ياق، پىتنىچى، ئىغۋاگەر، چېقىمچى» دەيدىغانلار بىلەنمۇ رومكا سوقۇشتۇرۇۋېرىمەن. مېنىڭ دوستۇممۇ يوق، دۈشمىنىم بار، لېكىن مەن ئۇنىڭغا دۈشمەن ئەمەس. بۈگۈن بىرسى بىلەن دوست بولىمەن، ئەتىسىلا ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىمەن - دە، ئۇ ئىشىكىمگە كېلىپ مەن بىلەن ماجرالىشىپ كېتىدۇ. دۈشمەنلىرىممۇ شۇ. بىرسىدىن رەنجىپ قالسا ياكى بىرسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلماقچى بولۇپ قالسا، ئىككىلەنمەي ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىدۇ - دە، بىز قۇرۇق

ھاراق بىلەن كۈنلەپ مۇڭدىشىمىز. مېنىڭ جەمئىيەتتە دوستۇم كۆپمۇ، دۈشمىنىم كۆپمۇ، بۇنى بىلمەيمەن. شۇنىلا بىلىمەنكى، بۇ توڭگىرەكتە مەن ئېتىشمىغان ھېچكىم قالمىدى. لېكىن ھازىر پېنسىيىگە چىققان كادىر بولسامۇ، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، يىغىلىشلاردا تۆرنىڭ كاللىسىدا مەن بار. يەنە گەپ مەندىن ئاشمايدۇ، كۆپچىلىك مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئىلىك ئالىدۇ.

تېخى ئازات ئىمىنىنىڭ: نىزامكا، پارتىيىدىن چېكىنىشكە ئىلتىماس ياز، دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ بەزىلەر:

— ئەمدى مەسچىتكە مۇتىۋەللى بول. سەن كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيسەن! — دېيىشتى.

— نېمە، مەن پارتىيىدىن ھەرگىز چېكىنمەيمەن. ئاخىرقى بىر تامچە قېنىم قالغىچە كۈرەش قىلىمەن، — دېدىم ئۇلارغا. راستىنى ئېيتسام، ھازىرقى يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن پارتكوم رەھبەرلىرى مېنىڭ كوتۇلداشلىرىمدىن بىزار بولۇپ، مېنى پارتىيىدىن چېكىندۈرۈشكە نەسىھەت قىلىشتى.

— خەلقنىڭ قورسىقى ئاچ، ئۇچىسى يېلىڭ. سىلەر تېخى خەلققە سېلىق سېلىپ ئۈچ قەۋەتلىك مېھمانخانا سالماقچى. نېمانداق تولا زىياپەت بۇ؟ بىر قېتىمدا كەلگەن ئاز بولغاندا بەش يۈز سوم يېسەڭلار، بىر ئايدا قانچە؟ بۇ كىمنىڭ پۇلى، ئويلىدىڭلارمۇ، ھېسابلىدىڭلارمۇ؟ نىزامكا، پېنسىيىگە چىقتىڭ، بولدى، بۇ ئىشلارغا ئارىلاشما، دەيسىلەرغۇ تېخى؟ مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن دۆلەت كادىرى. 20 يىل پارتكومنىڭ تەشكىلات كادىرى بولدۇم. تۆت يىل ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولدۇم. پېنسىيىگە چىققان بىلەن پارتىيە ئەزاسىنىڭ بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. مېنىڭ ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش، ھەر قايسىڭلارنى نازارەت قىلىش، پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش بۇرچۇم بار، دەپ غەلۋە قىلدىم. ئاخىر ئالداپ - سالداپ، سىلاپ - سىپاپ مېنى پارتىيىدىن چېكىندۈرمەكچى بولۇشتى. بىر قېتىم رولىم قالمىدى، چېكىنسەم چېكىنەي دەپ ئىلتىماس يازدىم. لېكىن يېزىپ بولۇپ يىرتىۋەتتىم. نېمىشقا دەمسىلەر؟ ئاۋۋال ئىچ، سىركاي چىنە ئالدىڭدا تۇرغىلى نىۋاق، ئىچ، قۇيە، ئاندىن سورا. ھە، ئەكەلگىن، ئېچىۋېتىپ جاۋاب بېرەي. يىرتىۋېتىشىمنىڭ سەۋەبى، مەن يېزا رەھبەرلىرىنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قالدىم. ئۇلار قۇلاق تىنچىسۇن، نىزام كاسكا پارتىيىدىن چىقسىلا تەقۋادار بولۇپ قالار، دەپتىكەن ئەمەسمۇ؟ ئاغزىدا: «جامائەت ئارىغا ئالمايدىكەن، پارتىيە تۇرمۇشى يىغىنىغىمۇ چاقىرمايدىكەن، دەپ تولا شىكايەت قىلىدىكەنسىز، رولىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشقا شارائىت يوق، چېكىنمەمسىز دېسىڭىز مەيلى» دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە مەندىن قۇتۇلماقچىكەن. «قۇلىقىم تىنچىپ قالار» دەپتۇتېخى. ئۇلار مەندىن بىزار بولۇپ، چېكىندۈرمەكچى بوپتىكەن. بۇنى كېيىن بىلىپ قالدىم، ئەمدى ئۇلارنىڭ قۇلىقىنىڭ تىنچىغىنىنى كۆرۈپ باقاي.

نەدىن كېلەتتىم. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن كېلىمەن - دە! ھە، ئۆزۈڭ نەگە ماڭدىڭ؟ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە مېڭىپسەن - دە، شىكايەت قىلغىلى ماڭمىغانسەن؟ ئاقمىسىمۇ مەيلى، شىكايەت قىل ئۇكا. ھەممە ئادەم شىكايەت قىلسۇن، تازا شىكايەت قىلىدىغان چاغ مۇشۇ. مەن بۈگۈن ھېلىقى گەپلەرنى قاچچىدە پوچتىدىن سېلىۋەتتىم.

كۈندىن كېيىن مەركەزدىكى رەھبەرلەر ئوقۇيدۇ - دە، لىزام دېگەننى بېيجىڭغا چاقىرىڭلار، ھەقىقىي ماركسىزمچى، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى ئىكەن دەيدۇ - دە، غاچچىدە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى قىلىپ قويىدۇ.

بۇ گەپلىرىم چاقچاق، ئەمدى گەپنىڭ راستىغا كېلەيلى.

بۇغدايلىرىمىز سېسىيدىغان ئوخشايدۇ، ئۇكا. بىرىنچى سورتىنىڭ ئاتمىش توققۇز تىيىن ئىككى لى، ئىككىنچىسى ئاتمىش يەتتە تىيىن ئىككى لى، ئۈچىنچىسى ئاتمىش بەش تىيىن ئىككى لى، تۆتىنچىسىنى پىلان ئىچىدىكى سېتىۋېلىشقا ھېسابلىمايدۇ. ئېمىشقا بولاتتى، يارىمايدۇ - دە. بىزنىڭ بۇغدايلىرىمىز تۆتىنچى، بەشىنچى سورتقا مېڭىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىز بۇغدايلىرىمىزنىڭ كىلوسىنى قىرىق يەتتە، قىرىق توققۇز تىيىندىن ساتىمىز. ئالىدىغان مەھسۇلاتىمىزنى دەمسىنا؟ بىزنىڭ بۇ يەردە بىر مو يەردىن كۆپ بولغاندا مىڭ جىڭ، بولمىسا 5 — 6 يۈز؛ يۇقىرىسى 800 جىڭدىن ھوسۇل ئالىمىز. ئاخىرىسى 300 — 400 جىڭدىن ھوسۇل ئالىدىغان دېھقانلارمۇ بار. ئاھ، بىچارە دېھقانلىرىم، تۆلەيدىغان سېلىقنى ھېسابلىمايدۇ، كىرىمىنىلا ھېسابلايدۇ. بىز بىر مو يەرگە قانچىلىك پۇل خەجلەيمىز، قانچىلىك تەر تۆكىمىز، دېگەننى زادىلا ھېسابلىمايمىز. يەردىن كىرىدىغان كىرىمنىلا ھېسابلاپ خۇشال بولىمىز. شۇڭا تولا كۈلىمىز، تولا ناخشا ئېيتىمىز، چاقچاق قىلىشىمىز. ماڭا ئوخشاش پايدا بىلەن زىياننى تولا ھېسابلىمىغان بولسا، ئۇلارمۇ تولا كوتۇلدايدىغان بولۇپ قالاتتى. كوتۇلدىماي قانداق قىلاي، كۈندە نەچچە خاپىلىق - كۆڭۈل ئافرىقى. ئۆمرۈم بويى ئىزدەپ يۈرگىنىم خاپىلىق ئوخشايدۇ. ماڭا ئۇچرايدىغىنى شۇلدۇقسىكىن - يە، كۈندىلا شۇ، خاپىلىق - رەنجىش. رەنجىگەندىكىن كوتۇلدىماي قانداق قىلاي؟ كىچىكىمدە پادىچى ئىدىم. كەچكىچە كالىلارنى تىللاپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتىم. كېيىن شياۋدۇيجاڭ، دادۇيجاڭ بولدۇم. ئورنۇمدىن تۇرسەن - دە، ئادەملەرنى ئىشقا ھەيدەيمەن، مال قورۇيمەن، سوراق سورايمەن، مەجلىس ئاچىمەن، ئۇنى تىللايمەن، بۇنى سۆكىمەن، كۈنلىرىم مانا مۇشۇنداق ئۆتتى. بەزىدە ھاۋا تۇتۇقمۇ - ئوچۇقمۇ، ئاسمانغا قاراپ بېقىشقا چولام تەگمەيدۇ. ئالدىراشچىلىقتا ھەش - پەش دېگۈچە ئاتمىش تۆت ياشقا كىرىپتىمەن، ئۇكام. تازا ئەقىل ئىشلىتىدىغان، يۇرتنى تىل - ھاقارەت بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن باشقۇرىدىغان چاغلار كەلگەندە قاتاردىن قالدىم. پىچىۋېتىلگەن قېرى بۇقىدەك ھۆركىرىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. كوتۇلدىماي قانداقمۇ يۈرەلەيمەن. ئەنە قارا، سالام كاۋا بىكار كەلمىدى، ئۇ جەزمەن ماڭا ھال ئېيتقىلى كەلدى. كەل سالام، بولدى، سۆزلىمە، ياق، قوي، بىلدىم. بالاڭ ساڭا يېنىپتۇ. مۇشت ئاتتى دەمسىنا؟ باللاردا ئىناپ قالمىدى. راست ئېيتىسەن. باللار ئاتىلىرىنى دورىمايۋاتىدۇ. بىز ياش ۋاقتىمىزدا چوڭلارنىڭ ئالدىدىن تۇغرا ئۆتمەيتتۇق، ھازىرقىلار كۆزگە ئىلمايدۇ، بىلگىنىنى قىلىدۇ. ساناپ باقسام، مۇشۇ مەھەللىدىلا گۇاڭجۇ، شاڭخەي، بېيجىڭ، ئۈرۈمچىلەرگە قېچىپ كەتكەنلەر ئون ئىككى بوپتۇ. نادىرنىڭ نەۋرىسى تۈرمىدىكەن، بىچارىلەر ئۇنى قۇتقۇزىمىز دەپ ۋەجىدىن ئايرىلىپ بولدى. پاھ، پاھ، پاھ!

سالام، سەن بىلەن كەچتە سۆزلىشىدىغان

بولدۇق، خادىك كېلىپ قالدى، مەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يەنە بارمىسام بولمايدۇ.

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى كىم، دېگەننىڭ قانداق گەپ؟ بۇرۇنلاردا دائىم يەكشەنبە بازاردا مەست بولىۋېلىپ، كوچىدا ۋارقىراپ ناخشا ئېيتاتتى. چىرايىنى دەمسىنا؟ رومانلاردا تەسۋىرلەنگەندەك دەپ بېرەي، ئۇزۇنتۇرا، قولى تىزىدىن ئاشىدۇ، كۆزلىرى ھازىرلا ئۇخلايدىغان بوۋاقنىڭ كۆزىدەك خۇمارلىشىپ تۇرىدۇ، قىڭغىراق بۇرۇن، ئاق - سېرىق، كۈلرەڭ سوۋېت كاستوم - بۇرۇلكىسى دائىم ئۇچىسىدا، تايلاندنىڭ ئۇچەي شىلەپىسىنى قىڭغىر كىيىپ يۈرىدۇ. ماڭسا تىزى سەل - پەل ئېگىلىپ تۇرىدۇ. راستىنى ئېيتسام، مېڭىشى ھىسام دەلدۈشنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇ مەن تەسۋىرلىگەن بىرسىنى كۆرسەڭ خادىكىدىن چۈشۈپ سالام بېرىۋەرگىن، ئۇ چوقۇم يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ئازات ئىمىن شۇ بولۇپ چىقىدۇ.

ئازات ئىمىن ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ ياردىمىم بىلەن كادىر بولغان. ئۇ زىيالىي ياش بولۇپ چۈشكەندە، مەن داۋىجاڭ ئىدىم. ھەم گۇڭشې پارتكومىنىڭ تەشكىلات كادىرى، ھەم قەرزدار داۋىنىڭ داۋىجاڭى، ياچېيكا سېكرېتارى بولغان چاغلىرىم ئىدى. مەنمۇ ئۇ چاغدا سەيپىدىن ئەزىزىدەك تۆتتە بىرىنچى ئىدىم. بىرسى نېمە، دەمسىنا؟ داۋىي كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسىمۇ مەن ئىدىم: تازا پىچاق كېسىدىغان ھۆكۈمران چاغلىرىم ئىدى. ئەمما لېكىن بىرسىگە پۇل لازىم بولۇپ قالسا، ئون سوم تېپىپ بېرىش قولۇمدىن كەلمەيتتى. ئۇ چاغلاردا خادىكتە گىلەم ئۈستىدە بەخىرامان - خاتىرجەم ئولتۇرۇش نەدە دەيسەن، كەچكىرگىچە قاتراڭغۇ ئات ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئېتىز ئارىلايتتىم، سۇ ياقىلايتتىم، قاچقان - مۆككەننى ئىزدەيتتىم ... ھەي، ھەمىلا ئىشنى ئۆزۈم قىلاتتىم. شىياۋدۈي دېگەن دېھقانلارغا ئۆگەيلىكى قاتتىق ئۆگەي ئانا ئىدى، مەن ئۇلارغا رەھىمى يوق زالىم ئاتا ئىدىم. كۆڭلۈمدە خەلقتىن ئايرىلىپ قالغىنىمنى بىلەتتىم، لېكىن پارتىيە ئەزاسى دېگەن يۇقىرىنىڭ دېگىنىنى ئويلانماي ئورۇنلىشى لازىم - دە! بۇنى دېھقانلار نەدىن بىلسۇن! گۇڭشې، ناھىيىلەردە يىغىن بولغاندا باشلىقلارنىڭ ئۈستىدىن ئەڭ جىق سۆزلەيدىغىنى مەن ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سەممىلىك، ئىشچانلىق، ھەققانىيلىقتا داڭ چىقاردىم. لېكىن داڭ چىقارغىنىم ئۈچۈن يىگىرمە يىل بىر خىزمەتنى ئىشلىدىم. گۇڭشېنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىمۇ بولالمىدىم. بەزىدە سەۋىيەم تۆۋەنمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم، لېكىن خەلقلەر ماڭا نىزام ماركس دەپ لەقەم قويۇۋالدى. نېمىشقا دەمسىنا؟ ئىككى گەپنىڭ بىرسىدە ماركس - لېنىن، ماۋزېدۇڭ ئۇزۇندىلىرىدىن سىتاتا كەلتۈرەتتىم - دە!

ھەي، ئەمدى كىرىش سۆزۈم تۈگىدى، ئازات ئىمىنغا قايتاي. ئۇ شۇ چاغلاردا ماڭا ياراپ قالغان. گېپى ئاز، ئايىغى يېنىك، خېتى چىرايلىق بالا ئىدى. مەن ئۇنى داۋىگە كاتىپ قىلىۋالدىم. ئۇ دېگىنىمنى قىلاتتى. ئۇنىڭغا «ئازات بوران» دەپ لەقەم قويۇۋېلىشتى. نېمىشقا دەمسىنا، بوراندەك تېز ماڭاتتى - دە! بىر كۈندە شەھەرگە پىيادە مېڭىپ ئىككى قېتىم كىرىپ چىقاتتى.

پۈت يۈگرىكى ئاشقا دېگەن گەپ بىكار گەپ ئەمەسكەن، ئاخىر ئازات ئىمىن دۆلەت

هتاتىغا ئۆتتى. مانا هازىر يېزىلىق هۆكۆمەتنىڭ باشلىقى. لېكىن ئادەم دېگەن ئۆزگىرىدىكەن، ئۇ هازىر پىكاپتا يۈگرەيدۇ، تېلېفوندا سۆزلەيدۇ، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا مەن يۈگرەيدىغان بولۇپ قالدىم.

— ئۆيۈڭدە نەۋرىلىرىڭنى بېقىپ تىنچ ياتساڭ بولمىدىمۇ، يېزىلىق هۆكۈمەتكە قاتراپ نېمە قىلاتتىڭ، دەمسىنا؟ شۇنداق قىلسام ياخشى بولاتتى، شۇنداق قىلاي دەيمەن، لېكىن ئۇنداق قىلىپ كۆرمەپتىمەن. مەن پۇسۇرلاپ يول مېڭىشقا، ۋالاقلاپ سۆزلەشكە يارالغان چېغىم. پۇتۇممۇ، ئاغزىممۇ جىم تۇرالمايدۇ. يەنە شۇ كۆپنىڭ يىغىنى، يۇرتنىڭ ئىشى، شۇنىڭ ئۈچۈن قاترايمەن، ۋالاقلايمەن.

— ھە، ئەمدى سەن خوشلىشىمەن. مە، گەللىك تىيىن، بىر كۈندە قانچە تاپىسەن؟ 20 — 30 سوم دەمسىنا؟ يالغان ئېيتىسەن. يالغان ئېيتمايدىغان كىم بار دەيسەن. بوپتۇ، قانچە تاپساڭمۇ هالاللاپ تاپ. خەير - خوش ئەمسە.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، ئەسسالامۇئەلەيكۇم. قېنى ئولتۇرۇشايلى. پاھھۇي، شۇنچە خەق يېزا باشلىقىنى ساقلاپ ئولتۇرامسىلەر؟ ئازات بوران، هە، ياق، ئازات شىياڭجاڭ ئالدىراش ئوخشىمامدۇ، مەن ئىشخانىسىغا قاراپ باقاي، پاه، سافا دېگەندە ئولتۇرۇش راھەت ئوخشىمامدۇ. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقان خوتۇن نېمانچە يىغلاڭغۇ، پاه، ئىچىگە دەرد تولۇپ كەتكەن چېغى، كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى مايمۇنىنىڭ يېلىقى يېرىدەك... ها - ها - ها... نېمىگە كۈلۈسىلەر. ھە، ھەسەن تۆلكە سىڭدىمۇ دەردىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

— سەن نىزامكا، هوقۇق يۈرگۈزگەن چاقىلىرىڭدا دەردىڭ بارمۇ دەپ ئىشىكىمگە هەر كۈنى كېلەتتىڭ. لېكىن ئۇ چاغدا دەردىم يوق ئىدى، نېمىشقا دەمسىنا؟ ئۇ چاغدا بىرىنچىدىن پۇلۇم يوق، ئىككىنچىدىن خوتۇن يوق، ئۈچىنچىدىن ئۆيۈم يوق، تۆتىنچىدىن غېمىم يوق، بەشىنچىدىن...

— بولدى، بولدى، سەن تۆلكە بۇنداق ساناپ ئەللىكتىمۇ توختىمايسەن. گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇ چاغدا دەردىڭ يوق ئىدى، ئەمما مەن، دەردىڭ بولسا ئېيت دەپ تولا باراتتىم. هازىر دەردىڭ جىق، ئاڭلايدىغان ئادەم يوق. دەردىڭنى تولا ئاڭلاپ هەممە ئادەم سەندىن قاچىدىغان بولدى. يەرلىرىڭنى قوشناڭ دۇڭشياڭغا سېتىپ بوپسەن. ئىش كۆپ چاغدا ئىش قىلىش خۇشياقماپتۇ، ئەمدى ئىش قىلاي دېسەڭ ئىش تېپىلمايۋاتىدۇ. دېسەم - دېمىسەم، ئازات شىياڭجاڭ زىيالىي ياش بولۇپ تۆۋەنگە چۈشكەندە مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىككى ئاي تاماق يېگەن، شۇنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن بىر يەردىن كۆزەتچىلىك قىلىدىغان ئىش تېپىپ بەرسىكەن دەپ كەلگەنسەن؟ شۇنداق، مەن خاتا پەرەز قىلمايمەن. لېكىن ساڭا دەپ قويايي، ئازات ئىمىن ساڭا ئىش تېپىپ بەرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، قۇرۋان كۆسەيىنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ قاچا - قۇچا يۇغىن، يا بولمىسا تاڭجاڭلىق قىل، ئېيىغا ئىككى - ئۈچ يۈز سوم تاپالايسەن. 100 سومغا هاراق ئىچسەڭ، 100 سومنى خوتۇن - بالاڭ چاي - تۇزغا خەج - خىراج قىلىدۇ. ماقۇل دېسەڭ، جۇر، هازىرلا مەن سېنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمەن. قولۇڭدىن كېلەمدۇ دەمسىنا؟ قۇرۋان كۆسەي مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىپ ئۆگەنگەن. نېمىشقا دەمسىنا؟ شەھەردىن يېزىغا تارقالاشتۇرۇلغاندا، زاغرا يەپ،

ئۆستەڭ چېپىشقا چىددىماي خامانلاردىن ئاشلىق ئوغرىلاپ، تەمتىرەپ يۈرگەندە مەن ئۇنى گۆكشىپ ئاشخانىسىغا ۋاقىتلىق ئاشپەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. قولىنىڭ تەمى بار ئىكەن، ھەش - پەش دېگۈچە كۆزگە كۆرۈندى. مانا ئەمدى يەڭگىرمە كىشى ئىشلەيدىغان، ئون ئىككى خىل تاماق چىقىرىدىغان چوڭ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى. جۇر، مەن ئال دېسەملا ئۇ سېنى ئىشقا ئالىدۇ. ئەمما لېكىن سەن ھەسەن تۆلكە ئۇ يەردە ھېچ بولمىسا بىر - ئىككى ئاي ياخشى ئىشلە!

— نېمە، نېمە؟ سەن نېمىسگە ھۆركىرەيسەن؟ سەن مېنىڭ دادامنى بەش خىل ئۇنسۇر دەپ نېمىلەرنى قىلمىدىڭ، سەن نىزام كاسكا ئەمدى جاۋاب بېرىسەن، دادامنىڭ قىساسىنى ئالماي قويمايمەن!

— بۇ گېپىڭنى مەركەزگە دە. ماۋجۇشى ئۆلگەن بىلەن جياڭ زېمىن بار. مەن پارتىيىنىڭ دېگىنىنى قىلغان. داداڭغا قالپاقنى مەن ئەمەس، پارتىيە، خەلق كىيدۈرگەن. ۋۇي، گېپىڭ بولسا يولى بىلەن قىلمامسەن، ياقامنى سىقىپ نېمە قىلىسەن. ۋۇي، ۋۇي، قانداق تۇرگۈن نېمىسەن! داداڭدەك ئادەمنى بوغۇپ - نوقۇپ. ۋاي، ھەسەن تۆلكە، ئاجرات، بول، بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغان بولدىغۇ، مۇنۇ ناكەس مېنى!

— پاھ، پاھ، نېمانداق تۇرگۈن، بەھەرەز نېمە ئۇ! ئېتىڭ نېمە سېنىڭ، كىمنىڭ بالىسسەن. ھە، مۇنداق دېگىن، بېشىر بۇزۇق ئۇنسۇرنىڭ بالىسى ئىكەنسەن - دە! ۋاي ئىتنىڭ بالىسى، ھاۋشمايلا ئېغىز سالىدىغان قالماق ئىتنىڭ ئۆزىكەنسەنغۇ! داداڭ بارمۇ زادى، ھازىر قالپىقى يوقتۇ؟ خۇشال بولمامسەن، بولدىغۇ ئەمدى. مېنىڭ كاسىيىمنى سىقىپ نېمە قىلىسەن؟ ھېلىمۇ ياخشى، ئازات شياڭجاڭ چىقىپ قالمىدى، بولمىسا نىزام كاسكىنىڭ قىزىل ئۆڭگۈچىنى بوغقانغا توياتتىڭ. ھايت دېسىلا بىر ئاي تۇرمىدە ياتاتتىڭ - دە! ھەسەن تۆلكە، جۇر، مەن سېنى قۇرۋان كۆسەينىڭ ئاشخانىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي. ئاپلا، توختا، ئازات شياڭجاڭ چىقىپ قالدى.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، قانداق ھوي ئۇكام ئازات، ئادىلجان، ئالىمجان، ئابدەملەر تىنچلىقمۇ؟

— سالامەت تۇردىڭىزمۇ نىزامىددىنكا؟ ئۇزۇن بولدى كۆرۈشمىگىلى؟

— ھا - ھا - ھا... نەق ئىككى كۈن بولدى. بۈرناكۈن ھېلىقى مەھەللە گۇيخۇاسىنىڭ ئىشى بىلەن كېلىپ تاكاللىشىپ كەتمىدىممۇ؟ بۈگۈنمۇ شۇ ئىش بىلەن كېلىشىم. تۈيتۇجى، تراكتور دېگەنلەرنىڭ مەھەللىنى ئۇكتەي - توكتەي قىلىپ ئۆيلەرنى بۇزغىلى تۇردى. بۇ نېمە ئىش دېسەم، گۇيخۇا دەيدۇ. بۇزۇشمۇ گۇيخۇا بولامدۇ دېسەم، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى دەيدۇ. دېھقانغا زىيان سالىدىغان قانداق يوليورۇقكەن دېسەم، زىيان ئەمەس پايدا دەيدۇ. قانداق پايدا دېسەم، كوچىلار رەتلىك، مەھەللە يىغىنچاق بولىدۇ دەيدۇ. ئۇنداق بولسا مەن ھېسابلىدىم، ئاڭلاپ قوي. بىر دېھقان بەش ئېغىزلىق ئۆيى چېقىلىپ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆيىنى ئۆرە قىلىش ئۈچۈن ئاز بولغاندا 20 مىڭ سوم خەجلەيدۇ. بىزنىڭ يېزىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى ئەمدىلا يەتتە يۈز سومغا چىقتى. سەن چاقسەن، بۇزسەن، دېھقانغا بىر تىيىن پۇل بەرمەيسەن، دېھقاننىڭ تەرى ئەگىز سۇ ئەمەس. دېھقانلار كېلىڭلار،

تۈيتۈجىنىڭ ئالدىدا يېتىۋېلىڭلار، دەپ خەلقنى قۇترۇتۇپ، تاياق - توقماق بىلەن قورااللاندۇرۇپ كۈيخوا دۆيىنى ھەيدىۋەتتۇق. ئۇلار بۈگۈن يەنە كەپتۇ. بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنىڭ كاتتىبېشى كىم دەيدۇ تېخى، مانا مەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقتىم. مېنى تۇتماقچى بولۇشتى، دېھقانلار يول قويمىدى، مەھەللىدە ماجرا، مەن بۇ يەرگە قېچىپ كەلدىم.

— نېمە دەيسىز ئاكا، بۇ قىلمىشلار راستىنلا بۇزغۇنچىلىق!

— سەن يېزا باشلىقى تۇرۇپ شۇنداق دەۋاتامسىنا؟

— بۇزغۇنچىلىق. شەھەردە، ناھىيىدە، ھەممىلا يەردە كوچىلارنى كېڭەيتىپ، زامانغا لايىق زامانىۋى يوللارنى ياساۋاتسا، بىزنىڭ يېزا چەتتە تۇراتتىمۇ؟

— دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، نامراتلارنى يۆلەش مۇھىممۇ ياكى تۈز كوچا، يىغىنچاق مەھەللە مۇھىممۇ؟

— سىزنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن نېمە كارىڭىز؟

— دېھقانغا زىيان سالساڭ كارىم بولمايتتىمۇ؟ بۇ نەچچە گەپ؟

— زىيان؟ بۇ نەچچە گەپ؟ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىزچە زىيانمۇ؟

— سەن تولا ماڭا قالپاق تەڭلىمە، مەن بۇنداق پوپوزىلارنى تولا ئاڭلىغان. نېمىنىڭ زىيان، نېمىنىڭ پايدا ئىكەنلىكىنى سەندىن ياخشىراق بىلىمەن!

— سىز توغرۇلۇق ئىنكاس كۆپ. نېمىلا قىلساق پۈتلىشىسىز، كەنتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىدىكەنسىز، بۇ قانداق بولغىنى؟

— ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ يۇرت سوراي دېگىنىم يوق. دېھقانغا زىيان سې-لىش، يالغان گەپ قىلىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆزمىچىگە چوغ تارتىشقا ئوخشاش ناچار ئىشلار ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى ئەمەس، شەخسلەرنىڭ ئىشى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز نىزام ئاكا، كەمچىلىك، خاتالىقلار بولسا بىزگە ئىنكاس قىلىڭ - دە، داۋراڭ سېلىپ، خەلقنى قۇترۇتۇپ، دۆلەت ئىشىغا توسقۇنلۇق قىلماڭ.

— توسقۇنلۇق؟ بۇ گەپنى جايىدا ئىشلەتمىدىڭ سەن ئازات ئىمىن! يادىڭدا تۇت: توسقۇن بولۇۋاتقان، زىيان سېلىۋاتقانلار نەق سىلەر، نەق سەن! ئوتتۇرىچە كىرىمنى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى بىلەمسەن؟ بىلمەيسەن. بۇلتۇر ئالتە يۈز قىرىق سوم ھېسابلىغان، بۇ يىل توققۇز يۈز سوم ھېسابلىدى. بۇ يالغانچىلىق. نېمىشقا يالغان دەمسىنا؟ تۆت ئائىلىنى تاللىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ كىرىمىنى ھېسابلاپلا تۆتكە بولىدۇ - دە، ئوتتۇرىچە سان مۇنچە دەيدۇ، توغرىمۇ؟

— نەرى خاتا؟

— نەرى خاتا؟ پىشمىغان، سېتىلمىغان ئالما، تېخى شاگىرتلىقنى تۈگىتىپ دۇكان ئاچمىغان قىز بالىنىڭ بىر يىلدا تاپقان پۇلى، تېخى تۇغمىغان كالىنىڭ بىر يىللىق سۈتى، كۆكتات، يەم - خەشەك، ئوتۇن - ياغاچ، ھەتتا ئاياللارنىڭ يەكشەنبە بازارلاردا ساتىدىغان قېتىق - پېتىقلىرى پۇلغا ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق ھېسابلاپ بىر ئائىلىنىڭ كىرىمىنى پالانى مىڭ تەڭگە دەيدۇ - دە، ئۇنى پوكۇنى جانغا چاچىدۇ. تېخى جان سانىنى ھېسابلىغاندا، ئاغرىقى ئېغىر قېرىلارنى ئۆلدىگە چىقىرىدۇ. ئىشقىلىپ ئوتتۇرىچە ساننى خېمىرنى سوزغاندەك ئەپلەپ - سەپلەپ سوزۇدىغان گەپ! يېڭى باشلىقنىڭ تۆھپىسىنى كۆرسىتىش

ئۈچۈن يالغان گەپ قىلمىسىلەر. دېھقانلارنىڭ چىقىمى قانچىلىك، ئالۋاڭ - ياساق قانچىلىك، ھېسابلاپ كۆرمەيسىلەر. مانا بۇنى مەن ھېسابلايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ۋالاقلايمەن بالا، سەن تېخى مېنى توسقۇن دەيسەنا؟!

— ماقۇل، سىز بىلەن ئايرىم سۆزلەشەي، ھازىر...

— قاچان، قەيەردە سۆزلىشىسەن؟ مەن ساڭا دېھقان بىچارىنىڭ كىردىم - چىقىم جەدۋىلىنى كۆرسىتىپ قوياي، بىر كۆرۈپ باق، ئىچىڭ سىرىلمىسا مەن ئۆلەي!

2

ياش تېرەكلەر ۋاقىتسىز يوپۇرماق تاشلىغان. ئالتۇنرەڭ ياپراقلار كۈزنىڭ سالقىن شامىلىدا ئاستا لەيلەپ يەرگە چۈشمەكتە. غازاڭ قاپلىغان توپىلىق يولدا ياما (كەندىر) پاخلى باسقان قول تراكتورى ئاستا، بىر خىل رىتىم بىلەن «توت-توت» لاپ مەھەللىگە كىرمەكتە. قويۇق دەرەخلىك يېزا يولىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان ئىككى ياقتىكى شاخلارغا، ئۆسكىلەڭ ئوت - چۆپ، قويۇق، باشلىرى خىل كومىقوناقلارغا ئاستا قونماقتا. تويغان قاغىلار تېرەكلەرنىڭ چوققىلىرىدا ئۆز تىللىرى بىلەن بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي سۆزلەشمەكتە. تاج - ھالقىسى ئانار دانىسىدەك قىزارغان چۆجە خوراز بويىنىنى سوزۇپ ئۇماق چىللىدى - دە، نېرىدا دانلاۋاتقان قارا مېكىيانغا قاراپ تويۇقسىز يۈگۈردى. ئۇ، مېكىياننىڭ گەجگىسىدىن چىشلەپ ئەمدىلا دۈمبىسىگە چىقىپ ھايات لەززىتى سۈرەي دېگۈچە مېكىيان قۇيرۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ بېرىش ئورنىغا سىلكىنىپ، غەزەپ بىلەن چۆجە خورازنى دۈمبىسىدىن چۈشۈرۈۋەتتى - دە، ئاچچىق بىلەن چىشلەپ تەپتى. بىچارە چۆجە خوراز بىر تېپىك بىلەن كەپتەردەك كىچىكلەپ، چىرقىراپ قاچتى.

— ھەي بىچارە!— دېدى نىزام كاسكا قولىدىكى قىزىل دۇخاۋا دوپپىسىنى داپ قىلىپ چېلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ،— مۇرادىغا يېتەلمىدى. لېكىن ئۇ ھامىنى مېكىياننى باسىدۇ، مېكىيان ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزى يېتىپ بېرىدۇ تېخى. لېكىن ماڭا ھېچكىم باش بەرمەيدۇ، مېنىڭ سۆزلىرىم ئاۋۇ غازاڭ، مېنىڭ ئاۋازىم ئاۋۇ قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى، مېنىڭ نىيەت - ئارزۇلىرىم ئاۋۇ چاڭ - توزان! قەدىر - قىممىتىم قالمىسا مەيلى، ئەمما لېكىن راست گەپنىڭ قەدىرى يوقلۇقى قاملاشمىدى. كۈنلەرنى مۇنۇ كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۈش نېمانداق ئازابلىق.

ئۇ خاپىمۇ، پەرىشانمۇ ياكى ھېساب ئۈستىدىمۇ ئىشقىلىپ ئىككى سائەتتىن بېرى ئاشۇ سۆگەكتەك ئاقىرىپ كەتكەن كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇرماقتا. ئالدىراپ جۈمەگە ماڭغان مەھەللە چوڭلىرى ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم:

— ئەزەن، ھاي كاسكا ئەزەن! جۈمەنى قازا قىلدىڭ،— دەپ ئەسكەرتىشتى. لېكىن ئۇنىڭ بېشى چاتىرىسىدا، بارماقلىرى بىلەن يەرگە بىر نېمىلەرنى سىزماقتا. بەلكى ئۇ قالغان كۈنلىرىنى ھېسابلاۋاتقاندۇ، ياكى مەھەللىدىكى تۇل خوتۇنلارنى ساناۋاتقاندۇ، چۈنكى تۇل خوتۇنلارغا لايىق تېپىشنىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشى ھېسابلايدۇ. كىشىلەر جۈمەدىن قايتىشتى، ئۇ تېخىلا شۇ پېتى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىغا سالام كاۋا كەلگەندىلا ئۇ بېشىنى كۆتۈردى.

— ھە، ھېسابىڭ پۈتتىمۇ نىزام؟

— سالام كاۋا، سەن بوغدايدىن مو

بېشىغا ئالتە يۈز جىڭدىن ھوسۇل ئېلىپ باقتىڭمۇ؟

— نەدىكىنى! — دېدى چىشلىرى چۈشۈپ، ئىككى قوۋزى ئولتۇرۇشقان، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇرۇدىغان قارامۇتۇق سالام كاۋا بېقىنىنى تاتىلاپ تۇرۇپ، — بەشيۈز جىڭغىمۇ يەتكۈزەلمىدىم. زىيان تارتقاچقا يېرىمنى خەنزۇغا سېتىۋەتتىم - دە!

— ھەسەن تۇلكىنى ئاشخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، ئەمدى سېنى قانداق قىلارمەن؟

— ئوغۇللارنىڭ چوڭلىرى قارىمايدۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، كىچىكى ھە دېسىلا ماڭا يانىدۇ، ئۇنىمۇ بۆلەك چىقىرىۋەتتىم. بوۋاي بىلەن موماي قالدۇق شۇ. قىزلارنىڭ قولىغا قاراپ قالدۇق، بۇ ھار كېلىۋاتىدۇ. ماغدۇرۇم بار تېخى، نان تېپىپ يېيەلەيمەن!

— سېنىڭ گۇناھىڭ تارانچى بولۇپ قالغىنىڭ. ھورۇنسەن، ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەپ ئولتۇرغان بىلەن ئىش تاڭاتمايدۇ.

كوچىدىن بىر پىكاپ ئۆتۈۋىدى، ئىككى قېرى چاڭ - توزان ئىچىدە قالدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تېمىسىدىكى ئەمدىلا باشلانغان مۇلاھىزىسى شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. نىزام كاسكا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ، يۈزلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتتى: ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتى پاكىز قىرىلغان، يوغان كۆزلىرى نۇرلانغان، ئەترەك كاستوم - بۇرۇلكىسى، قىزىل دۇخاۋا بۆكى ئۇنىڭ قاملاشقان سۆيىكىگە ياراشقان. سالام كاۋا ئۆزى بىلەن تەڭ ياشلىق ئادەمنىڭ بۇنچە ياش، چىرايلىق كۆرۈنگىنىدىن خۇرسەن بولۇپ كۈلۈپ قويدى - دە، دوستىنىڭ مۈرىسىگە ئالقىنى بىلەن تايىنىپ:

— كۆرگەن ئادەم سېنى مېنىڭ ئوغلۇممىكىن دەيدۇ، — دەپ ھەجىيىۋىدى، ئۇنىڭ قويۇق، يىرىك ساقال - بۇرۇت قاپلىغان چىرايى ساناقسىز قورۇقلار بىلەن بېزەلدى. نىزامنىڭ كۆزىگە ھەر بىر قورۇق بىر ئەلەمنىڭ بەلگىسىدەك، بۇ ساددا، مەرد، ئاق كۆڭۈل دېھقاننىڭ سانسىز دەرد - ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، يۈزلىرىدىكى شۇ ھايات خاتىرىسى — قورۇقلىرىغىلا ئىگە بولۇپ قالغىنىنى دەرھال چۈشەندى - دە، ئىچىدە: «مۇشۇلارنىڭ يىغىسىنى يىغلاشمۇ گۇناھمۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزىدىن سورىدى. دوستىغا بولسا:

— سەندىن مەن ئالتە ئايلىق چوڭ جۇمۇ سالام كاۋا، — دېدى - دە، كۈلۈپ قويۇپ، — قارا سېنى، قورۇلغىنىڭ بىلەن تىمەنسەن، قوللىرىڭ كىرىچتەك قاتتىق، چېلىشساڭ مېنى ھازىرمۇ ھايت - ھۇيت دېگۈچە يامپاشقا ئېلىپ... ھا - ھا - ھا... ئەمما سەن جىق چىدامىلىق - ھە، ئالتە بالاڭنى ئۆيلىدىڭ، تالالىق قىلدىڭ. بالىلىرىڭ بىكۈيۇم، بولمىسا سېنىڭ ياتىدىغان چېغىڭ بۇ!

— سەن نېمىشقا ياتمايسەن نىزام. دۆلىتىڭ بار. جالۇن ئالسەن، باللىرىڭ ئۈن زاۋۇت، ماي زاۋۇت، كومبايىن ئاپتۇ - ھە تېخى؟ يۇرتىنىڭ بېيىسەن، نېمەڭگە نېمەڭ يېتىشمەي قاترايسەنكىنتاڭ؟

— ساڭا ئوخشاشلارنىڭ يىغىسى - دە. سىلەرمۇ بىر راھەت كۆرۈڭلارچۇ. سېنى ئالايلى: كونا جەمئىيەتتە بايلارنىڭ ئىشىكىدە مالاي بولۇپ ئىشلىدىڭ. كېيىن يېزا ئاكتىپلىرىدىن بولدۇڭ. ھېيلە - نەيرەڭ بىلمىگەچكە قىل پايدىغا كۆز سالمىدىڭ، يەرگىلا، ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسىگىلا ئىشەندىڭ. پولات تاۋلاش، دايۆجىن،

كېيىن ئاچارچىلىق، داجەيدىن ئۆگىنىش... يازدا ئېتىزدىن، قىشتا ئۆستەڭدىن كەلمىدىڭ. بالا باقمەن، دۆيگە ئىشلەيمەن دەپ يېپىشىڭ زاغىرا، قىشۇ - ياز كىيىشىڭ ئەسكى چاپان بىلەن رېزىنكە ئۆتۈك. كەتمەننىڭ چوڭى، يۈكنىڭ ئېغىرى يەلكەڭدىن چۈشمىدى. نەدە جاپالىق ئىش بولسا سەن شۇ يەردە. داد ئېيتمىدىڭ، يىغلىمىدىڭ، بىر تال دان، بىر تال شاخ چاغلىق نەرسىگە خىيانەت قىلمىدىڭ.

— مەن دېگەن پارتىيە ئەزاسى ئىدىم - دە.

— دۇرۇس، ھەممىمىز پارتىيە ئەزاسى ئىدۇق. ھازىر بىز ھېچنېمىنىڭ ئەزاسى ئەمەس، بىردىن ئائىلىنىڭ ئەزاسى. يېشىمىز ئاتمىشتىن ئاشقاندا بىزگە ئەسقاتىدىغىنى مۇشۇ ئائىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق. لېكىن بىز كېچىكتۇق، بولۇپمۇ سەن، سالام كاۋا. ساڭا لازىم نەرسە ئائىلە ئىدى، لېكىن سەن ئائىلەڭنى ئەمدىلا ئويلاۋاتىسەن. كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شياۋدۈيجاڭ، مۇئاۋىن شۇجى، ئىسكىلاتچى، مالىيە، يەنە نېمىلەر بولدۇڭ؟ ھەممىسى قۇرۇق نام. ئاشۇ ناملار ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىڭنى سەرپ قىلدىڭ. ناۋادا زاۋۇتتا بولغان بولساڭ پېنسىيە پۇلى ئالاتتىڭ. لېكىن سەن دېھقانسەن. سەن ئۆزۈڭ چاپقان، تاش ياتقۇزغان ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى يېرىڭگە قىنساڭ بىر سائەتكە كېچىسى بەش سوم، كۈندۈزى يەتتە سوم تۆلەيسەن. ئون ئۈچ سوم تۆلىمىسەڭ بىر مو يەرگە ئۇرۇق چۆكۈرەلمەيسەن. بىر مو يەرگە پاراق بەش سوم، يەر ھەققى ئون ئىككى سوم، مەجبۇرىيەت گۆڭ توققۇز سوم، كومبايىن ئورۇمى ئون بەش سوم، بىر مو يەرگە يېگىرمە كىلو خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىسەن. بىر كىلوسى بىر سوم ئەللىك تىيىندىن ئوتتۇز سوم، ئورىيادىن يېگىرمە كىلو بېرىسەن، بىر سومدىن يېگىرمە سوم، جەمئىي ئەللىك سوملۇق ئوغۇت بېرىسەن. ئورىيا چېچىش ھەققى ئۈچ سوم. شۇنداق قىلىپ سالام كاۋا بىر مو يەرگە بىر يۈز ئون ئىككى سوم خەجلەيسەن. بىرلىك مەھسۇلاتىڭ ئالتە يۈز جىڭدىن ئاشسا، بىر مو يەردىن ئالىدىغان پايداڭ ئاتمىش سەككىز سوم بولىدۇ. سېنىڭ بىر يىللىق ئەمگىكىڭ قانچە بولىدۇ؟ ئون مو يەردىن ئالتە يۈز سەكسەن سوم، ئوتتۇز مو يېرىڭدىن ئىككى مىڭ قىرىق سوم كىرىم بولىدۇ. بۇ يەرگە سەن تۆت جان ئادەم سەككىز ئاي يەنى ئىككى يۈز قىرىق كۈندىن توققۇز يۈز ئاتمىش كۈن ئىشلىدىڭ دەيلى، شۇ چاغدا سېنىڭ كۈنلىكىڭ ئىككى سوم ئون تىيىن ئەتراپىدا چۈشىدىكەن. ھازىرقى زاماندا ئىككى سوم دېگەن قانچىلىك پۇل؟ ئۆز ۋاقتىدا مەن بۇ دادۈيدە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلىگەندە، بۇ يەرنىڭ كىرىمى بىر گۈڭگا ئۈچ سوم يەتمىش تىيىندىن چۈشۈپ دېھقانلارنىڭ قازىنىمۇ، چۆمۈچىمۇ ماي بولغانىدى. ئۇ چاغدىكى ئۈچ سوم يەتمىش تىيىنغا يېرىم پاخلان، ئېپىنى تاپساڭ بىر پاخلان كېلەتتى. ھازىرچۇ؟ ئىككى سوم دېگىنىڭ ئىككى زىخ كاۋاپ. سالام ساڭا ئوخشاشلاردىن مۇشۇ مەھەللىدىلا قانچىسى بار؟ بۇ بىچارىلەر نېمە كويدا، باشلىقلار نېمە كويدا؟ ئۆيلىرىنى چاقماق ئاسان، سالماق ئاسانمۇ؟ سېنىڭ تۆت ئېغىز ئۆيۈڭ چېقىلسا يېڭى ئۆي سېلىشقا قۇربىڭ يېتەمدۇ؟ يەتمەيدۇ، مۇتلەق يەتمەيدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت، كەنتلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرى مەن قىلغان

ھېسابنى بىلەمدۇ؟ ياق، بىلمەيدۇ ھەم ھېسابلىمايدۇ. ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يەتكۈزىمىز دېيىشتىن باشقا نېمىنى بىلىدۇ؟ ئورتاق كىرىم بىر مىڭ بەش يۈز سوم بىلەن ئىككى مىڭ سومغا يەتسە ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يەتكەن بولارمىش. ھازىرقى قەدەم بىلەن بۇ سەۋىيىگە يەتكىلى بولامدۇ؟ ياق، مۇتلەق! ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا مەن كوتۇلدىماي، يۇقىرى - تۆۋەن يۈگۈرمەي قانداق قىلاي؟

دوستىنىڭ قوللىرىنى شىلتىپ، بوم ئاۋازدا ۋارقىراپ سۆزلىگەن ئۇزۇن سۆزى سالام كاۋىغا چالا - بۇلا يەپ قالغان مەززىلىك كاۋاپتەك تېتىدى - دە، ئۇ ئاغزىنى تامشىپ قويۇپ:

— سېنىڭ دېگەنلىرىڭ ھەق گەپ. سېنى كاسكا دېگەننىڭ ئاغزىغا ياراچىقسۇن. سەن كاسكا ئەمەس، سەن راستچى. بىراق راست گېپىڭ ئاقمايۋاتىدۇ - دە، ئاداش...

— ئاقىدۇ، مەن ئاققۇزىمەن. بۇ يەردە ئاقمىسا ئۈرۈمچىدە ئاقىدۇ، ئۇ يەردە ئاقمىسا بېيجىڭدا ئاقىدۇ. ئويلىمامسەن، قاش دەرياسىدىن ياندىما ئۆستەڭ ئايرىغان كىم؟ بىز. ئۇ ئۆستەڭدىن توك چىقاردى. ئىككى يەرگە ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇردى، بىزگە توك يوق. بىز بىر تىيىن ھەق ئالماستىن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئون ئىككى يىل ئىشلىدۇق. كەتكەن گۈڭلا ئوتتۇز - قىرىق مىڭ. ئاشلىق، پۇلچۇ؟ ئۆستەڭنى بىز پۈتتۈرىمىزۇ، ئۇنىڭ بىر ئېرىق سۈيىنى بىر سائەت ئىشلەتكەنگە كېچىسى بەش سوم، كۈندۈزى يەتتە سوم تۆلەيمىز. بۇ ھېسابنى ئاڭلىسا بىزنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمىز چوقۇم ھالىمىزغا يېتىدۇ، سالام. مەن چوقۇم گېپىمنى ئاقتۇرىمەن!

— چوقۇم، چوقۇم دەۋەرمىسەڭا، سەندە يە ھوقۇق بولمىسا. ھازىر دېگەن قۇرۇق گەپكە ئەمەس، تامغا باسقان قەغەزگە ئىشىنىدىغان گەپ.

— مانا شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارغانىدىم. ھېلىقى ئازات ئىسمىن دېگەن ھارسى دوكلات يېزىش بۇياقتا تۇرسۇن، تېخى مېنى: «بۇزغۇنچى» دېمەمەدا. ئۆيلەرنى بۇزسا، ئۇ بۇزدى. مەن بۇزۇشنى توختاتتىم شۇ. تراكتور، تۈيتۇجىلار كەلسە بىرىنچى بولۇپ تاپىنىدا مەن ياتىمەن. مېنىڭ قىرىق يىللىق ئۆيۈمۇ، ئاتمىش يىللىق بېغىممۇ بۇزۇلغىدەك. «گۈيخۇا» مىش تېخى. كوچىلار تۈز بولمىسا نېمە بوپتۇ. ئەگرى بولسا نېمىگە زىيان؟ ھەسەن - ھۈسەنمۇ، دەريالار ئۈستىدىكى كاتتا كۆۋرۈكلەرنىڭ كونگورىسىمۇ ئەگرىغۇ، ئۇلار سەتمىكەن؟ مېنىڭ ئۆيۈم مېنىڭ بەدىنىم بىلەن ئوخشاش. بىر ئۆمۈر مۇشۇ ئۆيىنى پىرقىرىدۇق، بىزنىڭ بەختىمىز مۇشۇ ئۆيدە. بىر ئۆمۈر تاپقان-تەرگىنىمىز، مېھرى - شەپقىتىمىز مۇشۇ ئۆيگە سىڭگەن. لېكىن ھازىر ھېسسىياتنىڭ بازىرى يوق، ھېسسىيات - مۇھەببەت بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ. دېھقاننىڭ روھى بىلەن كىم ھېسابلىشىدۇ، دەيسەن. لېكىنزە، شۇنداقتىمۇ بىز ئادەم، ھېچ بولمىسا، بىزگە ياخشى گەپ قىلىپ، تەسەللىي بېرىشى لازىم - دە. «بەش كۈن سۈرۈڭ بېرىمىز. ئۆيۈڭنى قۇرۇۋقدايسەن. بەش كۈنگىچە ئۆيۈڭ قۇرۇۋقدالمىسا، تەئەللۇقاتىڭنى تاملارغا قوشۇپ تۇرتىمىز!» دېگىنىنى قارىمامدىغان. بىز دۇنيادا ياشىغىنىمىز ئۈچۈن گۇناھكار - ھە؟ ياق، باشقىلار بۇنداق بۇيرۇقنى ئاڭلىغىنى بىلەن، مەن ئاڭلىمايمەن.

ئۇلارنىڭ يېنىغا كەنتلىك ھۆكۈمەتنىڭ

كاتىپى كەلدى:

— نىزامىددىنكا، يېزىلىق پارتكوم سېكـ
رېتارى سىز بىلەن سۆزلەشمەن دەپ ما ـ
شىنا ئەۋەتىپتۇ.

نىزامىددىن قېشىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ
يۈرۈپ كەتتى. سالام كاۋا دوستىنىڭ سەل
دۈمچەك، يوغان گەۋدىسىگە ئۇزاقىچە قا ـ
راپ تۇردى ـ دە، ئۆزىچىلا سۆزلىدى:

— يۈز ياشقا كىر ئىلاھىم. سەن ئۆلۈپ
قالساڭ، راست گەپ قىلىدىغانلارمۇ ئۆلۈپ
تۈگىگەن بولىدۇ. سىنى كاسكا دېگەنلەرنىڭ
تىلى كۆيسۇن. سەن كاسكا ئەمەس، ھەق
گەپ ئۈچۈن يارالغان نوچى!

شۇ كۈنى كەچ بۇ «نوچى» ھې ـ
لىقى ماشىنا بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە
كەتتى ـ دە، سالام كاۋا يېرىم كېچىگىچە
يولغا قارىسىمۇ ئۇ قايتىپ كەلمىدى.
ئاخىر سالام كاۋا نىزامىددىننىڭ كىچىك
ئوغلىنىڭ موتسىكلىتىغا مىنگىشىپ يېزىلىق
ھۆكۈمەتكە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار نىزامىددىننى ھېچنەدىن تاپالمىدى.
پارتكوم شۇجىسى — چېچىنى چىرايلىق
مايلاپ تاراپ، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈ ـ
دىغان، تانسىغا ئامراق، لېكىن «پېچىدقى
كېسىدىغان»، ئوچۇق سۆزلۈك يىگىتمۇ نە
ئىشخانىسىدىن، نە ئۆيىدىن تېپىلمىدى.

ئىلى ۋادىسىدا مانا ئۈچ كۈندىن بۇ ـ
يان يامغۇر ياغماقتا، چەشلەنگەن بۇغداي ـ
لار سۇغا چىلاشتى، ھەتتا كۆكۈرۈپ ئۈنـ
دۈرمە بولغانلىرىمۇ بايقالدى. ئادەملەر
ئۆيلىرىدىن باش چىقىرالمىدى. قارتا ئويـ
ناشنىڭمۇ مەززىسى قالمىدى. ھاراقكەشلەر ـ
گىملا بۇنداق كۈنلەر كۆڭۈللۈك. ئۇلار
پەمىدۇر ـ لازا بىلەنمۇ، بىر ـ ئىككى
تۇخۇم بىلەنمۇ، ياكى قولىدا بارلىرى بىـ
رەر پاخلاننى سويۇۋېلىپمۇ مەززە قىلىۋې ـ
رىدۇ. ئۇلار ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ
كەتسىمۇ، ئايالى تۇترۇق قىلغۇدەك قۇرۇق
ئۇتۇن قالمىدى، دەپ زارلانسىمۇ، بوسۇ ـ
غىسىغا توپلىنىپ، چورۇكلىشىۋاتقان ئۇش ـ
شۇك چۈجىلىرى قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ
كەتسىمۇ، مەزىن ئاخۇنۇم: «خالايىق، زارا
ختمە قىلىپ خۇدادىن يامغۇرنى توختىـ
تىشنى تىلەيلى» دەپ كوچىمۇ كوچا ۋار ـ
قىراپ يۈرسىمۇ، قاقاقلاپ كۈلۈپ ئىچىۋې ـ
رىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن دۇنيادا غەم ـ قايغۇ
يوق، ئۇلار ئۈچۈن ھەممىلا نېمە كۆڭۈل ـ
لۈك. ئۇلار غىلتاڭ يەردە تېپىلىپ ئوڭدى ـ
سىغا چۈشسىمۇ پاتقاقتا ئېغىناپ كۈلۈۋې ـ
رىدۇ. سەل ـ پەل ئەس ـ ھوشى جايى ـ
دىراق بىرسى:

— بۇغدايلارنى ھۆكۈمەت ئالمىسا، بۇنى
ئاز دەپ يامغۇردا ھۆل بولۇپ سېسى ـ
ۋاتسا... — دەپ كۆڭۈلسىز تېمىدا گەپ باشلى ـ
سا، يەنە بىرسى:

— بۇغداي بولمىسا قوناق بار، پارتىيە
بار، ھا ـ ھا ـ ھا... ئۆلۈمدىن باشقىسى
تاماشا، — دەپ كۆڭلى مەيۈسنىڭ مۈرىسىگە
ئۇرىدۇ ـ دە، — بۇ ئۆينىڭ ئايالى بىر
قارا بورانغۇ، جۇرۇڭلار بىزنىڭكىگە، قوي
بولمىسا موزاينى سويىمەن. بىزنىڭ خو ـ
تۇن خۇدانىڭ مۆمىنى، موزاي بولمىسىمۇ
ئىنىكىنى ساغىۋېرىدۇ، — دەيدۇ تارانچىغا
خاس مەردلىك بىلەن.

— موزاينىڭ تېرىسىگە زىغىر پاخلىنى
تىقىپ كالىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرسە،
ئىنەك بىچارە بالام دەپ تۇلۇمنى يالاپ
تازا ئىۋىپ بېرىدۇ ـ ھە!... ھا ـ ھا ھا...

— سېنىڭ خوتۇنىڭ سېنىڭ يالغان
ۋەدىلىرىڭگە ئىۋىپ بەرگەندەك ـ ھە...
ھا ـ ھا ھا...

— بۈگۈن بۇنىڭ دېرىزىسىنى مارايلى،

خوتۇنىنى يەنە ئېمىلەرنى دەپ ئالدايدىكىن:
جېنىم، جېنىم ئالتۇن سىرغا ئېلىپ بېرەي دې-
سە ئايالى سىرغىنا نەمەس زىرە، دەيدۇ
تېخى، ها - ها - ها...

سالام كاۋا ساقىلىنى تىترىتىپ ئەنە
شۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈلمەكتە. ئۇ، ئېتىز-
دىكى ئازراق، يېپىقسىز بۇغدىيى بىلەن،
ئىككى نەۋرىسىنى قۇچاقلاپ، سەنسەن جۇ-
ۋىغا ئورۇنۇپ، يامغۇر ئۆتۈپ سۇغا چىلاش-
قان ئۆيىنىڭ قۇرۇق قالغان بۇلۇڭىدا دۈگ-
دىيىپ ئولتۇرغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى
قانداق ئۇنتۇغان بولسا، ۋاپادار دوستى
نىزام كاسكىنىمۇ شۇنداق ئۇنتۇغان. ئۇ-
نىڭ قەلبىدە ھازىر خۇشاللىقتىن باشقا
نەرسە يوق. ئۇنىڭ تىلەيدىغىنى باشقا
ھېچنەرسە ئەمەس، ئاۋۇ ۋات - ۋاتنىڭ
قولىدىكى رومكا. ئاشۇ رومكا تېزراق ئال-
دىغا كەلسە، ساقاللىرىنى تىترىتىپ، چىرا-
يىنى قازان يۇغۇچتەك پۈرۈشتۈرۈپ بىر
ئىچىۋالسىلا بولاتتى. لېكىن قىرىشقاندەك،
ئولتۇرغان مەستلەر ئۇنىڭ نەپسى بىلەن ھې-
سابلاشمايۋاتىدۇ. بۇ مەستلەرمۇ ئۇنىڭ ئوغۇل-
لىرىغا ئوخشايدىكەن، ئوغۇللىرىمۇ ئۇنىڭ
ئارزۇسى بىلەن ھېسابلاشمىغان ئەمەسمىدى؟

يامغۇر شارقىراپ ياغماقتا، ئۆيلەردىن
يامغۇر ئۆتمەكتە، توخۇلار قاقىلداشماقتا.
ئادەملەر ئۆيلىرىدە قۇرۇق نان بىلەن
سوغۇق سۇ ئىچىپ بىر - بىرى بىلەن
ئورۇشماقتا. ئورۇلمىغان بۇغدايلارنىڭ مې-
سىللىرى ئىۋىپ، باشلىرى يەرگە چاپلاش-
ماقتا. يەرلەر ئىۋىپ، ھەممىلا زىرائەتنىڭ
تۈۋى بوشاپ، زىرائەتلەر قىيسايماقتا. ئىلى
ۋادىسىدا ئالتە ئاي يازدىن بېرى كۆرۈل-
مىگەن كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولغان. قىيان-
دىن لېيىغان دەريانىڭ سىلىرغۇچ سۈيى
خەلق زارىغا مۇڭ قوشۇپ دەرلىك
شارقىرىماقتا:

يېرىم كېچە، بۇلۇتلۇق ئاسمان بىلەن،
يۇمشىغان يەرنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئادەملەر-
دىن بىزار بولغاندەك، يەر شارىنىڭ قور-
ساق كۆپۈكىنى مۇشۇ گۈزەل ۋادىنىڭ
كۆز يېشى بىلەن ئادەملەر چۈشىنىۋاتقان-
دەك، بىر چوڭ ۋەھىمە، ئەندىشە قاراڭغۇ
تۈندە چېچىپ يۈرۈپتۇ. بۇ ۋەھىمىنى سالام
كاۋا تالاغا چىقىپ تونۇرنىڭ يېنىدىكى
ئېرىقتا دومىلاپ چۈشۈپ پاتقاقتا خېلى
ۋاقىت ياتقاندىن كېيىنلا چۈشەندى: «بۇغ-
داي تۆكۈلدى، مومايچۇ؟ ئۆيدە يە تۇز،
يە چاي، يە كىرىسىن يوق ئىدى. نانمۇ
تۈگىگەن، قۇدۇقتىن كىم سۇ تارتىپ بەر-
گەندۇ؟ باللار بىكۆيۈم. ئالاقانجىق ئۇلار-
دىن ياخشى. يامغۇردا ھەقچان بوسۇغىغا
بېشىنى قويۇپ ياتقاندۇ. لېكىن ئۇ موماي
بىلەن ئىككى نەۋرىنى كىمدىن قوغداي-
دۇ؟ ھېچنېمە قالمىغان ئۆيدە ئۇ نېمىنى
ساقلايدۇ؟ قېرىغىنىنى بىلمەيدىغان كاۋا،
ھاراق ئىچكىنى نېمىسى دېيىشىدۇ، تېخى!
تازا قىران چاغلىرىم زاغرا غاجاش بىلەن
ئۆتۈپ كەتتى. ئەجەب شۇ چاغدا ئادەملەر:
سالام كاۋا نېمىشقا ياپياش تۇرۇپ ھاراق
ئىچمەيسەن دېمەپتىكىنا؟ بىزنىڭ ئادەملى-
رىمىز ئىچ ئاغرىتىشقا قارىغاندا تىللاشقا
ئۇستا. نىزام كاسكا نەدە يۈرۈدىغاندۇ. ئۇ،
بۇ توپان سۈيىدە جەزمەن نوھ ئەلەيھىس-
سالامنىڭ كېمىسىگە چىقىۋالدى. ئۇنىڭغا
بالايۇ - قازا يوق، ئىزدىسىمۇ ئۇنىڭغا
ئاپەت تېپىلمايدۇ. ئۇنىڭ باللىرى بالا
ئەمەس قانات، ئەقىل، يۈرەك، ساپ قان.
بالا دېگەن شۇنىڭ باللىرىدەك بولسا.
زاۋۇتلىرى، ماشىنا، پوت - پوتلىرى، مو
بېشىغا مىڭ جىڭدىن بۇغداي بېرىدىغان
ئېتىزلىرى بار. ئۇ ئالىقاچان خامانلىرىنى

ئېلىپ بولدى، ئېتىزىدا بىر تال دانمۇ
قالمىدى. بۇغداي ئېگىزلىرىدىكى قاشقا
بېدىلىرى موزاي چۆكۈرگىدەك بوپتۇ. ھەي
نىزام، ھەي نىزام، نېمەڭگە نېمەڭ يەتمەي
قاترايسەن؟ بىزدەكلەرنىڭ غېمىنى يەپمۇ؟
ئاتاڭغا رەھمەت. سەن بولغان بولساڭ مېنى
مۇنۇ كارىزدىن يۆلەپ چىقىرىپ قوياردىڭ.
ئېسىت، پۇتۇم مىدىرلىمايدىغۇ؟ قوللىرىمدا
نېمىشقا جان قالمىدى؟ ھاراق دېگەن جان
بىلەن ئېتىشىدىغان نېمىمۇ نېمە؟ تىلىمغا
نېمە بولدى؟ گەپكە كەلمەيدىغۇ؟ ئاتمىش
تۆت يېشىدا ھاراق ئىچكەنلەر يالغۇز مەن ـ
مىدىم. قەمىرىددىن دولخاي، قاسىم تەخەي،
ماناپ مەدەك، ئىمام قاشقالىقلارمۇ بىللە
ئىچىشتى، ئۇلارمۇ ئاتمىشتىن ئاشقانلارغۇ...
قاچانغىچە ياتارمەن، مەنمۇ بۇغدايلىرىمدەك
سېسىپ كېتەرمەنمۇ؟ مانا، تىترەك باستى،
قېنى، بايا ئىچىمدە يانغان ئوت؟ ھەي
‹ئىلى داچۇ› ھالىڭ شۇنچىلىكمىدى، سىم ـ
سىم يامغۇردا شامنىڭ ئوتىمۇ ئۆچمەيدۇ.
سېنىڭ ئوتۇڭ مانا ئۆچۈپتۇ. توخۇ چىلـ
لاۋاتىدۇغۇ، خۇداغا شۈكرى، قۇلىقىم
ساقكەن.»

يامغۇر كۈچەيمەكتە. ئۇ چىلاڭقىراشتىن
شار ـ شارغا ئۆزگەردى. كوچىلاردا غايىبـ
تىن ئېقىن يوللىرى پەيدا بولدى. كارىزـ
ئويمانلار كۆلچەكلەرگە ئايلاندى. ئۆيلەر
بىلەن تالانىڭ پەرقى ئازايدى. بولۇپمۇ
نامراتلار ئۈچۈن بۇ پەرق تېخىمۇ ئازـ
بېلىنگىچە سۇغا چىلىشىپ ئۇز ـ ئۇزىگە
سۆزلەۋاتقان سالام كاۋىنىڭ كۆزلىرىدىن
تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى. دومىلاپ باقتى،
ئۇ، دۈم بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئېغىز ـ
بۇرنىغا قىغ بىلەن ئارىلاشقان يامغۇر
سۈيى كىردى. ئۇ يەنە پىچىرلىدى: «پاھ،
ئىلى داچۇگە تويۇدىغان بولدۇم، نېمانداق

قائىسىق بۇ ... چۈي ...» ئۇنىڭ تىلى
«دا» غا كەلمىدى؛ «دىلەيسە، دىلەيسە
نەدىسەن!» دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. لېكىن
ئۇنىڭ ئاۋازىنى پەقەت ئۇ قۇچاقلاپ ياتـ
قان يەردىن باشقا ھېچكىم ۋە ھېچنېمە
ئاڭلىمىدى.

3

موتىسكلىت ھېلىدىن ھېلىغا ئۆچۈپ قاـ
لىدۇ ـ دە، مىنگەشكۈچى:

— بالام، ئۆگەنگەنمىدىڭ زادى؟—
دەپ قويىدۇ.

— ئۆگەنگەن دادا، مۇنۇ يامغۇر...

— يامغۇر بۇ نېمەڭنىڭ ئۇچەي ـ قېـ
رىنىغىمۇ ئۆتۈپ كەتتىمۇيە؟

— مانا، ئوت ئالدى دادا، ماۋۇ تۇتـ
قۇچنى چىڭ تۇت، يول غىلتاڭ، تېيىلىپ
ماڭالمايۋاتىمەن!

— ئېتىز يوللىرىنىمۇ سېمونت قىلىپ
بەرسەك بولغىدەك ـ دە، ساڭا، بالام. چىـ
رىغىڭنى ئۆچۈرمە، ئىنئامىددىن، ياندۇر.
ئەنە ئاشۇ سالام كاۋىنىڭ بۇغدىيى.

تاشيولنى خامان قىلىشقان دېھقانلارنىڭ
چەش بۇغدايلىرى موتىسكلىت چىرىغىنىڭ
يورۇقىدا ھەيۋەتلىك، قەبرىستانلىقتەك
كۆرۈندى: بۇ «قەبرە» لەرنىڭ بىرلىرى
يوغان، بىرلىرى كىچىك، ھەممىسى ئاق
سۇلياۋ بىلەن يېپىلغانىدى، بىرلا ئەڭ كىچىك
«قەبرە» ئوچۇق تۇراتتى. موتىسكلىتنىڭ
كەينىدىكى ئادەم خۇددى قازاغا يولۇققان
بالىنى قۇتقۇزۇشقا يۈگۈرگەن پىداكاردەك
چەشنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە،
بۇغدايغا قولىنى تىقتى:

— ئىنئام، بول بالام، ھېلىقى سۇلياۋـ
نى ئەكەل، ئىككىلىك نەم ئۆتۈپتۇ. چۆمـ
كەپ قويايلى.

ئاتا ـ بالا ئىككىسى سۇلياۋ بىلەن

ئوچۇق قالغان بوغدايىنى چۆمكىدى - دە، دادا بالىسىغا بۇيرۇق بەردى:

— ئەمدى پوت - پوتۇڭنى بۇنىڭ ئۆيىگە ھەيدە!

يامغۇر ئۇلارنىڭ ئۈستىگىمۇ قۇيۇلماقتا، لېكىن ئۇلار يامغۇرلۇق چاپان ئىچىدە. ھۆل ئازابىدىن خالىي.

— مۇتىسىكلىت قېرى موماينى ئېلىپ ماڭالايتتىمۇ؟

— ماڭ بالام، ماشىناڭنى ئەكەلگىن؛

يامغۇر سۇلىرى ئېرىقلاردىن تېشىپ، ھويلىلارغا تۇشۇپ، كوچىلاردا ئاقماقتا، كۆل بولۇپ ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا پارقىرىماقتا. مەھەللە ئۆيلىرىدىن نالە - پەرياد ئاڭلانماقتا. نەلەردىدۇ گۈپۈلدەپ كونا ئۆيلەرنىڭ تاملىرى ئۆرۈلمەكتە. ماشىنا تۆمۈر دەرۋازىلىق، كوچىغا قارىغان دېرىزە قاپقىلىرى ھەم ئېتىلگەن، ئويغۇر نەققاشچىلىقىنىڭ ئۆلگىلىرى مۇجەسسەملەشكەن، خىش تاملىق - بەخىرامان - خاتىرجەملىكتىن دېرەك بېرىپ تۇرغان قورۇ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دەرۋازا پېشانىسىدىكى چىراغ ياندى. «مەھەللىنىڭ ھېچنەرىدە توك يوق، سىلەرنىڭ ئۆيدىلا بار - ھە؟— دېدى ئايال ماشىنا كابىنكىسىدە يېنىدا ئولتۇرغان مېھرىبان ئادەمگە شىۋىرلاپ،— نىزام جۇيجاڭ، ھە، ياق، نىزامىددىن، بىزنىڭ ھېلىقى تەنتەك بوۋاي نەلەردە يۈرۈدىغاندۇ. خامانغا بارىمەن دەپ چىقىپ كەتكەنچە ھازىرغىچە يوق...»

— ئەنسىرىمە دىلەيسەم، ئۇ بار. پوشكالغا ئوراپ تاشلاپ بەرسىمۇ ئىت يۇراپ قويمايدىغان ئېرىڭدىن ئەنسىرەپ كەتكىنىڭنى قارا. بىزنىڭ ئۆيلەردە توكمۇ بار. سېنىڭ كۆز يېشىڭچىلىكمۇ تامچە ئۆتمىدى. نەۋرىلىرىڭ بىلەن يامغۇر توختىغىچە، ھە، ياق، ھېلىقى كاۋا ئىزدەپ كەلگىچە تۇرغىن. مېنىڭ ئۆيۈم سېنىڭ ئۆيۈڭ. ئەمما مېنىڭ يانچۇقۇم سالام كاۋىنىڭ ئەمەس.

يامغۇرلۇق يېزا كوچىسىدا ماشىنا ئويناقتىن - بۇيانقا تولا ئۆتتى. مەھەللە مەسچىتى چېدىرچىلاپ يېپىلغاچقا، يامغۇر ئۆتمىدى. بۇ «خۇدانىڭ ئۆيى» مۇ، كەنتلىك ھۆكۈمەتنىڭ مايلىق سۇلياۋ بورا سېلىنىپ يېپىلغان يېڭى ئۆيلىرىمۇ ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلا بىلەن تولدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرى، كەنت رەھبەرلىرى پاتقاقتا مېلىنىپ كېچىچە ئۆيمۇ ئۆي يۈگۈرۈشتى. بۇ ئىشلارنى تەشكىللىگۈچى نىزام كاسكا بىردەم ماشىنا بىلەن، بىردەم مۇتىسىكلىتقا مىنگىشىپ كېچىچە پۈتىمۇ ، ئاغزىمۇ تىنماي ھېرىپ - چارچىدى - دە، ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدە ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى ئىنئامىددىن دادىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ چاپىنىنى يېپىپ قويۇپ نىكاھلانغىنىغا تېخى ئەمدىلا بىر ئاي بولغان چىرايلىق ئايالىنىڭ قوينىغا كىرگەندە ئىشىك قېقىلدى:

— دادا، مانا ھازىر! — دېدى ئۇ يېڭىلا ئويغانغان ئايالىنىڭ نازلىق يۈزىگە سۆيۈپ قويۇپ، — خەپ، مۇشۇ دادامنى!

— بول، ماشىناڭنى ئوت ئالدۇرغىن، سالام كاۋىنى دوختۇرغا ئاپىرىمىز!

ئىنئامىددىن چىققاندا ئادەملەر ماشىنىنىڭ كوزۇپىنى بېرزېنت بىلەن يېپىپ، تېگىگە قۇرۇق پاخال بىلەن تېكمەت سېلىپ چىلىق - چىلىق سۇ، بىھوش سالام كاۋىنى ياتقۇزۇپ قويۇشۇپ گۇدۇڭلاشماقتا ئىدى. نىزام دوستىنىڭ بېشىنى يۆلەپ:

— ئۆلمەيسەن، سەن كاۋا ئۆلمەيسەن،

دوختۇردا يېتىپ جېنىڭ ئارام تاپىدىغان بولدى، تەلەيلىك كاۋا، — دەپ بىھوش ئادەمگە چاقچاق قىلماقتا ئىدى.

— ئاۋۋال ياتقۇز، ئاندىن پۇل ئال. ئەزرائىل جاننىمۇ ئاۋۋال ياتقۇزۇپ ئاندىن ئالىدۇ. نېمە؟ ياجىن دېگىنىڭ نېمە ئۇ، مە، مونۇ بەش مىڭ سوملۇق چەكنى بويۇنۇڭغا ئېسىۋال. بېتىيوندىن ئۆگەنمىسەڭمۇ مېنىڭدىن ئۆگەنگىن - دە! مەن جېنىمدا بىھوش ئادەمدىن پۇل سورىمايمەن!

— بۇ دېگەن تۇزۇم، نىزامىددىنكا!

— قىرىق - ئەللىك يىللىق ئۆيلەر ئۆرۈلۈۋاتىدۇ، سېنىڭ تۇزۇمىڭ ئۆرۈلمەيتتىمۇ؟ بول، ئاسما ئوكۇل، ئوكۇلمىگىن - پوكسىگېنلىرىڭنى تېز ئەكەل، مىڭ سوم تۇگۇل ئونمىڭنى ئالساڭمۇ مانا مەن كېپىل!

دوختۇرلارنى ماشىنا بىلەن ئەكەلگەنمۇ، ئۇلارغا بىردە ۋارقىراپ، بىردە چاقچاق قىلىپ، بىردە يالۋۇرۇپ ئىشقا سالغانمۇ ئاشۇ نىزام كاسكا بولدى. ئۇ ئەتىگەنلىكى سالام كاۋىنىڭ تېخىمۇ قورۇلۇپ، قارىداپ كەتكەن چىرايىدىكى ئۆچەي دەپ قالغان شامدەك نىمجان كۆزلىرىدە كۇلكە ئۇچقۇنلىغاندا، كىچىككىدە بىللە ئوينىغان دوستىغا چاقچاق قىلدى:

— مانا، مانا پىخسىق خوتۇن ئۈچ يىل ئىشلەتكەن ئاغىچا يۇغۇچقا ئوخشىدىڭ، ئەمدى ئۆلمەيسەن، ئەمما بىر ئاي مىدىرلىماي يات. بىلەمسەن، سەن ئەقىل راكى بوپقاپسەن. راكىنىڭ ئەقىلگە چۈشكىنى ئەڭ يامىنى!

ئۇ كەچكىرگىچە سالام كاۋىنىڭ يېنىدا بولدى. كەچتە سالام كاۋىنىڭ يېنىغا ھەسەن تۇلكە بىلەن قۇرۇۋان كۆسەي گۆش - شورپا ئېلىپ يوقلاپ كىرىشتى.

— تامىقىنىڭ ھۆددىسىدىن مەن چىقاي، — دېدى قۇرۇۋان كۆسەي ئۆزىگە خاس مىجەزى بىلەن چوڭ كەپ قىلىپ، — ئۇلا گۆشى يەيمەن دەمسەن، يە ياۋا تېكىنىڭ قامچىسىنىمۇ؟

— بۇنىڭغا ئەركەك قوزىنىڭ شورپىسى بىلەن قۇشقاچ تۇخۇمى دورا، — دېدى نىزام كاسكا قاقاقلاپ كۈلۈپ، — دىلەيسەم قېرىغىنىمدا بىر قىز تۇغۇۋالمىسام بولمىدى دەپ قاقشىغىلى نېكەم! ئوغۇللىرىدىن ۋاپا كەلمىدى - دە!

— ياق، ياق، بۇنىڭغا تۇلكە قامچىسى تازا دورا، ھا - ھا - ھا، — ھەسەن تۇلكىمۇ كېسەلگە چاقچاق قىلدى.

— ھى - ھى - ھى ...

— كۆردۈق، — دېدى سالام كاۋا كۈلكە ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئارانلا ئېڭىراپ، — ئەزرائىل، جەۋرائىل دېگەنلىرىڭمۇ چاغلىق ئوخشايدۇ. تىماقچىلىك قالغان جاننىمۇ ئالالمىدى ... ھى - ھى - ھى ...

— ھا - ھا - ھا ...

— ھى- ھى - ھى. جېنىڭنى بەرمە كاۋا، جېنىڭغا رومكىغا يېپىشقاندەك مەھكەم يېپىشىۋال.

— بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دېدى سېستىرا قىز كېسەل كارتوچكىسىغا يېزىۋېتىپ.

— تولۇق ئىسمىنى يېزىڭ بالام، — دېدى نىزامىددىن كېسەلگە لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — تولۇق ئىسمى ئابدۇللاسالام ئابدۇراخمان.

— نېمانداق ئۇزۇن ئىسىم بۇ؟ — دېدى قىز كۈلۈپ.

— ئېرىنىسىڭىز، قىسقىلا قىلىپ «كاۋا» دەپ يېزىپ قويۇڭ.

دىلكەشلەرنىڭ پاراڭ تېمىسى باللارغا يۆتكەلدى.

— تۇرسۇن قوتاز نوغلىنىڭ ئۆستىدىن
سوتقا ئەرز بېرىپتۇ.
— ئىسراپىل بەزچىۇ تېخى، نوغلىنىڭ
ئۆستىدىن ئەرز بېرىپ: «ئېتىپ بەرمە-
سەڭلار رازى ئەمەسمەن» دەپتۇ.
— ئۇنىڭ ئوتتۇرانچىسىمۇ دادىسىنىڭ
ئۆستىدىن ئەرز سۇنۇپتۇدەكقۇ؟
— نېمە بولىۋاتىدۇ بۇ جاھان!
— باللار بۇزۇلىۋاتامدۇ، دادىلارمۇ؟
— دادىلارنىڭ كۆزى ئاچ، — دېدى
سېستىرا قىز چىرايلىق لەۋلىرىنى
پۇرۇشتۇرۇپ.
— باللارنىڭ ئاچ، — دېدى قۇرۋان
كۆسەي قىزغا ئاچكۆزلۈك بىلەن كۆزلىرىنى
ئوينىتىپ قاراپ قويۇپ، — يېگۈسى، كىي-
گۈسى، ئوينىغۇسىلا كېلىدۇ، ئىشلىگۈسى،
پۇل تاپقۇسى كەلمەيدۇ.
— قېرىلارنىڭ ئاچ، قاراڭ كۆزلىرىڭىز
ئادەم يەيدىغاندەك قىلىپ تۇرامدۇ؟
— قېرىلارنى ئاچ قىلىۋەتكەنمۇ ياشلار-
دە، قىزچاق!
— قىزىم ئالايماڭ! — دېدى نىزام
كاسكا بىردىنلا ئۆگەن قىزغا مۇلايىملىق
بىلەن قاراپ قويۇپ، — بۇ ئادەم قېرىلار
ياشلارنىڭ غېمىدا ئاچكۆزلىشىپ كەتتى
دېمەكچى!
قىز ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ
كەتتى. نىزام كاسكا خاپا بولۇپ قۇرۋان
كۆسەينىڭ مەگزى قىپقىزىل، بۇرۇت-
لىرى قاپقارا، چىرايلىق يۈزىگە قارىدى:
— كەنجى كېلىنىڭدەك قىزلارغا نېمى-
لەرنى دېدىڭ كۆسەي، نەپسىڭ يامانلىشىپ
كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟
— زامانىنىڭ يارىشىقى، — دېدى ھەسەن
تۆلكە خوجايىنىنى ئاقلاپ، ئۆزۈن بۇرۇتىنى
چىشلەپ قويۇپ، —قۇرۋان لاۋبەنىنىڭ ئويناش-
لىرى ساپلا ئاشۇنداق قىزلار تۇرسا!
— شۇنداقمۇ قۇرۋان، سەن كۆسەي
بۇزۇلۇپسەن - دە. بىر چاغلاردا باللىرىڭ-
غا زاغرا تېپىشنىڭ غېمىدە كۆسەي
بولغانىدىڭ، ئەمدى قىز قوشلاۋېتىپسەن-
دە؟
— ھەي، تازا ئەرزانلاشقاندا قېرىپ
قالغىنىم، تازا ئوينايدىغان گەپ ئىدى،—
دېدى ھەسەن تۆلكە غولىنى قورۇپ
ھەسرەتلىنىپ.
— نېمە ئەرزانلاشقاندا؟
— بۇرۇن نېمە قىممەت بولسا شۇ.
— قانداق تېپىشماق بۇ؟
— تېپىشماق ئەمەس، بىر ھەسرەت دېگىنە.
بىر چاغلاردا ئاياللارغا كۆز قىسىپ قوي-
سائىمۇ ئۆزۈڭنى ئۆرە تۇرۇپ تەكشۈرەيتتىڭ.
ھازىرزە، پاخلاندەكلەرنى قۇچاقلاپ يات-
سائىمۇ سوت يوق! ھەي قېرىلىق...
— ھەسەن تۆلكە، مەن سېنى ئاپىرىپ
مەھەللىگە مەزىن قىلىپ قويماسام بولمىدى.
سەنمۇ قۇرۋان كۆسەينىڭ كەينگە كىرىپ
بۇزۇلغان ئوخشايسەن. قىز راست ئېيتىپ-
تۇ. قېرىدلار بۇزۇقكەن - دە! ئەمما لېكىن
ياشلارمۇ چاتاق. يا كىتاب ئوقۇمايدۇ،
يا پارتىيىگە كىرىشكە قىزىقمايدۇ. بىزنىڭ
مەھەللىدە پارتىيىگە كىرىشكە ئىلتىماس
يازغان بىرمۇ ياش يوقكىنا، بىز ياش
ۋاقتىمىزدا ئايدا بىر ئىلتىماس يازاتتۇق.
قاچان كوممۇنىزم قۇرارمىزكىن دەپ ئال-
دىرايتتۇق. ھازىرقى ياشلار بىر يەردە
بولسا مۇھەببەت، هاراق، تانسا - دېسكو،
پۇل، كىيىم دېگەندەكلەرنىلا سۆزلىشىدىغان
ئوخشايدۇ. باللارنىڭ ھەممىسىلا چوڭ
بولغاندا قۇرۋان كۆسەيدەك، ھەسەن
تۆلكىدەك بولۇپ چىقسا قانداق بولغىنى؟
— ساڭا ئوخشاش ئاتمىش تۆت ياشتىمۇ

ئەقلى توشمايدىغانلاردىنمۇ بىرەر-يېرىمى چىقىپ قالار، تولا ئەنسىرىمە نىزامكا!

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟ ئەقلى توشمىغان سەنمۇ، مەنمۇ؟ سەن قۇرۋان كۆسەي تۆت تەڭگە پۇلنى كۆرۈپ ئاغزىڭغا كەلگەننى بىلجىرلاۋەرمە. مېنى ئەقلىدىن ئازدى، نەسىھەت قىلسىمۇ پارتىيىدىن چىقمايدۇ دېگەن گەپنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى ناكەسلەر تارقاتقان. چىقسام قانداق قىلاركىن قېنى.

سەككىز كىشىلىك ياغاچ كارىۋات قويۇلغان، كۈنگەيگە قارىغان دېرىزىلىرىدە چىۋىنلەر غىژىلدىشىپ يۈرگەن يېزا دوختۇرخانىسىنىڭ بۇ ياتىقىدىكى باشقا كېسەللەر تاماكىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي چېكىۋاتقان بۇ دىلكەشلەرنىڭ پاراڭلىرىدىن، كۈلكە ۋە چاقچاقلىرىدىن بىزار بولۇشتى - دە، بەزىلىرى كوتۇلداشتى، بەزىلىرى ئىنجىقلاشتى، بەزىلىرى دارىتمىلاشتى، يەنە بەزىلىرى:

— ئىسلىنىپ سۈر گۆشكە ئايلىنىدىغان بولدۇققۇ! — دەپ نالە قىلىشتى. لېكىن پاراڭچىلارنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى. ھەسەن تۈلكە ھەتتا:

— قۇرۋان لاۋبەن، بىر كاللا، تۆت پاقالچاق، بىر بوتۇلكا كەلتۈرەيمۇ - يە؟ — دەپ ۋارقىرىدى قاقاقلاپ كۈلۈپ، — پاراڭ قىزىغىلى تۇردى. نىزامكامنىڭ پەيزىنى ئىككى رومكىدىن كېيىن كۆرسەن.

— ئىچسەك ئىچتۇق، — دېدى نىزام كاسكىمۇ كۈلۈپ، — سالام كاۋىنىمۇ دومىلىتىپ تۇرغۇزايلى.

— كېسەللەر پىكىر بېرىۋاتىدۇ، — دېدى سېستىرا قايتىپ كىرىپ، — بالنىستا تاماكا چېكىشكە، ۋارقىراپ سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

— ھاراق ئىچىشكىچۇ؟

— بۇ يەردە دورا ئىچىشكىلا رۇخسەت!

ياتاقتا يىغلامسىراپ، ھاسىراپ دىلەيسەم كىرىپ كەلدى:

— ۋاي ئۆلەي، قانداق ھوي ئەھۋالى، يېتىپتۇغۇ بۇ راستىنىلا، نىزامكا سىز بىر كۈن يوقاپ كېتىۋىدىڭىز، سىزنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن، ئەلەمدىن ئىچكەن - دە.

— نېمە ئەلەم دەيسەن ھەدە ھۇي؟ — قۇرۋان كۆسەي گەپكە ئارىلاشتى، — سەن يا بىرسى بىلەن ...

— نېمە ئەلەم بولاتتى، — دېدى دىلەيسەم قۇرۋانغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، — ئاغنەم يامغۇردا نەلەردە يۈرىدىكىن، دەپ ئەنسىرەپچۇ؟

— بەللى، مۇنداق دەڭ، — دېدى نىزام كاسكا ئارانلا ئولتۇرغان سالام كاۋىنىڭ ئاقارغان چاچلىرى شالاڭلىشىپ، كۆتمەك سۇپۇرگىگە ئوخشاپ قالغان بېشىنى يوغان ئالقانلىرى بىلەن مۇجۇپ قويۇپ، — مېنىڭ ئامانلىقىم ئۈچۈن ئىچكەنىكەنسەن - دە، تىنمايسىنا. ئۇنداقتا، جۇرۇڭلار، بىز قۇرۋان كۆسەينىڭ ئاشخانىسىغا چىقىپ سالام كاۋىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچەيلى. ئايرىم ئۆيلىرىڭ بار دەپ ئاڭلىدىم كۆسەي، راست بولسا، بىزنى شۇ ئۆيۈڭگە باشلا. كاۋا دىلەيسەمگە ئامانەت، قاشاڭ قىڭغىراقتا چاناپ يۈرمە يەنە!

كارىدوردىن چىقىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئاخىرقى كۈلكىلىرى ئاڭلاندى. سالام كاۋا بېشىنى لىڭشىتىپ ھەسرەت بىلەن كۈلۈپ قويدى:

— بۇ يەردە ئاچچىق دورا يەپ ياتقىچە ئاشۇلار بىلەن بىللە بولسام تېزراق ساقىياتتىم.

— يەلە ئېچەمسىزا؟

— ئۇلار ئېچۈرمەي قويامدۇ، خوتۇن.

بۇ يەردە پەيشەنبىدە بازار بولىدۇ. شەھەر، يېزىلاردىن كەلگەن ماشىنا، هارۋا ۋە قىم - قىم ئادەملەر بۇ يەرنى مىسلىسىز ئاۋات قىلىۋېتىدۇ. باشقا كۈنلىرى ئاشخانىلار چۆلدەرەپ قالىدۇ. لېكىن قۇرۋان كۆسەينىڭ ئاشخانىسى باشقا كۈنلەردىمۇ ئاۋات، باس - باس: ئۇ يەردە پۇراقلىق، مەززىلىك قورۇلمىلار پۇرىقى، خېمىرچىلارنىڭ هاۋادا پۇلاڭلاتقان، ئەمەلگە ئۇرغان خېمىرلىرىنىڭ تاتىملىقى، تونۇردىن يېڭىلا ئېلىنغان ساپسېرىق تونۇر كاۋىپى، دوخۇپكىلاردىن ئېلىنىپ ئەينەكلىك ئىشكاپلارغا تىزىلغان توخۇ - ئۆردەك، غاز كاۋاپلىرى، سەي قورىغۇچىلارنىڭ كەپكۈر رىتىملىرى، تىللىق چېۋەر تاڭجاڭنىڭ تاماق بۇيرۇش، ئىشىك ئالدىدىكى كاسسىرغا باھا توغرىسىدا خەۋەر بېرىشتە «چىقىقان مېھمانىنىڭ ...» دەپ چىرايلىق توۋلاشلىرى هەر كۈنى تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. قۇرۋان كۆسەي بىر قەۋەتلىك كەگرى ئاشخانىسىنىڭ يېنىغا ئىككى قەۋەتلىك چاققان بىر بىنا سالدۇرۇۋالغان. بىنانىڭ ئاستى ماشىنا قويۇش ئۆيى ۋە ئىسكىلات، ئۈستى ئۇنىڭ ئىشخانىسى، ئۈچ ئېغىزلىق ياتىقى ۋە ئالاھىدە مېھمانلارنى كۈتۈدىغان ئالىي دەرىجىلىك مەخسۇس ئۆيلىرى.

ئۇ نىزام چۈيجاڭ (قۇرۋاننىڭ ئۆز تىلى)نى ئاشۇ ئالاھىدە ئۆيگە باشلاپ ئەپچىقتى - دە، ئۇلارغا ئەگىشىپ كىرگەن ھەسەن تۈلكىگە:

— سەن يېرىم كۈن ئازاد. سېنىڭ سەي - كۆكتات سېتىۋالىدىغان ئىشىڭنى غېنى قىلىپ تۇرىدۇ. مالايلىقتىن بۈگۈن خوجايىنلىقتا ئۈستۈڭ، بىز بىلەن بىللە ئولتۇرسەن، — دېدى.

— بۈگۈنلا مۇئاۋىن لاۋبەن دەپ ئېلان قىلساڭا، — دېدى ھەسەن تۈلكە نىزام كاسكىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، — سېنىڭ كوتۇلداشلىرىڭنى دەرىجىسى يۇقىرىراق ئادەملەرنىڭ ئاڭلىغىنى ياخشى، هازىرلا گېلىڭدىن ئىككى رومكا ئۆتكەندىن كېيىن بىر سۆزلەيسەن، دۇنيا ۋەزىيىتىدىن باشلاپ سالام كاۋىنىڭ كارىۋىتىغا كېلىپ بىراق توختايسەن. مىڭ ئېغىز گەپ قىلغان ئادەم ئۆلسە، سەن مىڭ قېتىم ئۆلگەن بولماسمىدىڭ؟

— مىڭ ئېغىز يالغان گەپ قىلغان ئادەم ئۆلىدۇ. ئەمما سەن ئاز قالدىڭ. ئۆلمەي دېسەڭ يالغاننى ئاز سۆزلە، تۈلكە.

يامغۇردىن كېيىنكى غۇلجا هاۋاسى تولىمۇ يېقىملىق. شامىلى، قويۇق دەرەخلىرى، مېۋە - گۈللىرى سېنى يەلپۈيدۇ. بەدىنىڭگە راھەت بېرىپلا قالماي روھىڭغا ئوزۇق بېرىدۇ. ھېسسىيات - ئىلھام قوزغايدۇ. سېنىڭ كۈلگىڭ، ناخشا ئېيتقىڭ، مۇھەببەت بىلەن بىرسىنى قۇچاقلىغىڭ كېلىدۇ. «غۇلجىلىقنىڭ كۈلكىسى كۆپ» بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبى مۇشۇ كىلىمات - هاۋادىمىكىن دەپ ئويلىدى، قېرىنىڭنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ بولغان نىزام كاسكا قاقاقلاپ كۈلۈپ، قۇرۋان كۆسەينىڭ ئوڭ بېقىنىغا يېنىك مۇشتلاپ:

— ئۆيۈڭ قالتىسكەن، قېنى قانچىلىك كۈتەرسەنكى، ئون يىل خىزمىتىمنى قىلساڭمۇ قىلغان ياخشىلىقىمنى قايتۇرالمايسەن. ئات يايلى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغىنىڭ، توخۇم ئوغرىلايمەن دەپ تۇڭگاننىڭ توخۇ كاتىكىگە بېشىڭنى تىقىپ، بېشىڭنى چىقىرالماي يېرىم كۈن ياتقىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟

— شۇ تۇڭگاننى سەي قورۇشقا ياللىدىم. كاپىر تۇڭگان توخۇ كاتىكىگە كىرگىنىمنى كۆرۈپلا ئاستا تۈيدۇرماي سېرىق ئىتىنى ئەكىلىپ دۈمبەمگە مىندۈرۈپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ.

— يېرىم كۈن دۈم ياتتىڭ، بېشىڭ توخۇ كاتىكىنىڭ ئىچىدە، دوڭغۇيۇپ بەردىڭ، ئىت ساڭا ئاتىلدى، ئىشتاننى سالدۇرمىغاندۇ - ھە؟

— ئىشتانغا سىيدى كاپىرنىڭ ئىتى. غىڭ قىلماي ياتتىم. ئادەملىكىمنى ئىت بىلىپ قالسا تالاپ تىتمۇۋېتىدۇ دەپ قورقۇپ مىدىر - سىدىر قىلماي ياتتىم.

— تازا قارا كۆسەيىنى ئىشقا سالىدىغان چاغ كەپتىكەن، ھەي ... ھا - ھا - ھا ...

— ھا - ھا - ھا ... ئەجەب خورلاندىما. باللار بىر ھەپتە بولغان قۇرۇق زاغرا يېگىلى. ئۇلارنى تۇخۇم يېگۈزۈپ خۇش قىلاي دېسەم ...

— ئاخىر سېنى مىنبىگىلار گۇڭشېغا ئاپاردى. سېنى مەن قۇتۇلدۇرۇۋالغاندىمەن - ھە؟

— بولدى، قويساڭا ئۇ گەپلەرنى...

— ھېلىقى چاغدا ئېشەك ئوغرىلاپ...

— ھاي تاڭجاڭ، ئۆلدۈڭمۇ، بول، چاي ئەكەل!

سافا، ئەينەك شىرە، تېگى گىلەم بىلەن بېزەلگەن ئۆيگە ناۋات سېلىنغان، ئاغزى يېپىق پىيالىلارنى تەخسىلەرگە سېلىپ چىرايلىق ئايال كىردى - دە، پىيالىلارنىڭ ياپقۇچىنى ئېلىپ قىزىق قايناق سۇ قۇيدى. مەززىلىك خېنەنداۋ ۋۇجىرشەن چېيىنىڭ پۇرىقى نىزام كاسكىنى خۇش قىلدى.

شىرەگە دەۋر تائاملىرىنىڭ كۆپى كەلتۈرۈلدى. رەسمىيەت بولۇپ قالغان بېلىق، توخۇ، تونۇر كاۋىپى، قىيما كاۋاپ، ھەتتا جىگەر كاۋاپ، باچكا گۆشلىرىمۇ پەيدا بولدى. ئادەملەرمۇ ئۈچتىن بەشكە، ئون نەچچىگە كۆپەيدى. قۇرۋان كۆسەينىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى كۇلكىسى بىر ناغرا ئاۋازى بولسا كېرەك، شەھەرنىڭ، ناھىيىنىڭ، يېزىنىڭ لاۋبەنلىرى، كادىرلىرى، زىيالىيلىرى ۋە قىزىقچى، ناخشىچىلىرىمۇ پەيدا بولدى. چۈشتىن كېيىن باشلانغان بۇ ئولتۇرۇش يۇلتۇزلار سۈزۈك ئاسماندا چىمىرلاپ، ھىلال ئاي زېرىكىپ نەگىدۇ مۆكۈنگىچە داۋاملاشتى. يېرىم كېچىدە ئادەملەر بىر - بىرىنى تونۇمايدىغان ھالغا كەلگەندىلا بىرلىرى كۈلۈپ، بىرلىرى يىغلاپ، بىرلىرى كىملەرنىدۇ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ ئاستا - ئاستا تارقىلىشتى. ئاللىقاچان سافادا ئۇخلاپ قالغان نىزام كاسكىنىڭ يېنىدا يالغۇزدىن يالغۇز ھەسەن تۈلكە ئولتۇراتتى:

— ئۇنداق يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى بىر تىيىن، ۋۇي ئاناڭنى مىڭ، نىزامىددىنكامغا گەپ ياندۇرىدا تېخى. ھازىر ئۆيۈڭگە كىرىپ قىلغانلىرىڭنى ئاغزى - بۇرنىڭدىن بۇلاق قىلىۋېتىمەن سەندەك باشلىقنى!

ئۇنىڭ نوچىلىق بىلەن قىلغان سۆزلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىمىغان ئوخشايدۇ، ھەممەياق ئۇيقۇدىكى بوۋاقتەك جىمجىت.

4

— سېنىڭ نەلەردە يۈرگىنىڭنى بىلىمەن، دادا، — دېدى نىزامىنىڭ چوڭ ئوغلى، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن كادىرى كامالىددىن دادىسىدىن رەنجىپ، - ئاشخانىدا قونۇپ قالغىنىڭ نېمىسى؟ ئاشخانا بولغاندىمۇ قۇرۋان كۆسەينىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن مەخپىي ئۆيى.

— قانداقىسىغا مەخپىي بولىدىكەن، بۇ ئىچى تارلارنىڭ تاپقان گېپى!

— دادا، سەن ئەھۋالنى بىلمەيسەن!

— بىلمىسەم ئۇ يەردە قوناتتىمۇ؟ سەن چېقىمچىلارغا ئىشىنىسەن، مەن كۆزۈمگە، ئەقلىمگە ئىشىنىمەن. سەن كامال ماڭا نەسىھەت قىلمەن دېمەي، باشلىقىڭ ئازاتقا نەسىھەت قىل. ئۇ مېنى قانۇن بىلەن قورقۇتۇپ: «بۇرۇنقى چاغلار بولسا بۇززۇق ئۇنسۇر دېگەن قالپاقنى كىيەتتىڭىز، ھازىرمۇ قانۇننىڭ بىر ماددىسىغا چۈشۈپ قالماڭ يەنە» دەيدۇ تېخى. قانۇندا بىزنىڭ يېزىنىڭ ئۆيلىرىنى چېقىپ دېھقانغا زىيان سالسۇن دېگەن گەپلەر بارمىكەن؟ ئاڭسام، گۈيخۇاچىلار تراكتور، تۇيتۇجىلىرىنى ئېلىپ يەنە بارارمىش. سەن قانۇننى بىلمىسەن، يېزىنىڭ قانۇن ئىشلىرىغا مەسئۇل كادىر سەن. ئەمدى ئۇلۇم ۋەقەسى ياكى قان تۆكۈلۈش كېلىپ چىقسا ئازاتنى سوتقا تارتىمىز. ئەتەي، ئەتەيلەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇ كۈنى ناھىيىگە باردىم. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دېھقانچىلىققا مەسئۇل شۇجىسى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، يۇقىرىدىن گۈيخۇا ئېلىپ بېرىلسۇن دېگەن يولىيورۇق يوقكەن. ناھىيىنىڭ كونا گۈيخۇاسىنىڭ ئاخىرى قالغانىكەن. بىزنىڭ يېزىلار شۇ قۇيرۇقتا باركەن. شۇنچە يىل تۇرغان گۈيخۇا يەنە بىر - ئىككى يىل تۇرسا، دېھقانلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلسا بولماسمىدى؟ پۇل تاپسا دېھقان ئۆزىمۇ جاي سالماي تۇرالمايدۇ - دە!

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن دادا ...

— ماڭ، ماڭ، ئۇنداق بولسا سەنمۇ ئۇلارغا قېتىل، قولۇڭغا تاپانچا ئېلىپ داداڭنىڭ كۆكسىگە تەڭلە!

بۇۋاي قوللىرىنى قىلىچتەك سىلكىپ بالىسىغا يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسىنى كۆرسەتتى - دە، تۆت كوچىدىن دوختۇرخانا تەرەپكە بۇرۇلۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئوغلى قاسقانلىق شەپكىسىنى تۇتقىنىچە تۆت كوچا ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپلا قالدى.

— بۇ ئادەم ھەر قانداق ئىشقا تەتۈر پىكىر بېرىدۇ.

— خاتا سۆزلىمەيدۇ، تەتۈر سۆزلەيدۇ.

— بەزىدە تەتۈر سۆزمۇ توغرا بولۇپ قالىدۇ.

......

— پەلسەپەنى قويۇپ، نىزامكام توغرىسىدا سۆزلىشەيلى. قېنى كامال: داداڭنى قانداق قىلساق بولىدۇ؟

— تاڭ! ...

يۇقىرىقى گەپلەر بايىلا يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا يىغىننىڭ ئاخىرىدا دېيىلگەن گەپلەر. كامالىددىن يىغىندا دادىسىنىڭ ئاشخانىدا قونۇپ قالغىنىنى ئاڭلىغان. يېزا باشلىقى بۇ ئىش ئۈچۈن قاتتىق خاپا بولۇپ:

— قۇرۇۋان كۆسەيمۇ ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى، ئۇ بىر چىرىتكۈچ! — دەپ ۋارقىرىغانمۇ بولدى.

باشلىقىنىڭ غەزىپى، دادىسىنىڭ غەزىپى كامالنى گاڭگىرىتىپلا قويدى. ئۇ تۆت كوچا ئېغىزىدا بېشىنى تاتلاپ تۇرۇپلا قالدى.

نىزامىددىن بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئۆزىنى يالغۇز، تايانچىسىز ھېس قىلدى. ئۇ ئوتتۇز نەچچە يىل مۇشۇ يېزىنىڭ كادىرلىرى ئىچىدە تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلدى. ئاۋۇ تېرەكلەرنى تىككەنلەرنىڭ بىرسى شۇ، ھازىر بۇ تېرەكلەر قۇچاق يەتمىگۈدەك قېرى تېرەك بولۇپ قالدى. ئۇستى چېدىرچىلاپ يېپىلغان ئاۋۇ قاتار ئۆيلەرنىڭ تېمىنى سوققان، كېسەكنى قۇيغانلارنىڭمۇ بىرسى شۇ، ھازىر

بۇ ئۆيلەرمۇ پېنسىيىگە چىققان كادىرلار-دەك بويۇن قىسىپ قاپتۇ. بۇ ئۆيلەردىكى ئاۋاتچىلىق ئەمدى ئاۋۇ ئۈچ قەۋەتلىك بىناغا كۆچكەن. بىر كۈنى نىزامىددىن ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىنى سېغىنىپ كونا بى-ناغا كىردى. ئۇ بىنا ھازىر قۇرۇلۇشچىلار، رېمونتچىلار، شوپۇرلار ئۆيى ۋە ئېلىپ - ساتارلارنىڭ مال ئىسكىلاتلىرىغا ئايلانغان. نىزامىددىننىڭ ئۇزۇن يىل ھەمراھ بولغان كۆك رەڭلىك ئېغىر ئۈستەللى ئەسكى-تۇسكى جاھازلار ئاستىدا تۇپا بېسىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ، ئۈستەللىنى سىلاپ قويدى، تارتمىلىرىنى تارتىپ باقتى. تارتمىلىرىدىكى قوناق، گۇرۇچ ئەۋرىشكىلىرى بىلەن قىزىل تاشلىق كىتابلارنى تۇپا بېسىپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭغا تونۇش يادىكارلىقلىرى گويا ئە-گىسىنى كۆرۈپ: «بىز ئەخلەتكە ئايلاندۇق، خۇددى ساڭا ئوخشاش» دەۋاتقاندەك بىلىن-دى. نىزامىددىن ئەلەم بىلەن چوڭقۇر تىنىدى - دە، نېرىقى يىغىن زالىغا ماڭدى. ئۇ يەر ھازىر ماشىنچىخانا ئىكەن. نا-تونۇش قىزلار ئۇ يەردە قاقاقلىشىپ كۈ-لۈشۈپ، ماشىنىلىرىنى غارقىرىتىپ ئىش قىلىشىۋېتىپتۇ. ئۇلار ياشانغان ئادەمگە خۇددى مۇشۇكنى كۆرگەن چۈجىلەردەك چۈچۈپ قاراشتى.

بۇ ئۆيدە نىزامىددىن ئۆز ۋاقتىدا پار-تىيىگە قەسەم بەرگۈچىلەرگە باشچىلىق قىلاتتى. مۇھىم سىياسەتلەرنى كادىرلارغا يەتكۈزەتتى. يېزىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى-نى ھەل قىلىدىغان گۇگۇشى پارتكوم يىغىن-لىرىغا قاتنىشاتتى. بىرلىرىنى تەنقىد قى-لاتتى، بىرلىرى بىلەن تالىشاتتى. خاتىرە يازاتتى، تەسىرات سۆزلەيتتى. دۇنيا، دۆ-لەت ۋە ناھىيە ۋەزىيىتى توغرىسىدا تەرلەپ - پىشىپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ھا-ياتىدىكى مەنىلىك ئىشلار، ئۆچمەس خا-تىرىلەر مانا مۇشۇ ئۆيلەردە پۈتكەن، لەز-زەت بەرگەن ئەمەسمىدى. ھازىر بۇ ئۆي-لەرمۇ باشقىلارنىڭ. بۇ يەردە ئەمدى دۇنيا، دۆلەت، سىياسەت ۋە چوڭ ئىشلار توغرىسىدا ھەرگىزمۇ بىر ئېغىز گەپ بولمايدۇ.

ئۇ كۆكۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كونا بىنادىن ئالدىراپ سىرتقا ماڭدى. شۇ ماڭغىنىچە قولىرىنى كەينىگە قىلىپ ھېچكىمگە ۋە ھېچنېمىگە قارىماي ئالدىدىكى سار تاغنىڭ قىشۇ - ياز ئاقىرىپ، بۇلۇت-لارغا بويۇن سوزۇپ تۇرۇدىغان چوققىلىرى-غا قاراپ شىمالغا مېڭىۋەردى. ئۇ ھېچنېمى-نى ئويلىمايتتى، ھېچكىمنى سېغىنمايتتى. ئۇ بىرلا ئىشنى — ئۆزىنىڭ يەنە قانچىلىك كۈنلىرى قالغانلىقىنىلا ئويلايتتى. «سەكسەن-گە كىرىسەم، — دەپ ئويلىدى ئۇ قالغان كۈنلىرىنى ھېسابلاپ، — يەنە ئون ئالتە يىل كۈن كۆرىمەن. ئون ئالتە يىل دېگەن ئۈچيۈز ئاتمىشتىن ھېسابلىسام بەش مىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش كۈن. ناۋادا دادامنىڭ يېشىدىن ئىككى يىل كەم ياشىسام بەش-مىڭ قىرىق كۈن ياشىدىم دېگەن سۆز. چىرايلىق ياز، كۆكۈللۈك كۈز، لەززەتلىك قىش، ھېسسىياتلىق باھارنى بەش مىڭ قېتىم كۆرىمەن دېگەن سۆز. ئون ئالتە يىلدا ئىنتىزامىددىننىڭ بالىسىمۇ ئون بەشكە كىرىدۇ. ھازىر چەۋرە كۆردۈم، ئەۋرىمۇ كۆرۈدىغان ئوخشايمەن ...... ھاي، ھاي، مەن نېمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن. بۇ «مەن» قاچاندىن بېرى مېڭەمدە بىخلاپ كۆك-لەۋاتىدىكىن - ھە؟ مېنى پارتىيىدىن چە-كىنىشقا نەسىھەت قىلىشقاندىن بېرىمۇ ياكى پېنسىيىگە چىققاندىن بېرىمۇ؟ قانچە قوي، قانچە مو يېرىلىك باردېسە جاۋاب

بېرەلەيمەن، قانچە ئېغىز ئۆي، قانچىلىك پۇلۇڭ بار دېسە جاۋاب بېرەلمەيمەن. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېسابىنى ھالىلار بىلىدۇ. ئەمما يېزاڭدا نەچچە نامرات بار، نەچچە ئادەم يەرلىرىنى سېتىۋەتتى، نەچچە ئادەم ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى، نەچچە ئادەمنىڭ نەچچە بالىسى ئېچكىرىگە قېچىپ كەتتى دېسە بۇنىڭغا سان - سىفىرى بىلەن جاۋاب بېرەلەيمەن. مېنىڭ كۆڭلۈمدە «مەن» كۆپمۇ ياكى «ئۇ» كۆپمۇ؟ مېنىڭچە «ئۇ» ...»

ئۇ، تاشقىنلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ توختىدى. ئېگىلىپ ئۆستەڭ سۈيىدىن ئۇچۇملاپ ئېلىپ بېشىنى يۇدى - دە، ئىككى ئۇچۇم ئىچتى: «بۇ ئۆستەڭنى بىز چاپقان، تاشلىرىنى بىز تىزغان. مەن ئۇ چاغدا قوماندانلىق شتابىدا ئىدىم. كۈندە رادىئودا سۆزلەيتتىم. ئۆستەڭ بىزنىڭ، سۈيى بىزنىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۇ تېتىملىق. بىراق ھازىر بىز بۇ سۇغا پۇل تۆلەپ يەر سۇغۇرىمىز. دەرەخ بىزنىڭ، مېۋىسى خەقنىڭ. بۇ قانداق بولغىنى؟» ئۇ، سېمونت نودىن ئۇ قاتقا ئۆتتى - دە، بۇغداي ئېگىزلىرى، قوناقلىق ياقىلىرى ۋە ياش ئورمانلىقلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئېتىزلار ياپيېشىل، ھاۋا نەخۇش، سالقىن، لەززەتلىك، پۇراقلىق. ئەتراپتىكى مەھەللىلەردىن خورازلارنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلارنىڭ ھاۋشۇشلىرى ئاڭلىنىدۇ. خامانلاردىن تۇزان - توپان كۆتۈرۈلىدۇ - دە، ئاستا سۈرۈلۈشۈپ يوقىلىدۇ ۋە يەنە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ، نەچچە يۈز يىللاردىن داۋاملىشىۋاتقان دېھقان ھەرىكىتى، ئېتىز شادلىقى، يېزىنىڭ ھايات رىتىمى. نېرىدىكى تاشيولدىن ماشىنىلار توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدۇ. پاخال، ئاشلىق، سوت، مېۋە قاچىلانغان ماشىنا - تراكتورلار ئۆز ئاھاڭىدا كۈيلەپ تۇرىدۇ. بۇ، نىزامىددىننى ياراتمايدىغان دەۋرنىڭ يۈرەك سوقۇشى، تۇرمۇش مارشى: «مەن يارامسىزمۇ ياكى مېنى تونۇيدىغان كۆزلەر ئازايدىمۇ؟ ياكى مەن راستتىنلا قۇلاققا يات بىلىنىدىغان مۇقامغا تۈۋلاۋاتىمەنمۇ؟ «بىز» دىن «مەن»گە ئۆتكۈچىلەرگە سەت كۆرۈنگەن يالغۇز مەنلىمۇ ياكى يەرگە پۈتۈن ئۈمىد بىلەن مېھرىنى بېغىشلىغان سانسىز دېھقانمۇ؟ مەن ئۆز پايدام ئۈچۈن گەپ قىلغىنىم يوق، تاپان ھەققى، پارە - پايدا ئالغىنىم يوق. دېھقانلار چىراي سارغايتسا، قورسىقى توق، دەڭلى پۈتۈن بولۇپ غۇربەتچىلىك كۆرمىسە دەيمەن شۇ. نومۇرغا ئىشلەپ، زاغرا غاجاپ، قەرزگە بوغۇلۇپ، راھەت كۆرمەي دۇنيا بىلەن خوشلاشقانلار ئازمۇ؟ دېھقانلارغا ھازىر يەر بېرىلدى، ئەركىنلىك بېرىلدى، ئۇلار تېخى ئەمدىلا قەددىنى رۇسلاپ، كۈنگە دۈمبىسىنى قاقلىدى. سېلىقلار دېھقانلارنىڭ بىر يىللىق كىرىمىنىڭ بەش پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك دېگەن بەلگىلىمە يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىدە يېزىلغانغۇ، نېمىشقا بۇ يېزىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنى ئوقۇپمۇ قويمايدۇ؟ سېلىقلار شۇنچە كۆپ، چىقىم شۇنچە كۆپ. بىچارە دېھقان يەنە قەرزگە بوغۇلۇپ، زاغرا غاجاپ، جاپاغا يولۇقارمۇ دېسەملا ئۇيقۇم قاچىدۇ، بېشىم قاتىدۇ، ئارامىم يوقىلىدۇ. مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈمنى نېمىشقا چۈشەنمەيدۇ بۇ خەق؟ خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلىغانلارنى پارتىيىدىن چىقىرىپ، سەپتىن ئايرىپ نېمە قىلماقچىكىن بۇلار؟ ...»

ئىككى سائەتتىن بېرى ئېتىز ئارىلاپ پىيادە مېڭىپ يۈرگەن بۇ تىنىمسىز ئادەمنى

ياز مەنزىرىسى، گۈزەل تەبىئەت، غەزەلـ
خان قۇشلار خۇش قىلالىسدى. ئۇ، قولىنى
كەينىگە قىلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ماڭدى.
ئۇ هاردى، ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتى، پۇتـ
لىرى ئېغىرلاشتى، ئاغزى قۇرۇدى، ئۇستـ
بېشىنى ئاچچىق تەر باستى، كۆزلىرىنى
ئۇيقۇ - ئۇگدەك ئەگىدى. ئۇ ئاخىر سېـ
مونت كۆۋرۈككە كەلدى - دە، سېمونت
توسىمغا جەينەگدەپ، نەم يەردە پۇتلىرىنى
سۇنۇپ ئولتۇردى ۋە ناهايىتى تېزلا ئۇيـ
قۇغا كەتتى ...

ئۇ، كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاندا ئۆيىـ
گە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چوڭ دەرۋازىـ
سىنىڭ ئىچىدىكى ئىككى مودەك كېلىدىـ
غان هويلىسىدا يەنە ئۈچ يۈرۈش ئۆي،
نېرىدا كومبايىن تۇرۇدىغان جاي بىلەن
مال قوتانلىرى، ئۇلارغا ياندىش ماي
زاۋۇت بىلەن ئۇن زاۋۇتىمۇ بار. ئۇ، ئۆيـ
لىگەن تۆت ئوغلىنىڭ بىرسىنىلا ئۆي ئايرىپ
قويغان، قالغانلىرى مۇشۇ قورۇدا ئولتۇ-
رىدۇ. ئىسمىنىڭ ئاخىرى «دىن» بىلەن
ئاخىرلىشىدىغان ئوغۇللىرىنىڭ چوڭى كا-
مالىددىندىن باشقىلىرى ئالىي مەكتەپتە
ئوقۇمىغان. ئۇلار تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتـ
لىق بولغىنى بىلەن كىتاب ئوقۇشقا ئامـ
راق، ئويۇن - تاماشىدىن ئىشنى ياخشى
كۆرۈدىغان ئىنساپلىق يىگىتلەر. هويلىسىـ
دىكى ئۈچ كېلىنىمۇ سىلىق - خۇش خۇي،
ئىملى دېهقانلىرىنىڭ ئىناتەتمەن، ئىشچان
ئاياللىرىنىڭ ۋارىسلىرى. سەھەر تۇرۇشۇپ،
قېيىن ئاتا بىلەن قېيىن ئانىسىغا سالام
بېرىشىدۇ - دە، چوڭ هويلىنى تالىشىپ
تۇرۇپ شىۋاق سۇپۇرگە بىلەن سۇپۇـ
رۇشىدۇ، ئاندىن كېيىن بىرسى سىيىر
ساغىدۇ، بىرسى يازلىق ئاشخانىدا چاي
قايناتسا، يەنە بىرسى ئۆيلەرنى بېشىغتو-
رىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەتىگەنلىك
چايغىچە هويلىسى پاكىز، ئۆيلىرى سەرەمـ
جان، ئادەملىرى خۇش خۇي قورۇنىڭ
مېهمانلىرىغا ئايلىنىدۇ - دە، يازلىق
چايخانىدا ئۇزۇن جوزىدا چۆرەدىشىپ
ئولتۇرۇشۇپ يوغان، نېپىز ئاق ناننى
قويۇق، قايماقلىق ئەتكەن چايغا چىلاپ
ئالدىرىماي چاي ئىچىشىدۇ.

بۇ هويلىدا ئەتىگەنلىك چاي ئىچىش
بىر كۆڭۈللۈك مەشغۇلات. چاينى ئانا ئۆز
قولى بىلەن ئېتىدۇ ۋە ئاپقۇرلارغا قىزىـ
رىپ پىشقان قاپاق چۆمۈچتە قۇيۇپ بېـ
رىدۇ. كېلىنلەر ئەدەب بىلەن ئىككى قولـ
لاپ ئىچكۈچىگە سۇنىدۇ. ئالتە نەۋەر
ئوغۇل - كېلىن، يەتتە نەۋەر نەۋرە، بوۋاي -
موماي ئىككىسى بولۇپ ئونبەش جان
ئادەمنىڭ بىرەرسى كەم بولۇپ قالسا
داستىخان كۆڭۈللۈك بولمايدۇ. بۈگۈن بۇ
داستىخاننىڭ ئەڭ چوڭ خوجايىنىنىڭ
ئىككى قات كۆرپە سېلىنغان، كوچا دېرىزىـ
سىگە دۈمبىسىنى تۇغرىلايدىغان ئورنى
بوش قېلىۋىدى، چاي كۆڭۈلسىز، جىمجىتـ
لىق ئىچىدە ئىچىلدى. ھەممىسىنىڭ كۆڭـ
لىدە قايتا - قايتا تەكرارلىنىۋاتقان سوـ
ئالنى بۇ داستىخاننىڭ باش ساھىبخانى
بولغان ئانا:

— بۇ ئادەم نەلەردە يۈرۈدىغاندۇ؟ —
دەپ ھەسرەت بىلەن ئۈنلۈك دەۋەتتى. تۆت
ياشقا كىرگەن كىچىك ئوغۇل نەۋرە كۈندە
بوۋىسىنىڭ ئوڭ تىزىدا ئولتۇرۇدىغان
ئەتىۋارلىق مېهمان ئىدى. ئۇ بۈگۈن
خورلۇق هېس قىلدىمۇ، بىكاردىنلا «پاك
ئىدە» يىغلىۋەتتى.

— بوۋىسىنى كىنەۋاتىدۇ، بۇ بىچارە،
كەل ساقام، مېنىڭ قۇچىقىمدا ئولتۇر،
داداڭغا بارامسەن - يە؟ ئۆمرىنى باشقىلارغا

مېھرى - شەپقەت ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن راھىلەم ئىسىملىك ئانا يالغان كۈلۈمسىرەپ يۈزىدىكى قورۇقلار سانىنى كۆپەيتكىنى بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تىترىشىدىن غەم - غۇسسىلىك ئىكەنلىكىنى ئولتۇرغانلار دەرھال سېزىپ بولدى.

نىزامىددىننىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكى بۇ چوڭ قورۇغا چوڭ كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كەلدى. موماي كەچكىرگىچە «ئۇھ» تارتىپ يۈردى - دە، كەچتە بوۋاي سالپىيىپ، ئۈستىبېشى توپا كىرىپ كەلگەندە كەمدىن كەم ئېرىگە تىكىلىپ قارايدىغان بۇ ئايال:

— ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن نېمە كارى بارىكىنتاڭ، سىرتتا قونۇپ قالغانلىرى نېمىسى خۇدايىم، ئۆيدىكىلەر ئەنسىرەپ قالار دېمەي، بەتقىلىقلىق قىلىپ ....— دەپ غۇتۇلدىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بايىلا كوچىدا مەھەللە مەزىنى:

— ھەي نىزام، مەست بولىۋېلىپ كۆۋرۈك بېشىدا بىر كۈن ياتقىنىڭ نېمىسى، ھازىر مەھەللىدە پۈر گەپ. يېنىڭنى ئاقتۇرۇپ باققىنا، دانەك ئىمام پوتىمىلىڭنى (پورتمال دېمەكچى) ئېلىۋالسىمۇ تۇيماپسىنا؟ ئۇ سېنىڭ مەست بولۇپ تالادا يېتىپ قالغىنىڭنى پۈتۈن يېزىغا يېيىپ بولدى. پېشىن نامىزىدىلا ۋارقىراپ - جارقىراپ سازايى قىلىۋىدى ... ئۇنىڭغا تېپىلغۇسىز - دە، بۇنداق ئىشلار، بىرگە ئۇننى قېتىپ ... - دەپ بىر مۇنچە ئەزمىسىنى ئەزگەندى.

«... نېمىشقا ئىچتىم. سالامنىڭ ئۆلمەي ئامان قالغىنىغا خۇشال بولۇپ - ھە؟ خۇشاللىقنىڭ بالىسى خاپىلىق ئىكەن - دە. خاپىلىقتىن خۇشاللىقمۇ تۇغۇلاتتىغۇ. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى تۇغىدۇ.» ئۇنىڭ خىيالى ئاخىرلاشمايلا ئىشىك ئالدىدا كىچىك ئوغلىنىڭ ماشىنىسى سىگنال بېرىشكە باشلىدى. نىزامىددىن دەرۋازا ئالدىغا چىقتى:

— بالام، بىر ئىش بولدىمۇ؟

— داۋۇتكامنى تۇتۇپ كەتتى.

— نېمىگە؟

— گۇيخۇا دۈيىنىڭ بىر ئادىمىنى گۇرجەك بىلەن ئۇرغانىكەن.

— ۋاي پېشكەللىك!

— دانەك يېغىرنىڭ بالىسى ئالەك ھەممىنى قىلغان ئاشۇ نىزام كاسكا دېۋىدى، ئاكام ئىككىمىز ئۇنى چىشقىچە ئۇردۇق.

— نېمە بىلەن ئۇردۇڭلار؟

— مۇشت، باش، پەشۋا بىلەن ...

— ھە، بوپتۇ.

— دانەك يەنە ...

— ھە، نېمە دېدى؟

— نىزام كاسكىنىڭ مەسچىتكە بەرگەن پۇلىنى قايتۇرۇۋېتەيلى، ئۇ ھارام. ئۇ بىر ۋاق ناماز ئوقۇمايدۇ، مەسچىتكە داردىمايدۇ، ھاراق ئىچىپ، قۇسۇپ - ئېغناپ يۈرىدۇ، ئۇ كاپىر، پۇلى ھارام! — دەپ ۋارقىرىدى. مەن ماشىنىغا دەسسىتىۋېتىمەن ئۇ يېغىرنى!

— ياق بالام، كۈن كۆرگىلى قوي، مېنى تىللىسا مەيلى، داۋۇتنىڭ ئىشى يامان بوپتۇ. ئاشنى ئىچىپ، موتورىڭنى مىنگىنە، ئىككىمىز چوڭ ئاكاڭنىڭكىگە بېرىپ باقايلى.

ئۇ، ئوغلىنىڭ موتسىكلىتىنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ يەنە خۇپتەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. دەرۋازىنى موميى ئۆزى ئاچتى.

ئۇ بوۋىينى كۆرۈپ يىغلامسىراپ:

— قارىمامسىز، مونۇ پەخىرىدىنىڭ قىلغان ئىشىنى.

— ھە، يەنە نېمە بولدى؟

— بايا دانەكىنىڭ چوڭ ئوغلى ماي تارتقىلى كەپتىكەن، داداڭ مېنىڭ دادامنىڭ ئۈستىدىن ئىغۋا توقۇغاندىكىن دەپ ئۇنى ئۇرغىلى يۈگۈرۈپتۇ. كېلىنىڭىز ئاجراتقىلى ئارىغا كىرسە بىر ئىتتىرگەندىكەن، كېلىن بىچارە ئوڭدىسىغا چۈشۈپ... بويىدا بار ئىدى، قوزغىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ... دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى...

— بۇمۇ مەن ئۈچۈنمۇ؟ مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن - ھە... دانەكىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئوغۇللىرىم ئۇرغان، دانەك مېنىڭ ئۈستۈمدىن گەپ تارقاتقان.

ئۇ يەنە سىرتقا ماڭدى.

— نەگە، ساقىڭىز بوۋام دەپ تېخىچە ئۇخلىمىدى.

— ھازىرلا كېلىمەن، مەن دانەكنى باشلاپ كېلەي، ئۇنىڭ بىلەن قاچانغىچە دۈشمەنلىشىمىز؟ ئىچى تار، كۆڭلى قارا ئادەم بولسىمۇ گەپ ئاڭلايدۇ، گېلىغا ئامراق نېمە ئۇ، گۆش سېلىپ قويۇڭلار!

بوۋاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن موماي:

— جۇلدا كەتكەن خۇي بۇ، ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەممۇ جېنىغا ئىۋىمايدىكەنا، دانەك نېمىلەرنى قىلمىدى، نېمىلەرنى دېمىدى؟ شۇ تۆھمەتخورنى مېھمان قىلىمەن دەپ يۈرەمدا؟ ئالجىدىمىكىن دېسەم ئەقلى - ھوشى جايىدا... توۋا... — دەپ غۇدۇڭشىدى.

دۇنيادىكى چوڭ ئىشلار توغرىسىدا بۇ يەرنىڭ ۋالىيسىنىڭ ھېچكىم پىكرىنى ئالمىغىنىغا ئوخشاش ناھىيە تۇرماق، يېزىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدىمۇ ھېچكىم نىزام كاسكىنىڭ پىكرىنى ئالمايدۇ. ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەت ياكى مەجلىس بولغاندا بىرمۇ ئادەم چوڭ ئىشلارغا باش قاتۇرۇۋاتقان نىزام ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەردە سۆزلەپ يۈرگىنىنى ئېسىگە ئالمايدۇ. ئۇ مۇنۇ كەنتتىكى «قول بالىلىرى» ھېسابلىنىدىغان كىچىك كادىرلارنىڭ نەزىرىدە چوڭ ئادەم ھېسابلانغىنى بىلەن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، يالاڭباش يۈرۈشنى مەشق قىلىۋاتقان يېزا كادىرلىرى ئۈچۈن بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى قانچىلىك كونا بولسا، ئىدىيە - خاھىشىمۇ شۇنچىلىك كونا. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نىزامىدىنىڭ تىنىمسىز شىكايەت - كوتۇلداشلىرىنى ئاڭلاپ: «ھە، دەپ قويساڭلا بولدى» دېگەن تونۇشتا يالغان قىزغىنلىق بىلدۈرىدۇ. لېكىن بۇ سىنچى بوۋاي ياشلارنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ يالغان قىزغىنلىقى بىلەن سۇنئىي ئەستايىدىللىقىنى دەرھال سېزىۋالىدۇ - دە، ئىچىدە ئۇلارنى زەھەرلىك تىللار بىلەن تىللاپ، دەيدىغىنىنى دەۋېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى مازاق قىلىشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈۋېرىدۇ. شۇنداق، ئۇ ھېچقاچان ئۆزىنى خەقتىن تۆۋەن سانىغان ئەمەس ۋە تولا سۆزلەپ باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپمۇ پۇشايمان قىلغان ئەمەس. شۇنداقلا ئۇ باشقىلار توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلاپ قويۇشقىمۇ ئادەتلەنمىگەن. ناۋادا ئۇنىڭ كۆڭۈل خەزىنىسىنى ئاقتۇرۇشقا توغرا كەلسە بۇ خەزىنىدىن «سىر» دېيىلىدىغان بىر تالمۇ

«بايلىق» تېپىلمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ
سىرلىرىمۇ، بايلىقىمۇ، مېھرى - مۇھەب-
بەت، غەزەپ - نەپرىتىمۇ ئاشۇ توختىماي
ئارقىلىپ يۇرۇدىغان سۆزلىرىگە سىڭگەن.

— داۋۇتنىڭ گۆيخۇا كادىرىنى ئورغى-
نى كىچىك ئىش. ئەمما ئۇنى سولاپ
قويۇش چوڭ ئىش!

— دادا، بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئادەم
ئۇرۇش قانۇنسىزلىق. داۋۇتكام تاياق
يېگۈچىنىڭ ئوزۇقلۇق، داۋالىنىش پۇلى
ئۈچۈن ئىككى مىڭ سوم تۆلەيدۇ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە كېسىلىدۇ تېخى.

— گۆيخۇا دۈينىڭ مەھەللىنى بۇزغىنى
چوڭ ئىش، جېدەلنىڭ مەنبەسى شۇ!

— گۆيخۇا دېگەن دۆلەتنىڭ چوڭ
ئىشى، دادا.

— بالام، سەن قانۇننى ئوقۇغان، قېنى
ئېيتە، قانۇننىڭ قايسى ماددىسىدا يېزى-
لارنىڭ كوچىلىرى تۈپتۈز، ئۆيلىرى ئوخ-
شاش تۆت چاسا بولۇش كېرەك دېيىلگەن؟

— گۆيخۇا بىلەن قانۇن باشقا - باشقا
نەرسە، دادا!

— ئۇنداق بولسا سەن نېمىشقا داۋۇتنى
سوتلايسەن؟

— ئادەم ئۇرۇش قانۇنىي مەسىلە —
جىنايەت - تە!

— باشقىلارنىڭ شەخسىي مال - مۈلكىگە
زىيان سېلىش جىنايەت ئەمەسمىكەن؟

— بۇمۇ جىنايەت، لېكىن مەقسەت،
ئۇسۇل، شارائىتقا قاراش كېرەك.

— ئادەم ئۇرۇشتىمۇ مەقسەت، ئۇسۇل،
شارائىتقا قارالمامدىكەن. داۋۇت
ئۆيىنى ھىمايە قىلغان. بۇ — مەقسىتى،
پوپوزا قىلمەن دەپ ئوقۇشماي ئۇرۇپ
قويغان. بۇ — ئۇسۇلى. ئۆيى بۇزۇلماقچى،
زورلۇق بىلەن، داۋۇت قاتتىق غەزەپلەن-
گەن — مانا بۇ شارائىت، سەۋەب!

چوڭ ئوغلى بىلەن بولغان بۇ مۇنازى-
رىدە كىم - كىمنى يەڭگەنلىكىنى ھېچكىم،
نىزامىددىننىڭ ئۆزىمۇ بىر نېمە دېيەلمەيدۇ.
لېكىن بىرلا نەرسە ئېنىق: نىزامىددىننىڭ
تەرسالىقى بىلەن بۇ مەھەللىدىكى چېقى-
لىشقا تېگىشلىك ئۆيلەر چېقىلمىغان،
گۆيخۇالاشتۇرۇش پىلانى توسقۇنغا ئۇچرى-
غان. قارشىلاشقۇچىلار ھازىر بىر كەنت
بىلەن توختاپ قالماي، بىر نەچچە كەنتكە،
بىر نەچچە يۈز ئادەمگە كۆپەيگەن.

بۇ ئىشلار ناھىيىلىك پارتكومغا دوكلات
قىلىنىدى.

## 5

ئۇ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىن
خۇددى قان ساتقان ھاجەتمەندەك ماغدۇر-
سىز، سوتلىنىدىغان جىنايەتچىدەك ئالاقزا-
دە، قىساس ئېلىشقا ئاتلانغان قانخوردەك
غەزەپلىك ۋە ياقا يۇرتقا كېلىپ قالغان
مۇساپىردەك يەككە - يېگانە ھالدا چىقىپ
كەلدى - دە، دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى:
«پاھ، دانەك يېغىرنىڭ دېگەن گەپلىرىنى؟
مەن تېخى پارتىيىنى، ھۆكۈمەتنى تىل-
لاپتىدەكمەن، خەلق گۆڭشېسى ياخشىدى
دەپتىمىشمەن، تېخى يەنە يېزا باشلىقلىرى
پۈتۈنلەي خىيانەتچى، پارىخورلار، بۇلارنى
تازىلىماي تۇرۇپ خەلقنىڭ دۈمبىسى ئاپتاپ
كۆرمەيدۇ دەپتىمەن؟ ئۇنى قوي گۆشى
بىلەن مېھمان قىلىپ، چىرايلىق گەپلەر
بىلەن كۈتكىنىمنىڭ سازايىسىمۇ بۇ؟ دانەك
يېغىرغۇ مەيلى، مۇنۇ ئازات ئىمىننىڭ نېمە
بولغىنى - ھە؟ مەن ئۇنى خىزمەتكە ئو-
رۇنلاشتۇرۇش، ئۆستۈرۈش، ھەتتا ئۆيلىنىپ
بالا - چاقىلىق بولۇشلاردا ئاتىدارچىلىق
قىلدىم. شۇنچە ئەقىدەمنىڭ يۈز - خا-
تىرىنى قىلمىدى - ھە؟ نەسھەت بىلەن

پارتىيىدىن چېكىندۇردۇق دېگەن قارارنى
چىقارماق ئۇلار ئۈچۈن سىنچاي ئىچىدىكى
تەك بىر كۆڭۈللۈك ئىش. لېكىن مەن ئۈچۈن
ئۆلۈم ھۆكۈمىنى ئاڭلىغاندەك ئازابلىق. ئۇ
نېمىشقا مېنىڭ ئازابلىنىشىم، ئەجىلىمدىن
بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشىمنى ئويلاپ قويمى-
دى - ھە؟ ئۆز ۋاقتىدا دانەك يېغىر دا-
دۈي شۇجىسى بولۇپ تۇرغىنىدا ئازاتنىڭ
ئىسمى «زىيالىي ياش» دىن «زىيانداش»قا
ئۆزگەرگەن. ئازات بىر يىل سۇ تۇتۇپ،
خاماندا يېتىپ ئىشلەپ، يىل ئاخىرىدا يەنە
شياۋدۈيگە ئىككى يۈز سوم قەرزدار بولۇپ
قالغىنىدا ئۇنى قەرز تۆلەشكە قىستىغان
ئاشۇ دانەك، ئۇنىڭ قەرزىنى ئۈزۈشكە،
خىزمەتكە قاتنىشىشىغا سەۋەب بولغان ئا-
دەم مەن. ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلغۇچى
بۈگۈن ئۇنىڭ يېقىنى، ئۇنىڭ بېشىنى
سىلاپ، قانات ياپقۇچى بۈگۈن ئۇنىڭ
دۈشمىنى؟ نېمىشقا ئۇنىڭ دۈشمىنى بولۇپ
قالدىم؟ كۆپىنىڭ يىغىسى، نامراتلارنىڭ
غېمىنى يېگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ؟...»

ئۇ يەنە مەھەللە جامائىتىنىڭ دانەك
يېغىرنى ئىمام قىلىۋېلىپ ئۇنىڭغا «ئىقتىدا»
قىلىشىپ يۈرگىنىنى، دانەكنىڭ مېھرابقا چى-
قىۋېلىپمۇ «تىغ ئۇچى»نى نىزامغا قارىتىپ:
«مۇسۇلمان تۇرۇپ دىندىن يۈز ئۆرىگەنلىك،
ئىمان ئېيتماي كۇپار بولغاندىنمۇ يامان. ئۇن-
داقلار بىزنىڭ بوسۇغىمىزدا تۇرۇپتۇ. جا-
مائەتنى كۆزگە ئىلماي خۇدانىڭ نۇرلۇق
كۈنىنى دەپسەندە قىلىپ كۆۋرۈك بېشىدا
مەست بولۇپ بىر كۈن ياتقان مۇرتەدنى
ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار!» دېگىنىنى
نىزامىدىنغا يان باسقۇچىلارمۇ، نەپرەتلەن-
گۈچىلەرمۇ ئېقتىماي-تېمىتماي ئەگەشمىدىمۇ؟

بوۋاي بۇ ئىشلارنىمۇ ئويلىدى، ئۇيەنە
دانەك يېغىرنىڭ قايسى كۈنى ئۆيدە ماي-
لىق يامپاش گۆشنى ئاچكۆزلۈك بىلەن غا-
جاپ - يەپ تۇرۇپ: «ھازىردىن باشلاپ
بىز بىر ئادەم. مەن كۆپچىلىكنىڭ تەلپى
بىلەن پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىپ مەس-
چىتكە ئىمام بولۇۋالدىم. بۇمۇ كۆپچى-
لىك ئۈچۈن دېگىنە. سەن بولساڭ تېخى-
چە پارتىيە ئەزاسى، پېنسىيىگە چىققان بى-
لەن ئىنقىلاب قوشۇنىدىن ئايرىلمىدىڭ.
بىزنىڭ چوڭ نىشانىمىز بىر، سەن مەھەل-
لىنىڭ ئوڭ قولى، مەن سول قولى، بىر
نىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلار» دەپ
قەسەم ئىچكىنىنىمۇ ئەسلىدى. ئۇ ھېچكىم
ۋە ھېچنېمىنى ئويلىماي، جامائەتكە ئارىلى-
شىپ، بىكار بولسا قارتا ئويناپ، ئانچە -
مۇنچە كىتاب ئوقۇپ، بالىلىرىنىڭ راھى-
تىنى كۆرۈپ ئۆيدە يېتىشىنىمۇ، ھەرەمگە،
ئالمۇتا - تاشكەنتلەرگە، ئۇ يەردىن يېنىپ
خوتەندىن قومۇلغىچە بېرىپ ساياھەت قى-
لىشىنىمۇ ئويلىدى. ئۇ ھەتتا پارتىيىدىن
چىقىپ، ھەممىدىن قول ئۈزۈپ، بەش
ۋاق ناماز ئوقۇپ، ساناقلىق كۈنلىرىنى را-
ھەت - پاراغەتتە خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشنىمۇ
ئويلىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنداق قى-
لالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ، مەھەللىگە ئۆت
كەتسە ئاۋۋال باشقىلارنىڭ ئوتىنى ئۆچۈ-
رۈشكە يۈگۈرۈيدىغانلاردىن تۇرسا، قانداقمۇ
ئەتراپقا قارىماي، باشقىلارنىڭ غېمىنى يې-
مەي ياشىيالىسۇن؟ ئۇنىڭ مىجەزى شۇن-
داق. يەكشەنبە بازاردا كۆكتات سېتىۋات-
قان بىر ئايال تۆت - بەش ياشلاردىكى
چىرايلىق ئوغلىنى ئاغزى - بۇرنى قانغى-
چە ئۇردى. خەقلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ
گەپ قىلىشمىدى. ئۇ كەلگەن پېتى ھېلى-
قى ئايالنىڭ مەيدىسىدىن بىرنى ئىتتىردى-
دە، بالىنى يەردىن كۆتۈرۈۋېلىپ:

— ھايۋاندىن بەتتەر خوتۇنكەنسەن،

قالجىق جېنىدا كۆچكىنى تالالمايدۇ!— دېدى. لېكىن ئايالنىڭ ئېرى يىقىلىپ بېشى لىڭگىلچاققا تېگىپ ياردىلانغان ئايالنى سۆرەپ يۈرۈپ داۋا قىلىپ نىزامىددىندىن 500 سوم ئۈندۈرۈپ ئالدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا بۇنداق ھېكايىلەر تولىمۇ كۆپ. ناۋادا ئۇنىڭ باللىرى ئوقەتكە پىششىق، تىرىشچان بولمىغىنىدا، ئۇ، مەردلىكى ئۈچۈن نامراتلىقتىن قوتۇلالمىغان، ئاق كۆڭۈل، كېيىمچانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن جازالانغان بولاتتى. لېكىن ئۇنى ئوتقا ئىتتىرەكچى بولغانلار كۆپ بولغىنى بىلەن، ئۇنى ئوتتىن تارتىۋالماقچى بولغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇلارنىڭ قايسىسى كۆپ؟ ئۇ بۇنى ھېسابلاپ كۆرمىدى.

ئۇ، دوختۇرخانىنىڭ تۆمۈر چاقسىلىق، سېمونت تاملىق دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە دوختۇرخانىدىن يىغا، ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى.

— هاي... بۇ نېمە يىغا؟

— سالامكام تۈگەپ قاپتۇ!

—نېمە، تېخى تۈنۈگۈنلا ناخشائېيتىپ...—

ئۇ ئۇزۇن ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەپ دوختۇرخانىغا مېڭىشىغا سالامنىڭ باللىرى دادىسىنىڭ ۋىجىك جەسىتىنى هارۋىغا سېلىپ دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقتى. دىلەيىسخان بېشىنى داكا بىلەن ئورىۋېلىپ سالماقلىق بىلەن، مۇڭلۇق ئاۋازدا، تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن هازا ئاچماقتا. ئوغۇللار بولسا خۇددى هېچ ئىش بولمىغاندەك چىرايلىرى ئوچۇق، بىر - بىرىگە بىرنېمىلەرنى دېيىشمەكتە. ئۆزگىرىش بىرلا: ئۇلار شەپكىلىرىنى چوكۇرۇپ كېيىشىۋېلىشقانىدى. نىزامىددىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا دىلەيىسەمگە ئېسىلىپ پۈتۈن ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ يىغلىدى:

— دوستۇم، جاپاكەش دوستۇم، مېهرىبان دوستۇم، قانىتىم دوستۇم، مۇڭدىشىم دوستۇم!

ئۇنىڭ يىغىسى باللارغا ئۈندەك بولدىدە، تۆت يىگىت ئۈن سېلىپ يىغلاپ نىزامىددىنى كەينى - كەينىدىن كېلىشىپ قۇچاقلاشقا باشلىدى. سالام —بىر ئۆمۈر مۇشەققەت تارتىپ، خۇشاللىق بىلەن ياشىغان ئالتۇندەك ساپ، تۇپىدەك كۆتۈرۈشلۈك دېهقان بۇ دۇنيا بىلەن ئەنە ئاشۇنداق ئاددىي، تۇيۇقسىز خوشلاشتى.

بەزى كىشىلەر: «كاسكا، توڭ» دەپ ئاتىغان، ئاتىسى، سىڭلىسى ۋاپات بولغانىدىمۇ بۇنداق «قوشاق قېتىپ» تۇرماق ئۈن سېلىپ يىغلىمىغان بىر ئادەمنىڭ كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان، بىر ئۆمۈر كەمبەغەللىك بىلەن دوست بولۇپ ئۆتكەن كۆرۈمسىز دېهقان ئۈچۈن يۈرەك قېتىدىن ئېتىلىپ چىققان ھەسرەتلىك ئۈن بىلەن ئۇنى پۈتكىچە يىغلىشى ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ يىغىسى بىر ئاددىي دېهقاننىڭ ئۆلۈمىنى مەرىكىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. «ئۆلسەم هازىسىز ئۇزايدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىغان ئابدۇسالام ناۋادا بىر سېكۇنتقا كۆز ئېچىپ ئەتراپىغا قارىغان بولسىدى: تۆت ئوغۇل ئەمەس سەككىز ئوغۇلنىڭمۇ بىر بوۋايغا ئەگىشىپ ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرگەن بولاتتى. بۇنداق ئۆلۈم توي بولماي نېمە؟

— ئەجەب تۇيۇقسىزلا تۈگەپ قاپتۇغۇ، ساپساقلا يۈرەتتى.

— هېلىقى كۈنى ئېيتقان ناخشىلىرى، ئوينىغان ئۇسسۇللىرىچۇ تېخى.

— كەلگەنلا رومكىنى ئاتلىماي ئىچىۋىدا...

— رومكا ئۇنىڭ بېشىغا چىقتى.

— داناخۇن ئىمام (دانەك يېغىرنى دېمەكچى)نىڭ تاپقان پەتىۋاسىنى قارىمامدىغان: هاراق ئىچىپ ئۆلگەن ئادەم ئىمانسىز كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ دەپتىمىش.

— نىزامىددىنكام جۇمە نامىزىغا كىرىپتۇ.

— ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئوقۇغان نامىزىنى دەيمەن.

— نېمىدەپ ئىقتىدا قىپتۇ دېمەمسەن؟

— هە، نېمە دەپتۇ؟

— ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرۇۋېلىپ، تازا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «ئامالنىڭ يوقىدىن ئىقتىدا قىلدىم دانا سېسىققا، جەمئىي تەكبىرلىرىبىلەن ... قىبلەم كەبىگە.....

— ها - ها - ها...

— ئىمام قانداق قىپتۇ؟

— تىرىككىدە ئۇچۇپ كەتكەن گەپ...

— ها - ها - ها...

— دانا يېغىردەكلەر ئۆلسە نامىزىنى چۈشۈرسە بولمايدۇ. سالامكام ئادىمي ئىدى. كەمبەغەللىكنى دېمىسە ئوغۇل بالا ئىدىدە.

— ئۇنىڭ ئۆلۈمىمۇ ئاجايىپ.

— هە، هە؟

— نىزامىددىنكامنى دانا سېسىق چاقىرغان چېغى، ئۇ چېقىپ بولۇپ قورۇۋان كۆسەيىنىڭ ئاشخانىسىدا هەسەن تۇلكىگە دېگەن چېغى. هەسەن تۇلكە كىمگىلا بولسا هېجىيىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇ دانا يېغىر بىلەنمۇ دوست دەڭلا! يېقىن كۆرۈپ ئۇنىڭغا تازا ماختانغان چېغى بۇ ئىمام. هەسەن تۇلكە بۇ گەپلەرنى كېسەلى ئەدىلا ياخشىلىنىۋاتقان سالامكامغا ئېيتقىتماي-تېمىتماي دەپ بېرىپتۇ. سالامكام ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇڭگانىنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ بولۇشىغا ئىچكەن گەپ. ئىچىپتۇ - دە، قان قۇسۇپتۇ. ئاخىر بولالماپتۇ.

— نىزامكام شۇنىڭغا يىغلايدۇ - دە. دوستىنى دەپ ئىچىپ ياتتى، دوستىنى دەپ ئىچىپ ئۆلدى. رەھمەتتى، نىزامىددىنكامنى خۇدا بىلەتتى ئەمەسمۇ.

نىزامىددىن ئالتۇنلۇق (زەرەتكاھلىق) تىن قايتىپ كېلىپ، بەش - ئالتە كۈن ئۇندىمىدى. ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسكەن، قورۇقلىرى كۆپەيگەن، گەۋدىسى خېلىلا مۈكچەيگەن، ئاۋازلىرىمۇ غاراڭ - غۇرۇڭ ئىدى: «ئۆمۈر بويى بىرسىگە ئالىيىپ قارىمىدى، قولىدىن كەتمەن، يەلكىسىدىن بىر ئۆينىڭ يۈكى چۈشمىدى. تۆت چامدام يەردىكى شەهەرگە ئىككى - ئۈچ يىلدا ئارانلا بىر قېتىم كىرەلەيتتى. شەهەردىن چىقىپ خۇددى هەرەمگە بېرىپ كەلگەندەك كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى بىر هەپتە سۆزلەيتتى. مېنىڭ ئىسسىقى قالمىغان چىبەرقۇت چاپىنىمنى بەش يىل كىيدى. پۇتىدىكى چوقىيىنى ياماق توختىمىغىچە كىيەتتى. ئۈچ ۋاق ئەتكەن چاي بولسىلا رازى بولىۋېرەتتى. پاھ، ئۇنىڭ چۆچەككە ئۇستىلىقى، ناخشىلىرىچۇ تېخى. ئايىغىنىڭ يېنىكلىكى، قولىقىنىڭ يۇمشاقلىقىچۇ، كىچىك بالا ئىشقا بۇيرۇسىمۇ كۈلۈپ قوپۇپ مېڭىۋېرەتتى. ئۇ هەممە ئادەمنىڭ مالىيى ئىدى، بىرمۇ ئادەمنىڭ خوجايىنى ئەمەس ئىدى. هەتتاكى ئۆزىنىمۇ خوجايىنلىق قىلىشنى خالىمايتتى. مەهەللىگە نە - نەلەردىن دىۋانىلار كېلىپ قالسا ئۆيىگە ئەكىرىپ چاي بېرەتتى. بىرسى ئاغرىپ - تارتىپ قالسا ئۆزى ئاغرىغاندەك ئازابلىنىپ كېسەلنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولاتتى. ئۆتكەن قۇربان

ھېيتتا قۇربانلىق قىلىۋال دەپ بىر پاخ-
لان بېرىپ قويۇۋېدىم، ھەر كۈنى توخۇ
بىلەن تەڭ تۇرۇپ كېلىپ ئىشىك ئالدى-
نى سۈپۈرۈدىغان بولىۋالدى. خاپا بولسام:

— مەندە قارا كۈچتىن باشقا نېمە
بار دەيسەن؟ قارا كۈچۈم بىلەن سىنى
رازى قىلمىسام قەرز تۆلىگۈچىلىكىم يوق،
ئاداش، — دېدى.

— مەن ساڭا قەرز بەرمىدىم.

— لېكىنزە، مەن بىكارغا خەقتىن قىل
ئېلىپ باقماپتىمەن، ئاداش.

راست، ئۇ بىرسىنىڭ قىل چاغلىق نەر-
سىسىنى ئالمىغان. بىرسىنىڭ مېكىيىسىنى
ئۇنىڭ بېغىدا تۇغۇپ قويسا، بىچارە بىر
تۇخۇمنىمۇ ئالقىنىغا ئېلىپ ئەكىرىپ بې-
رەتتى. قوشنىلىرىنىڭ ئالما، ئۆرۈكلىرى
ئۇنىڭ بېغىغا شاخ ئارتىپ تۇراتتى. لېكىن
ئۇ بېغىغا پىشىپ چۈشكەن مېۋىلەرنى ئۇت-
تۇرلۇق تېرىپ ئەكىرىپ بېرەتتى. بالىلى-
رى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كۆزگە ئىلماس
بولىۋالدى. ساختىپەزلەر ھۆرمەت تاپقان
يەردە، ھالال نىيەتلەرنىڭ خورلىنىشى بىر
قانۇن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دادى-
سىنىڭ تارتقان زىيانلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرگەچكە، سەممىيلىكتىن جاق تويۇپ
دادىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىشنى خالاشمىدى.
قويىدىن كۈچۈك تۇغۇلغاندەك، ياۋاشنىڭ
بالىلىرى چەللىدە ئات چاپىدىغانلاردىن
بولۇپ چىقىشتى. ھازىر، ئۇلار دادىسىدىن
ھېچقانچە مىراس قالمىغىنىغا رەللە. ئۇلارنىڭ
دادىسىدىن قالغان ئاشۇ ئۈچ ئېغىزلىق ئۆينى
تالىشىپ بىر-بىرىگە كالتەك كۆتۈرۈشكەنلىرىگە
ئۆلەمدۇ كىشى! ماقۇل، دىلەيسەمنىڭ ئې-
قىم - چىقىمىنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي،
بىر موماي ئىككى بولسا گۇڭگۇر - مۇڭگۇر-
لۇق بولىدۇ. لېكىن مەن ئەمدى كىم بى-
لەن مۇڭدىشىمەن، كىمگە ماختىنىمەن، مې-
نىڭ «پەلسەپە»لىرىمنى كىممۇ ئۇنىڭدەك
بېرىلىپ ئاڭلاپ، يەتكۈزۈپ ماختايدۇ ئەم-
دى؟ باللىق چاغلاردىكى ئۇنتۇلماس ئىش-
لارنى ئەمدى كىم بىلەن بىللە ئەسلەيمەن:
ئورۇق بايتالغا ئۈچ يېرىدىن باغلانغان
ئوتنى ئارتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىپ،
ئولتۇرۇۋاتقان كۈنگە قاراپ بار ئاۋازىمىز
بىلەن ناخشا ئېيتىشىش، ئۆكۈز تاقاشتۇ-
رۇشلارچۇ؛ چۈجە خورازلارنىڭ تاجىسىنى
زاغۇن مېيىدا مايلاپ، خېمىرتۇرۇچ بېرىپ
زەردىسىنى قاينىتىپ، مەشكە سولاپ قو-
يۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن چىقارساڭ، خو-
رازنىڭ مەست بولۇپ سېنى چوقۇلاپ -
تېپىشلىرىچۇ؟ ئۇنى مالخايغا كىرىشتۇرۇش...
شەھەردىن چىققانلارنىڭ پەنجىرىسىنى
ماراشنىڭ قىزىقى... باغلارنىڭ مېۋىسى
بىزگە غىزا، ئۆستەڭ سۇلىرى چاي - شا-
راب ئىدى. پۈتۈن ياز باغلاردا، دەرەخ
شاخلىرىدا، قاينام - گۈملاردا چۆمۈلۈش،
ئويناش بىلەن ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەجەب
كۆڭۈللۈك، ئەجەب يېقىملىق چاغلار ئىدى.
ئۇ چاغدىكى ئىشلارنى ھېچكىم سالام-
دەك قىزىق قىلىپ سۆزلەپ ئادەمنىڭ ئال-
دىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئەمدى بۇ ھېكايىلەر-
نىڭ مەزىسىمۇ قالمىدى. ئاغىنە - ئۆڭگى-
سىز، مۇڭدىشىش - سىردىشىشسىز ياشاش
قانچىلىك ئازاب - ھە؟...»

ئۇ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئانىسىدىن
ئايرىلغان يېتىم بوتىدەك مۇڭلىنىپ دەر-
ۋازىسى ئالدىدىكى قاشا كۆتىكىدە خېلى-
دىن بېرى جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ
ھېچقانداق ئىش قىلغۇسى، گەپمۇ قىلغۇسى
ھەتتا تاماقمۇ يېگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ
خۇددى بۇ دۇنيا بىلەن بولىدىغان ھېساب-
كىتابىنى تۈگەتكەن، بىر ئۆمۈر قىلغان -

ئەتكىنى ئۈچۈن كىشىلەرگىدۇ ئەمدى جاۋاب بېرىشى، مۇرەككەپ — تولىمۇ تەس بولغان هايات سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ ئۆمۈر ئىمتىهانىدىن ئۆتتۈشى لازىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. ئۇ يەنە ياخشىلىق، سەممىيلىك ئۈچۈن تۇرمۇشتىن ئالىدىغان ئىنئامنىڭ يوقلۇقىنى هاياتىنىڭ ئاخىرىدا چۈشەنگەن، شۇڭا ئۇ ئۆكۈنمەكتە ئىدى. مانا بۇ نازۇك، چوڭقۇر نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا سالامنىڭ ئۆلۈمى، دوستىنىڭ قايغۇسى بىلدۈردى. بۇ نەرسىلەرنى بىلگەندىن كېيىن ئۇ ھەممىنى قايتىدىن باشلىماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئۇ يالتايدى. چۈنكى ئۇ كېچىككەن. ئەمدى ئۇنىڭ يالغان كۈلۈشكە، يالغان - ياسىما گەپ قىلىشقا، ئەپلەپ - سەپلەپ ئادەم پۇتلاشقا ئەقىل - قۇۋۋىتىمۇ، ۋىجدان كۈچىمۇ يېتىشمەيدۇ: يەنىلا كونىچە —قانداق يارالغان بولسا شۇ پېتىچە، پەرداز ۋە ياسالمىلىقتىن خالىي ياشىشى كېرەك، گەرچە بۇنداق ياشاش ئازابلىق بولسىمۇ، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ.

بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا گۈركىرىگەن، يەرنى تىترەتكەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئاسمانغا قارىدى: ھاۋا سۈزۈك، ئاندا - ساندا ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرۈپتۇ. بىر ئۇزۇن ئاق تۇرنا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاستا لەيلەپ ئۆتتى. قاغىلار «ئارغامچا» بولۇشۇپ قاناتلىرىنى خۇشياقماي قېقىپ ئاستا ئۇچماقتا. يوپۇرماقلار ئاستا لەيلەپ چۈشمەكتە، دەرەخلەرنىڭ توپا شاخلىرى ئاستا، خۇشياقماستىن ئىغاڭلىماقتا. مەزىنىنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ئەزىنىمۇ ئاستا ئاڭلانماقتا. شۇنداق، بۇ يەردە ھەممىلا نېمە ئاستا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ، يېزا ھاياتىنىڭ قەدەم رىتىمى.

لېكىن بىرلا نېمە ئۇنداق ئاستا ئەمەس، ئۇ ئۆلۈم. ئۆلۈم لاچىنىدەك تۇيۇقسىز، تېز كېلىدۇ - دە، ئۇنىڭ تىرناقلىرى جان ئۈزۈلگەندە ھېچكىم، ھېچقانداق قىلىپ بۇ تىرناقلارنى توسىيالمايدۇ.

نىزامىدىدىنىنىڭ خىيالى ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە كۆچكەندە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سالامنىڭ جەسىتى كەلدى. ئۇ، سالامنىڭ ئېتىككىنى ئۆز قولى بىلەن چاتتى.دوستىنىڭ تونۇش بەدىنى بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈنلا سالامنىڭ ئاياغ يۇغۇچىغا ئۆزى كىردى. ئاياغ يۇغۇچى ئۈچۈن قويغان قېلىن چەملىك كۆن ئۆتۈكنى قوبۇل قىلدى (گەرچە ئۇ ئۆتۈكنى ئون يىل بۇرۇن ئۆزى ئۇنىڭغا بەرگەن بولسىمۇ). ئەنە شۇ چاغدا ئۆلۈمنىڭ دەھشىتىنى يەنىمۇ چۈشەندى: سالامنىڭ تېنىمسىز ئاغزى قىڭغىر چىققان، كۈلۈپلا تۇرىدىغان كۆزلىرى ئېچىلماسقا يۇمۇلغان. كىرپىچتەك قاتمال قوللىرى مۇزلاپ قېتىشقان. ئۇنىڭ كىچىككىنە گەۋدىسى تېخىمۇ كىچىكلەپ، قورساقلىرى ئىچىگە تارتىلىشىپ، ئېگەك ۋە تېقىم تېرىلىرى پۈرلەپ تاشلىۋەتكەن قەغەزگە ئوخشاپ قالغان. ئۇ گەۋدە ھېلىقى كىشىلەرگە پەشۋا ئېتىپ، گۈپسۇلداپ ماڭىدىغان سالام كاۋىنىنىڭ گەۋدىسىگە زادىلا ئوخشىماي قالغانىدى: «مەن ئۆلگەندىمۇ ئاشۇنداق كۆرۈنىمىز، كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىمەن - ھە. مېنىمۇ كىگىزگە ئوراپ، ئاغزى - بۇرنىنى قولياغلىق بىلەن ئېتىۋالغان گۆركار قاراڭغۇ گۆرگە تىقىدۇ - ھە؟

ياقاسى يوق ئاشۇ تونىنى كىيەرسەن
ئاقىۋەت بىر كۈن،
ئىشىكى يوق ئاشۇ ئۆيدە ياتارسەن
ئاقىۋەت بىر كۈن.

بۇ كۈن قاچان؟ مەن نەدە، قانداق ئۆلىمەن؟ غوجامبىر چايان چېقىپ ئۆلىسەن دېگەن بېشارەتنى تاشلاپ، ئەجەلدىن قېچىپ، خېچىر مىنىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋالغان. لېكىن خېچىرنىڭ يايلىدىن چايان چىقىپ ئۇنى چېقىپ جېنىنى ئالغان... ھەممە نەرسىگە ئاغى تېپىلىدۇ، لېكىن ئۆلۈمگە ئامال يوق.»

— ھەي، چېچىڭىز مۇزلاپ قالدىغۇ!

— ماقۇل، ئادەمنى خىيال قىلغىلى قويساڭچۇ خوتۇن، يە بىر ئىش تېپىپ بەرمىدىڭ.

— سىزگە نېمە ئىش بار بۇ ئۆيدە. ئەرشىددىن يېڭى كىتابلارنى ئەكەلدى، كىتاب ئوقۇڭ بولمىسا.

— شەھەرگە كىرىمەن، چېچىمنى ئىسسىت، قىزىق چاي ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ.

ئۇ، چۈشلۈك چايدىن كېيىن ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا شەھەردىكى دوختۇرخانىدا ياتقان دوستىنى يوقلىغىسى كېلىپ قالغانىدى.

مىشكاپ – تاغارلارغا يېزا مەھسۇلاتلىرى قاچىلىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر، بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈشكەن يېزا ئاياللىرى خۇرجۇن – بوپىلىرى بىلەن جىددىيلىشىپ، ئاپتوبۇس ئىشىكىگە كېلىپ تىقىلىشىپ تۇرۇۋېلىشقان. جىددىيلىك ۋە راھەت تالىشىشقا ئادەتلەنگەن يەنە ئاللىقانداق ئادەملەر ئاپتوبۇس ئەتراپىدا بىر – بىرىنى ئىتتىرىشىپ، تىللىشىپ تۇرۇشقانىكەن. نىزامىددىن: «ئورۇن تەگسە ئاپتوبۇسقا چىقىمەن، بولمىسا خادىك كىرا قىلىمەن» دەپ ئويلىدى – دە، بىر چەتتە قىزىقچىلىق كۆرۈپ، قولىنى كەينىگە قىلىپ جىم تۇرۇپ يەنە ئۆز – ئۆزى بىلەن سۆزلەشتى: «ئادەملەر بىر – بىرى بىلەن بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق تالىشىدۇ. بىر ئۆمۈر ئويلىساڭ ئۇزۇن، ياشىساڭ قىسقا. شۇ ھەم ئۇزۇن، ھەم قىسقا ئۆمرۈڭدە كىشىلەردىن كۆپرەك ئالدىڭمۇ ياكى كىشىلەرگە كۆپرەك بەردىڭمۇ، نېمىدىن پايدا تاپتىڭ، نېمىدىن زىيان تارتتىڭ؟ بۇلارنى ئويلىدىڭمۇ؟ ئۆتكەن كۈنلىرىڭ سېنى خۇشال قىلامدۇ ياكى خىجىل قىلامدۇ؟ قانچىلىك سىرلىرىڭنى ئۆزۈڭ بىلەن ئاغزى ئېچىلماس سىر ساندۇقىڭدا ئېلىپ كېتىسەن، قانچىلىكىنى تاشلاپ كېتىسەن؟...»

— ئېشەك ھارۋىنى ئۈستىڭگە باسىمەن، پارچىلاپ باسىمەن!

— ئېشىكىڭنىچۇ؟ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇۋالسەنغۇ دەيمەن.

— بىلەت ئال، ھەي قىڭغىر شەپكە سېنى دەيمەن!

— چاپاننى قويۇۋېتىڭ ھەدە ھوي، مەن سىزنىڭ شوتىڭىزمۇ؟

— ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىنى چوڭراق ئاچساڭ بولمامدۇ؟ بۇ نېمىگە كىرمەك جەننەتكە كىرمەكتىنمۇ تەسكىنا!

بۇ گەپلەر ئۇنىڭ يۇرتلۇقلىرى، ئۇلارنىڭ ئۇستازى سالام ئىدى. ئۇ ھەر قانچە ئالدىراش، خاپا، خۇشال ياكى مۇھىم ئىشتا بولسىمۇ چاقچاق گەپ قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. مەھەللىدىكىلەرنىڭ تولىسىنىڭ لەقىمىنىمۇ رەمتى سالام كاۋا قويغانىدى. ئۇ يەنە سالام توغرىسىدا، ھايات ۋە ئادەم توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدى.

— شەھەرگە بارامسەن، يا بىرسىنى ئۇزاتقىلى كەلدىڭمۇ؟ — ھەممە ئادەم چىقىپ بولغاندىن كېيىن شوپۇر ئۇنىڭدىن سورىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا شەھەرگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى – دە،

ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى ئادەمگە لىق، ھېچكىم ـ ھېچكىمگە ئورۇن بەرمەس، ھەممىلا ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكىدە. نىزامىددىنغا ئىشىك تۈۋىدىن دەسسەپ تۇرالىغۇدەكلا ئورۇن تەگدى. ئۇ ئېگىز گەۋدىسىنى مۈكچەيتىپ، ساقال ئۆسۈپ قېرىلارغا خاس سالاپەت ئالغان چىرايىنى تۇرۇشتۇرۇپ كۆپچىلىككە قارىدى-دە:

— يىگىتلەر، ئىلاج بار تاماكا چەكمەيلى، بۇنىڭ ئىچى ئىسقا توشۇپتۇ، — دەپ يۆتىلىپ قويدى.

ئاپتوبۇس قەدىمىي يولنى بويلاپ ياسالغان يېڭى يولدا كېتىۋاتىدۇ. نىزامىددىن ئىشىك تۈۋىدىكى خادىغا يۆلىنىپ ئۆرە تۇرۇپ، سول تەرەپتىكى قارلىق چوققىلار، قارامتۇل قارىغايلىقلارغا، ساغۇچ ئېدىرلىقلار ۋە غىل ـ پال كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىلى دەرياسىغا، دەريا بويىدىكى توقايلىقلارغا قاراپ يەنىلا دوستى سالام بىلەن خىيالىدا سۆزلەشمەكتە: «سەن بىلەن مەن دەريا بويىلىرىنى قانداق ياخشى كۆرەتتۇق ـ ھە؟ تاللىقلار، جىغانلىقلار، دەرياغا ساڭگىلاپ تۇرىدىغان زىرىق، بۆلجۈرگەن، قارىقاتلار ئەجەب تەملىك ئىدى-ھە؟ئاچچىق-چۈچۈك، يېسەڭ يېگىڭ كېلىدۇ. قىرغاۋۇللار پاكار-پاكار شاخلاردىلا ساڭا قاراپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ياتىسرايتتى ـ يۇ، قاچمايتتى. قارا سۇلاردىكى توپ بولۇپ ئاستا ئۈزۈدىغان بېلىقلارچۇ؟ چار بېلىقلار نان ئۇۋۇقىنى تاشلاپ بەرسەڭ قىزغۇچ كۆزلىرى بىلەن ساڭا قاراپ كۈلۈپ قوياتتى تېخى. سەن سالام ئۇلار بىلەن سۆزلىشەتتىڭ، بارماق پۇتلىرىڭنى ئۇلارغا چىشلىتىپ قويۇپ قاقاقلاپ كۈلسەڭ قومۇشلۇقلاردىن ياۋا ئۆردەكلەر ئۈركۈپ ئۇچاتتى. ھەي سالام، سەن كەتتىڭ، ئىزلىرىڭ قالدى. نەگىلا قارىسام سېنىڭ ئىزىڭ، ھەممىلا يەردە سېنىڭ ئاۋازىڭ. سەن قوشاق توقۇيالايتتىڭ، ئوقۇغان بولساڭ شائىر بولاتتىڭ. سەن ئۇستا ناخشىچى ئىدىڭ، مۆرىتى كەلسە ئارتىسمۇ بولالايتتىڭ. سەن يەنە ئادەملەرگە ياخشى باھا بېرەلەيتتىڭ، بۇنداق ئادەم مۇئەللىملىككە تازا باب. سەن ھەر نېمە بولالايتتىڭ، لېكىن ھېچنېمە بولالمىدىڭ. سەن ھۆرمەتلىك ئادەم بولالايتتىڭ، لېكىن سېنى ھېچكىم ھۆرمەتلىمىدى. مەنمۇ ھەتتا سېنى مانا ئۆلۈمىڭدىن كېيىنلا قەدرىڭگە يېتىپ ھۆرمەتلەۋاتىمەن، سېغىنىۋاتىمەن.

تىرىكلىكتە خالايىقلار بىر ـ بىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەس، دېگەن مىسرانى سەن دائىملا تەكرارلايتتىڭ، بۇ ناخشاڭ ماڭا بەرگەن ئەسكەرتىشىڭ ئىكەن، مانا ئەمدى چۈشەندىم...»

تاغلارنىڭ ئاقباشلىق چوققىلىرى قۇياش نۇرىدا كۈمۈش ئېقىنىغا ئايلانغاندەك، مانا ئەمدى ئوچۇق كۆرۈنگەن ئىلى دەرياسى ئۆز نەغمىسىنى ئەۋجىگە ئەپچىقىش ئۈچۈن چىڭقىلىۋاتقاندەك ... تاغلار ماڭماقتا، دەريا ئۆرەدىمەكتە. مانا بۇ تەبىئەت، مانا بۇ ھايات، مانا بۇ قېرى نىزامىددىننىڭ يۈرىكى.

## 6

ئۇ شەھەردىن چىقىپ مەھەللىسىنى تونۇيالماي قالدى. قەدىمىي كوچىلار ئىزىدا يوق، بەزى ئۆيلەر توپا دۆۋىسىگە ئايلانغان. قېرى قارىياغاچلار قومۇرۇلغان، ئۇلار ئوق تەككەن تىمساقتەك ئوق يىلتىزلىرىنى ھىڭگايتىپ زارلىنىپ ياتاتتى.

— 12 تراكتور، تۆت تۈيتۈجى بىراقلا كەلدى ئاداش، — دېدى ئۇنىڭغا خۇشاللىقى

ئىچىگە سىغماي قالغان دانەك يېغىر ئۆيىگە ئەتەي كېلىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، — پاھ، ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى!

— مېنىڭ شەھەرگە ماڭغىنىمنى كۆرۈپلا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يۈگۈرۈپسەن - دە؟ مەن ئىمىر تەمبۇرنىڭ چىرايىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالاي دەپ شەھەرگە كىرىپ كېتىپتىمەن. ساڭا بايرام بوپتۇ - دە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ھوي؟

— ئاتىنىڭ ئۆلىمى ئىتقا بايرام.

— ئات كىم، ئىت كىم؟

— ئات سالام، ئىت سەن!

— نېمە دېگىنىڭ كاسكا ھوي بۇ؟

نىزامىددىن سەبداش رەقىبىنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئۇ، بۇ چىرايغا كەمدىن-كەم قارايتتى. مانا ھازىر قارىدى: غەلۋىردەك قورۇقلار، دائىم تاماكا قەغىزى چاپلاقلىق تۇرىدىغان، ساقايماس يەلكو بىلەن سەتلەشكەن دورداي كالپۇكلار، قورۇقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئالغاي كۆزلەر، يوغان ۋە قىڭغىر بۇرۇن ئاستىدىكى بېلىق بۇرۇتلىرىغا ئوخشايدىغان شالاڭ تۈكلەر بۇ ئادەمنى دۈشمەنلىرىگىلا ئەمەس، ھەر قانداق تونجى كۆرۈشكۈچىگە سەت - يىرگىنىشلىك كۆرسەتەتتى. نىزامىددىن ھازىرغىچە بۇنچىلىك يىرگىنىشلىك چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغان. چۈنكى بۇ چىرايىنىڭ سىرتىغا چىراي ئىگىسىنىڭ روھىي رەزىللىكى تېپىپ چىققاچقىمىكىن ئالدىدا تۇرغان دانا ئىسىملىك بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئادەملىكىدىن ئايرىلغاندەك، گويا يەر يۈزىگە يېڭىدىن پەيدا بولغان بىر مەخلۇقتەك بىلىنىدى:

— يېغىر، يېغىر، پاھ، بۇ سالامىنىڭ قويغان لەقىمىنى قارىمامدىغان، سېنىڭ مۇنۇ ساقايماس يەلكو ياراڭغا قويۇلغانىمەكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ياق، بۇ لەقەم سېنىڭ كۆڭلۈڭگە قويۇلغانىكەن جۇمۇ، يۈرىكىڭ چىرايىڭدىنمۇ سەتكەن سېنىڭ!

— تىللاۋېرەمسەن، ساراڭ ھوي!

دانا يېغىرنىڭ قىسقا، ئەسكى مەسىنىڭ قونجىدەك پۈرلىشىپ كەتكەن بويۇن، گۆرەنلىرى كۆپتى. دائىم ئوچۇق تۇرۇدىغان، توپا - چاڭلار قونغان كۆكرىكىدىكى كىچماچ، شالاڭ ئاقارغان مەيدە تۈكلىرى تىترىدى.

— ئىت بولسىڭ يۈزۈڭ بولمايتتىمۇ؟ بىزنىڭ مەھەللىنى نەچچە يىللاپ سەن سورىدىڭ- ھە؟ ھېلىمۇ ئادەملەر ئىت بولۇپ كەتمەپتۇ.

دانا يېغىر خۇشال كىرىپ خاپا قايتتى. لېكىن ئۇنىڭ خاپىلىقى نىزامىددىننىڭ خاپىلىقى ئالدىدا تاماكىنىڭ ئوتى، نىزامىددىنىنىڭ بولسا تونۇردىن ئۆرلەۋاتقان قورۇق قورايىنىڭ ئوتى: ئۇنىڭ لەۋلىرى، قول - پۇتلىرى تەڭلا تىترەپ، پۇت - قولىدىكى جانىنى بىرسى سېھىرلەپ تارتىۋېلىۋاتقاندەك، بېشىنى بىرسى قىسقۇچ بىلەن قىسىۋاتقاندەك، كۆزلىرىگە بىرسى قارا سىيا چېچىۋەتكەندەك بولدى - دە، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، ۋۇجۇدى تىترەپ سۇپىدا ئارانلا ئولتۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈردى...

ئۆيدە، دوختۇرخانىدا قانچىلىك ياتقىنى ئۇنىڭغا نامەلۇم، مانا بۈگۈن سېرىق يوپۇرماقلار بىلەن تولغان يەرنى ئاۋايلاپ دەسسەپ ئىشىك ئالدىغا چىققاندىلا ئۆزىنىڭ ئۇزاق ياتقانلىقىنى چۈشەندى: چېقىلغان ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا يول پەيدا بولغان. يول كېڭەيگەن، مەھەللە سەتلەشكەن، يېشىللىق ئورنىنى سارغۇچ توپا ئىگىلىگەن. كۈز پەسلىنىڭ بۇ كۆڭۈلسىز كۈنلىرىدە

دەل - دەرەخ، يەر - زېمىنمۇ ئۇنىڭغا
سوغۇق قاراۋاتقاندەك، تېرەك بې-
شىدىكى پوقاق قاغا «قوق، قوق» قىلىپ
ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك، چۆجە خوراز-
لار ئالدىغا كېلىپ چىللاپ ئۇنى: «ماڭ،
ئۆيۈڭگە كىر» دەپ ھەيدەۋاتقاندەك بىلىندى.
تاج - ھالقىلىرى قېنىق قىزارغان، كۆزلى-
رىدىن ئوت چىقىپ تۇرۇدىغان چۆجە خوراز
قارا مېكىيانغا يۈگۈردى. مېكىيان قۇيرۇق-
لىرىنى كۆتۈرۈپ خورازغا ئۆزىلا يېتىپ بەر-
دى: «بىر كۆرگىنىمدە چىشلەپ تەپكەنىدىڭ،
ھازىر يېتىپ بېرىۋاتىسەن. مەن قارا مېكىيان،
ئازات ئىمىن بۇرنى كۆپكەن خورازمۇ؟
ياق، تېخى خۇلاسىگە بالدۇر. دوختۇرنىڭ:
يوقىلاڭ ئىشلارغا چېچىلمىسۇن،
تالا - تۈزگە كۆپ چىقمىسۇن دېگىنى
نېمىسى؟ ‹يوقىلاڭ› ئىشلار دېگىنى قايسى
ئىشلار، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى، يېزىنىڭ
ئىشلىرى ‹يوقىلاڭ›مىدۇ -ھە؟ قىراۋ چۈش-
تى، ئۈششۈك ماڭدى، دېھقانلارنىڭ بۇغ-
دىيى تېخى سېتىلمىغان، مەھەللە - ئۆي-
لەر ئەجەب تېزلا بۇزۇلغان. پايدىلىق
ئىش ئاستا، زىيانلىق ئىش ئەجەب تېز-
ھە؟ بۇ ئىشلارنى ناھىيە رەھبەرلىرى بى-
لەمدىغاندۇ؟ ئازات ئىمىنىڭ ھەركۈنى زى-
ياپەتتە بولىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلى-
دۇ يۇ، ناھىيىنىڭ قۇلىقىغا يەتمىگەنمىدۇ-
ھە؟ پاك - دىيانەتلىك بولۇش دېگەن گەپ
گېزىتنىڭ ھەممىلا بېتىدە بار. ئەمما بىز-
نىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە پاك - دىيانەت-
لىكلەر قانچىلىك، بودىلىۋاتقانلا قانچىلىك،
خەلقنىڭ ئىلىكىنى شۈراۋاتقانلار قانچىلىك،
بۇنى ئېنىقلايدىغانلار يوق. بۇ توغرىدا
گەپ قىلغانلارنى ‹يوقىلاڭ ئىشقا ئارىلاش-
تى› دەپ جازالايدۇ تېخى. داۋۇت بىچارە
ئىككى مىڭ سوم جەرىمانە تۆلەپ، يىگىر-
مە بەش كۈن بىكارغا ئىشلەپ ئۆيىگە ئا-
رانلا قايتىپ چىقىپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن
بۇ مەھەللىدە تۇيتۇجىنىڭ ئالدىدا توغرا
تۇرغۇدەك ئادەم قالماپتۇدەك... مانا ئەمدى
دېھقانغا قانچىلىك زىيان بولدى، بۇلى
ھېساپلاش كېرەك. بۇزۇلغان ئۆيلەر،
سېلىنمىدىغان ئۆيلەر، سېسىيدىغان
بۇغدايلار بۇ ھېسابقا كىرىدۇ-دە.
‹شىنجاڭ خەلقى ئۈچ يىل ئاشلىق تېرىمى-
سىمۇ يەتكۈدەك ئاشلىق زاپىسىمىز بار›
دېگەن سۆزنى ئازات ئىمىن ھەممىلا جاي-
دا سۆزلەپ يۈرگۈدەك. دېھقانىنىڭ كىرىمى،
خۇشاللىقى، ھەتتا جېنى مۇشۇ بۇغداي
تۇرسا، بۇغداينى خورلايدىغانلار نېمىشقا
جازالانمايدۇ. شاپتۇلىسىنى مۆلدۈر ئۇرۇ-
ۋېتىپ، دەردكە چىدىماي سىرتماققا ئېسى-
لىۋالغان دېھقانلارمۇ جان ئىگىسى. دېھقان
ھەممىگە چىداۋېرىدۇ، دەمدىكىنە بۇلار.
سەۋر - تاقەتنىڭ چېكى بولغىنىدەك، چى-
دام - غەيرەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ - دە».

— يەنە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدۇ ھەي،—
دېدى ئايالى باياتىن بېرى سۇپىدا ئول-
تۇرۇپ خىيالغا چۆككەن بوۋىيىدىن ئەنسى-
رەپ، — ھېلىقى كۈنىمۇ مۇشۇ يەردە قىڭ-
غايدى. ئىككى ئاي بولاي دېدى ياتقى-
لى، ھەممە كېسەل خىيالدىن
بولىدۇ، كەلسە - كەلمەس خىيال قىلغان-
نىڭ نېمە پايدىسى. ئىنئامىددىنلار بۇ
يىل قىش قوي بوردىغۇدەك. ئوت -
پاخالنىمۇ يەتكۈدەك يىغدى. قوتاننى يو-
غانتقۇدەك. شۇنىڭغا سىزدىن مەسلىھەت
سوراپ ئۆيدە ئولتۇرىدۇ.

— دېدىمغۇ، كۈنجىرە، كېپەك دېگەن
ئۆزىمىزدىن چىقىدۇ، ئوت - چۆپ يېتەرلىك،
يەنە نېمە مەسلىھەتى بارىكەن ئۇلارنىڭ؟

— ئۇن زاۋۇت ئورنىدا تۇرۇۋەرسە،

ماي زاۋۇتىنى يۆتكىسەك دەيدۇ.

— نەگە؟

— تۆت تۈپ قېرى ئالمىنى قومۇرۇۋېتىپ يەنە بىر زال سالماقچىكەن.

— بولمايدۇ، ئالمىلارغا تەگمىسۇن. قوتاننىڭ ئاۋۇ بېشىدىن بوغسۇن، قوتاننى ماياققا كېڭەيتسۇن، ھاجەتخانە بىلەن تونۇرنى باغنىڭ ئىچكىرىسىگە يۆتكىسۇن.

— خېمىر كۆتۈرۈپ قاترايمىزمۇ ئەمدى؟

— تونۇرنىڭ يېنىغا بىر ئېغىز ھۇجرا، يېنىغا مۇنچا سالىمىز...

— نېمە دەيدىغاندۇ، مۇنچىسى نېمىسى، ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن ئىشنى، ھى - ھى - ھى...

ئايالى كېتىش بىلەن ئۇ ئۆينىڭ ئىشلىرىنى يەنە ئۇنتۇدى - دە، سېتىلماي تۇرۇۋاتقان بۇغداي، ئۆيسىز دېھقانلارنىڭ قايغۇسى بىلەن يەنە خىيالغا پاتتى.

ئۇ، كەنتلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندە ئىشخانىغا ئادەملەر تولغانىدى. دېھقانلار كەنت باشلىقى بىلەن پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ سوراققا تارتماقتا:

— بۇغدايغا ئوت قويىۋېتىمەن!

— كېلەر يىلى يازدا چاقساڭ، بىز كەپە ياساپ بولسىمۇ...

— سادىغاڭ كېتەيلەر، بىزدە نېمە ئامال...

— يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى دەپ بېسىم ئىشلىتىۋاتسا...

— گۈيخۇا دېگىنىگە بىز غىق تويغان، خۇشتارمىدۇق...

تالاش - تارتىش، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ھاسا تۇتقان، ساقاللىرى ئۆسكەن ئادەمنىڭ كىرىشى بىلەن بېسىلدى. ئولتۇرغانلار ئۆرە، سۆزلەۋاتقانلار جىم بولۇشتى.

ھەممىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى: دائىم ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، شۇ غەم بىلەن تولا سۆزلەپ «كاسكا» دېگەن لەقەمگە ئېرىشكەن بۇ ئادەم ئىككى ئاي مەھەللە كوچىلىرىدا كۆرۈنمىۋىدى، مەھەللىنى سۈكۈت، ئادەملەرنى غەم باستى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ گۈيخۇاچىلارنىڭ تراكتور، تۈيتۇجىلىرى مەھەللىگە يوپۇرۇلۇپ كىرگەندە ئادەملەر ئۇنىڭ قەدرىگە يەتتى: «ھەي ئىست، نىزام كاسكىنىڭ يوقلۇقى!» دېيىشتى مەھەللە چوڭلىرى. «نىزامكام بولغان بولسىدى، بۇلار بۇنچىلىك ھۆركىرەلمەيتتى» دېيىشتى مەھەللىنىڭ قارام يىگىتلىرى كوماندا بېرىدىغان «باشلىق» نىڭ يوقلۇقىدىن ھەسرەت چېكىپ. مانا شۇ كۈنى بۇ ئادەملەر ھەممىلا جايدا، ھەممىلا ئىشقا ئارىلىشىپ يۈرگەن بۇ ئادەمنىڭ ھۆرمەتلىك، نوپۇزلۇق، كەسكىن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. مەسچىتتە، مەجلىسلەردە، ئولتۇرۇشلاردا ھەممىلا ئادەم ئۇنى مەدھىيىلەشتى، ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشتى، ئۇ بىردىنلا سىرلىق ئادەمگە، بۇ مەھەللىنىڭ قەھرىمانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ توغرىسىدا يېڭىدىن - يېڭى ھېكايىلەر توقۇلۇشقا، ئۇنىڭ «دوست» لىرى كۆپىيىشكە باشلاپ، ئۇنىڭ دۈشمىنى ھېسابلانغان دانا يېغىرنى ئادەملەر ئاشكارىلا تىللايدىغان بولۇۋېلىشتى.

— بۇغداينى ئالىدىغان ئورۇن يوق، ھۆكۈمەت سېڭىغا ئۆتكۈزگەن بۇغدايلىرىمىزغىمۇ قۇرۇق تالون بەردى، پۇل بەرمىدى. بۇ خەقنىڭ ھەممىسىلا پۇل دەيدۇ، سۇ ئىدارىسى، مەكتەپ، ستراخۋانىيە، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا - بالىلار... ۋاي - ۋۇي، پۇل دەيدىغان

ئورۇنلارنىڭ كۆپلىكى! خىمىيە ئوغۇتىنى نېمىگە ئالدۇق، پۇل تۆلىمىدىڭلار دەپ توكنى ئۈزۈۋەتتى. دېھقانلار يەر پۇلى بەرمىسە، تېرەكلەرنى سېتىشقا ئورمان ئىدارىسى يول قويمىسا، نەدىن پۇل تاپىمىز!

ياچىيېكىنىڭ ياش شۇجىسى قوللىرىنى هاۋادا ئوينىتىپ دەرد تۆكۈشكە باشلىدى. ئۇ هازىر يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۈمچىيىپ سۆزلەيتتى. ئۇ خۇددى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلەيدىغان ئادەمنى تاپقاندەك نىزامىددىنغا ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ قارىدى. نىزامىددىن بىردىنلا «كاسكا» دىن «بۇ دىمەت» كە ئايلانغان. ئۇ لام - جىم دېمىدى، ئاغرىقتىن كېيىن گىرىمسەنلەشكەن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئادەملەرگە قاراپلا قويدى - دە، شلەپىسىنى چۆكۈرۈپ، قىسقا سۆكنىي پەلتۇسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، هېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيلا كەينىگە ياندى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، مىشكاپلارغا گۈنجۈرە قاچىلاۋاتقان ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ يېنىغا كىردى:

— بانكىدا نەچچىلىك پۇل بار بالام؟

— نەق پۇلما؟ ئىككى يۈز ئاتمىش مىڭ سوم.

— ئەكەل، كىنىشكىنى.

— نېمە قىلىسەن دادا؟

— ئىككى يۈز مىڭنى كەنتلىك هۆكۈمەتكە قەرز بېرىمەن.

— بانكىدا نەق پۇل بولمىسا...

— مەن تاپقۇزۇمەن.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇ كىچىك ئوغلىنىڭ موتسىكلىتىغا مىنگىشىپ مەھەللىدىن چىقىپ كەتتى. سېمونت كۆۋرۈكتە — ماگىزىن ئالدىدا ئولتۇرۇشقان ئادەملەر ئۇنىڭ كەينىدىن سۆزلەشتى:

— نىزام كاسكا چوقۇم بىر ئىش تەۋرىتىدۇ.

— ئۇ بىزگە قەرز پۇل بېرىدىغان بوپتۇ. بايا ماي زاۋۇتتا شۇ گەپ بولدى.

— ئۇنىڭ قولىدىن هەرقانداق ياخشىلىق كېلىدۇ جۇمۇ!

— خۇدايىم تېنىڭنى سالامەت قىلسۇن!

دېھقانلار ئۇنىڭ كوچىدا مەست بولۇپ يېتىپ قالغىنى، جۈمە نامىزىغا چىقماي سالام كاۋا بىلەن هاراق ئىچكىنى، قېرىلارغا سالام قىلمايدىغىنى، هەممىلا ئادەمنى «سەن» دەپ گەپ قىلىدىغانلىقى قاتارلىق ئەيىبلىرىنى ئۇنتۇشقان، ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىغا دېمەكچى بولغانلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشقاندەك، ئۇ گويا نەگىلا بارسۇن مۇشۇ يېزىلىقلىرىنىڭ ئىشى ئۈچۈن كېتىپ بارغاندەك، ئۇنىڭغا ئاقيول، سالامەتلىك، ئۇتۇق تىلەشتى.

راست، بانكىدا نەق پۇل يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ، بانكا باشلىقىنى ئاغزىنى بوزۇپ تىللاپ بولۇپ يېزىلىق هۆكۈمەت ئىشخانىسىغا كىردى. ئازات ئىسمىن — پوزۇر كىيىنگەن، كېلىشكەن يىگىت بىر چىرايلىق ئايال بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغانىكەن.

— سەن بولۇمسىز لامزەللى! — دەپ تىللىدى نىزامىددىن ئازاتنىڭ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سافادىن ئورۇن كۆرسىتىشلىرىگىمۇ، قىزغىن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سۇنغان ئاياللارنىڭكىدەك سۇزۇك، نازۇك قوللىرىغىمۇ قاراپ قويماستىن ئاغزىنى بوزۇپ، — دېھقان نېمە كويدا، سەن نېمە كويدا. خەلقىڭ يىغلايدۇ يۇ، سەن كۈلىسەن، خەلقىڭنىڭ كۆزىدە ياشىيۇ، سېنىڭ كالپۇكلىرىڭ ماي! سەن كىمنىڭ كادىرى، كىمنىڭ باشلىقى.

— نى... زامىددىنكا... بۇ... بۇ...

— جىياڭ زېمىن زۇڭشۇجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانسەن، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئازايىت، ئاق ئىسچوت بېرىشنى توختات دېدى، سەن تېخى ئۆزۈڭنىڭ كويىدا، ئىشلىمىسەڭ چىق مۇنۇ ھۆكۈمەت ئىدارىسىدىن، ئىشلىيەلەيدىغانلار كۆپ!

— نەچچە قېتىم يىغىن ئاچتۇق، ناھىيىگە باردۇق، ئامال بولمىسا!...

— بانكىدا نېمىشقا پۇل يوق؟

— ناھىيە بانكىسىدىمۇ يوق...

— ۋىلايەتكە، ئوبلاستقا ماڭمامسەن!

— ھاكىم ئۆزى مېڭىۋاتىدۇ ئىنزامىدىنكا، بىزنى ماڭمىدى، غەم قىلمىدى، دېسىڭىز ئادىللىق بولمايدۇ - دە!

— نېمىگە ئىسسىق ئۆيگە تىقىلىۋېلىپ، قۇرۇق گەپنى تولا قىلىسەن؟

— گېزىتخانا ئەۋەتكەن مۇخبىر بىلەن نەق مۇشۇ ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىمەن، ئىنزامىدىنكا!

ئىنزامىدىن بىر ئاز بوشىدى، بۇدرە چاچلىق قىز ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى.

— بىزنىڭ پېشقەدەم كادىرىمىز ئىنزامىدىنكام، — دەپ بوۋاينى قىزغا تونۇشتۇردى ئازات ئىمىن ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، دىپلوماتچە كۈلۈمسىرەش بىلەن مۇخبىر قىزغا قاراپ قويۇپ، — پېشقەدەم پارتىيە كادىرى، ئۇزۇن يىل تەشكىلات گەنسىسى بولغان، ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. يېقىندا پېنسىيىگە چىقتى.

— پارتىيىدىنمۇ چىقتى دەپ قوي، تولۇقراق بولۇپ كەتسۇن.

— مېنى كادىرلىققا، پارتىيىگە، ئۆستۈرۈشكە تونۇشتۇرغان كىشى مانا مۇشۇ ئىنزامىدىنكام. بۇ ئادەم مېنىڭ دادام، مەن ئۇنىڭ ئوغلى دېسەممۇ بولىدۇ. بايىقى ئاچچىق گەپلەر ئاشۇ يېقىنچىلىقتىن.

بوۋاي ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى مەدھىيىدىن يوشۇرۇن ئەپۇ سوراش، خىجىللىق ۋە سەمىمىي تەنقىدنىمۇ چۈشەندى! «خېلى ئادىمىي ئوخشىمامدۇ ماۋۇ ياسانچۇق، — دېدى ئۇ ئىچىدە ئۆزىگە، — خېنە قويۇشقىلا يارامدىكىن دېسەم ئويلاشقىنىمۇ يارايدىكەنغۇ.»

— قانداق قىلماقچىسەن ئازات بالا؟ — دېدى ئۇ چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپ.

— ناھىيىگە ھازىر بارىمەن.

— ئۇنداق بولسا ماشىناڭغا مېنىمۇ سېلىۋال. ناھىيىلىك بانكىدىن قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئىككى يۈز مىڭ سوم ھەل قىلمىساق بولمايدۇ، قەرز ئالمايمەن، ئامانەت كاسسىدىن ئالىدىغان ئۆز پۇلۇم. ھازىر بىزنىڭ مەھەللىدە يەتتە ئۆيلۈك دېھقان ئۆيىسىز، قانداق قىلىسەن، ھېلىقى تراكتور، تۈيتۈجىلىرىڭ ئۇلارغا ئۆي سېلىپ بېرەلەمدۇ ئەمدى؟

— بۇ، بۇ... بۇمۇ يۇقىرىنىڭ...

— يالغان ئېيتما، يۇقىرىنىڭ بۇنداق يوليورۇقى يوقكەن. دورامچىلىق. كونا گويخۇانىڭ قۇيرۇقى ئىكەن. شۇنچە يىل تۇرغان قۇيرۇق يەنە بىرنەچچە يىل تۇرسا، دېھقان ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن كېسىلسە بولماسمىدى. ئوبلاست كوچىلارنى چاقتى، ناھىيەمۇ چاقتى، مەن قالامتىمۇ دەپ چاقتىڭ، دېھقاننىڭ پايدا - زىيىنى بىلەن ھېسابلاشمىدىڭ!...

مۇخبىر قىز قاقاقلاپ كۈلدى:

— قىزىق گەپ. بىر - بىرىنى دوراپ - ھە!...

— دورايدۇ، ئۇلارچە بولغاندا، ئىسلاھات — دورامچىلىق!

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ جىپ ماشىنىسى ئەتراپىتا داڭلىق: چۈنكى ئۇ، خۇيى يامان كادىرلارنىڭ ئىشلىگەن ۋاقتىدىن دوختۇردا ياتقان ۋاقتى كۆپ بولغىنىدەك، ئىشلىگەن ۋاقتىدىن رېمونتخانىدا ياتقان ۋاقتى كۆپ. يىل ئاخىرىدا ھۆكۈمەت خىراجىتىدىن بالىك ئېلان قىلغانىدا ئەڭ جىق پۇل خەجلىگەنمۇ مۇشۇ ماشىنا بولۇپ چىقىدۇ. يەنە بۇ ماشىنا دائىم خادىملار، ۋېلىسىپىتلاردىن كېيىن قالىدۇ. سەۋەبى، ئۇ دائىم يېرىم يولدا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. باشقا شوپۇرلار بۇ ماشىنىنىڭ شوپۇرىغا دائىم: «ماشىناڭنى تارتىپ قويايمۇ؟» دەپ چاقچاق قىلىدۇ. بۇ ماشىنىنىڭ «بېيجىڭ» ماركىلىق ئىسمى يوقىلىپ ئۇنىڭ ئورنىنى «ئازات» ماركىسى ئىگىلىگەن (گەرچە «ئازاد ـ جېفاڭ» چوڭ ماشىنىنىڭ ماركىسى بولسىمۇ).

«ئازاد» يولغا چىقتى. ئۇنىڭدا خوجايىن ئازات، مۇخبىر قىز ۋە شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان نىزامىددىندىن باشقا ئادەم يوق.

— ئۇتتۇرلا ناھىيىگە بارماي، نەچچە كەنتتە توختاپ ماڭ، — دېدى نىزامىددىن شوپۇرغا، — كەنتلىك ھۆكۈمەتلەرگە يولۇقۇپلا ماڭىمىز.

شوپۇر ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدى.

ئازات ئىشىن كەينىدە تاماكىسىنى ئەلەم بىلەن قاتتىق شوراپ غوتۇلدىدى:

— يېزا يوللىرى پاتقاق، بۇ ماشىنا سېمونت يولغىلا يارايدۇ.

— ئىگىسىنى دورىغان ـ دە، بۇنىڭ بويىنغىمۇ بويۇنچاق (گالستۇكنى دېمەكچى) باغلاپ قوي، — دېدى نىزامىددىنمۇ ئاچچىق بىلەن كەينىگە قاراپمۇ قويماي، — توختاپ قالسا ئىتتىرىسەن، پېتىپ قالسا لايىغا كىرىسەن.

قىز يەنە قاقاقلاپ كۈلدى:

— قىزىق ئىكەنسىلەر، گېپىڭلارمۇ، ماشىناڭلارمۇ قىزىقكەن.

— ھېكايە يازامسىز؟ مۇشۇ بوۋايىنى يېزىڭ، — دېدى شوپۇرمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.
مۇخبىر بىلەن شوپۇر كۈلۈشكەنە. بوۋاي بىلەن ئازات خاپا. ئازات بوۋايىنىڭ ئارىغا كىرىۋالغىنىغا، مۇخبىرنىڭ ئالدىدا راست گەپ قىلغىنىغا، ئازاتنىڭ سۆز قابىلىيىتىگە دەخلى يەتكۈزۈۋاتقىنىغا خاپا. بوۋاي بولسا ئازاتنىڭ خاپىلىقىغا خاپا: «مەن بىلەن بىللە بولغىنىغا خاپا بۇ خېنىم مىجەز!» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

كەنت كادىرلىرى — تۈز كۆڭۈل، مېھماندوست دېھقانلار بۇ «پىكاپ» بىلەن كەلگەن يېزا رەھبەرلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشتى. ئۇلار كەلگۈچىلەرنىڭ سوئاللىرىغا ھەم قىزغىن جاۋاب بېرىشتى. لېكىن سوئالنىڭ كۆپى نىزامىددىننىڭ بولغىنىغا ئازات خاپا، دېھقانلار خۇشال بولۇشتى. سەۋەبى، نىزامىددىن ھەر ئىككى گەپنىڭ بىرىسىدە ئازاتقا:

— يېزىۋال ئازات شىياڭجاڭ! — دەپ ئەسكەرتىپ تۇراتتى. يازغىنىغا ئازات خاپا، دېھقانلار خۇشال. يەنە كېلىپ نىزامىددىننىڭ سوئاللىرىمۇ دېھقانلار تازا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلار بولغاچقا، جاۋاب بەرگۈچىلەر مىساللارنى — كونكرېت ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەكتە ئىدى. ئازاتقا ئەلەم قىلغىنى، بۇ ئىشلارنى مۇخبىر قويماستىن خاتىرىگە يازماقتا. مۇخبىر يازدى دېگەن گەپ، جەمئىيەتكە تارالدى دېگەن گەپ. بۇ گەپلەر ناھىيىنىڭ، ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ رەھبەرلىرىگە يېتىپ بارىدۇ: مەكتەپنىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ بالىلار بىر ئاي

ئوقۇشىمىز قالغان دېگەن سۆزنى باشلىقلار ئاڭلىسا، ئازاتتا نېمە دەر؟ مۇنۇ قېرى قېرىشىپ ئەتەي نۇقسانلارنىلا سۆزلەشكە سەۋەب بولىۋاتىدۇ. سورىغان سوئاللىرىنىڭ تېتىقسىزلىقىنى قارىمامدىغان؟ يېرىنى تېرىيالماي سېتىۋاتقان نامراتلار قانچە دەپ سورىغىنى نېمىسى؟ نېمىشقا ئۇ كۆپ خىل ئەمگەكلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالدىن بېيىغانلار قانچە؟ بېلىق كۆللىرى، زاۋۇتلار، تراكتور - كومبايىن سېتىۋالغانلار، ماشىنا بىلەن ئوقەت قىلىۋاتقان، قوي بېقىپ، كۆكتات تېرىپ، بوغا بېقىپ، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز سېتىپ بېيىۋاتقانلار قانچە؟ دەپ نېمىشقا سورىمايدۇ - ھە؟ بۇ قېرى ئەتەيلەپ مېنىڭ كەمچىلىكلىرىمنى كۆۋدىلەندۈرۈپ، نەتىجىلەرنى يوققا چىقىرىۋاتىدۇ. قارىمامدىغان، بىرمۇ ئىجابىي سوئالى يوق، سوئاللىرىنىڭ ھەممىسىلا تەتۈر، سەلبىي...

ئازات ئويلىغانسېرى خاپا بولماقتا. ئۇ ئۈچىنچى كەنتكە ماشىنا ئەگمەندە شوپۇرغا ۋارقىرىدى:

— بولدى، ناھىيىگە ھەيدە!

— ياق، ئالدىڭغا ماڭ، بۇ يېزىدا مەسىلە تېخىمۇ ئېغىر!

— نىزامىدىدىكا سىز...

— نېمە، مېنى باشقۇرۇشقا ھوقۇقۇڭ يوق دېمەكچىمۇ سەن؟ ھوقۇقۇم يوق، بۇرچۇم بار، بالا. سەن مېنى: «پارتىيىدىن نەسىھەت بىلەن چېكىندۈرۈلدى» دېگەن قارارنى چىقىرىپلا قۇتۇلدۇم دەپ ئويلامسىنا؟ مەن بىر پۇقرا، پۇقرالىقتىن قالدۇرۇش قولۇڭدىن كەلمەيدۇ. مېنى پارتىيە نىزامنامىسىگە خىلاپ ھالدا پارتىيىدىن چىقارغىنىڭ بىلەن تېخى مەندىن قۇتۇلغىنىڭ يوق. مەن ناھىيىلىك پارتكومغا ئەرز سۇندۇم. سەن جاۋابكار، سەن داۋاگەر تېخى.

— نىزامىدىدىكا، ئۇ دېگەن پارتكومنىڭ قارارى...

— گۆيخواغا قارشى چىققىنىم ئۈچۈن ماڭا بەرگەن جازا ئۇ، مېنى بىلمەيدۇ دەمسىنا؟ نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈلدى دېگەن جازا سىلەرنىڭ ئويلاپ تاپقان بىر خىل جازارىڭلار. دېھقانلارنى ئۆيسىز قويغىنىڭ، بوغدايلىرىنى سېتىۋەتكىنىڭ ئۈچۈن ساڭا قانداق جازا بەرسە بولار؟

— بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى، مېنىڭ شەخسىي يوليورۇقۇم ئەمەستە!

— دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇڭلار، سېلىقنى ئازايتىڭلار دېگەن يوليورۇقلارچۇ؟

— ئاستا - ئاستا قىلىمىز - دە!

— گۆيخۇانى نېمىشقا ئاستا - ئاستا قىلمىدىڭ. ھەي، ماشىناڭنى ئاۋۇ يېزىغا بۇرا دەيمەن!

شوپۇر ماشىنىنى دەرھال بۇرۇۋىدى، ماشىنا ئۆچۈپ قالدى - دە، شوپۇر ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى ئوت ئالدۇرالمىدى.

ئۇلار ماشىنىنى ئىتتەردى، روكايتكا پىرقىراتتى، ھېچ ئامال بولمىدى.

ئاخىر ئۇلار نە ناھىيىگە، نە ئالدىدىكى يېزىغا بارالماي شۇ يەردە قۇياش بىلەن خوشلىشىپ تۈن پەردىسىنى كۈتۈۋالدى.

## 7

قارا تۈن پەردىسى ئاق لىباس بىلەن ئالماشتى: ئەلىي ۋادىسىنى نېپىز قار ۋە يۇپقا مانان قاپلىدى. باغلاردا قىش گۈزەللىكى — شاخلاردا قاردىن گۈللەر پەيدا بولدى، چىمەنلەرنىڭ نازۇك بەدەنلىرى ئاق

لىباس ئىچىدە غىل - پال كۆرۈنۈپ كىشى قەلبىدە شېرىن تۇيغۇ ئويغاتتى. قىرلىرى يۇپقا مۇز بىلەن قاپلانغان ئېرىقلاردا تىنىق - سۈزۈك تاغ سۇلىرى قۇش چۇجىلىرىدەك چۇۋىرلاشتى... بوۋاينىڭ تۇنجى قېتىم ھوزۇرلانغان ۋۇجۇدى ھاياجان ۋە خۇشاللىق ئىزدەيتتى. ئۇنىڭسىز ھاياتنىڭ نېمە قىزىقى!

ئۇ، قۇندۇز ياقىلىق پەلتوسىنى، ئۆتۈك - كالاچ ۋە مەرىيە قۇلاقچىسىنى كىيدى - دە، دەرۋازىسىدىن چىقتى.

— نەگە ھوي!

— تاماشىغا! زاۋۇتلىرىڭ، بالا - نەۋرىلىرىڭ، توخۇ - ئۆردەك، موزايلىرىڭ تەڭ چۇۋقان سېلىپ قۇلاق - مېڭەمنى يەپ بولدى. سېنىڭمۇ ئىنجىقلىرىڭ جېنىمغا تەگدى. مەن بۈگۈن كامالىنىڭكىدە قونۇپ قالىمەن، تولا قوتۇر قوزىنى ئىزلىگەندەك تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەشتۈرمە - ھە، خوتۇن!

ئۇ يەنە خادىكىكە ئولتۇردى. ئۇ ئۆزى يالغۇز خادىكچىگە سۆزلىمەكتە:

— توغرا ئېيتىسەن، مەن قۇرۇق يول مېڭىۋاتىمەن. قۇرۇق يولغا نېمە موكاپات ئالدىڭ دەمسىنا؟ موكاپات جىق: مېنى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈردى. مەن يىلتىسىندەك پارتىيىدىن چىقىشقا ئىلتىماس يازمىدىم، بايانات ئېلان قىلمىدىم. مېنى تىزىملىكتىن ئۆچۈردى شۇ. ئەمما لېكىن مەن پارتىيىدىن چىقمىدىم. نېمىگە كۈلىسەن، ئۇلار چېكىندۈردى، لېكىن مەن چىقمىدىم شۇ. ئۇلار خالىدى، مەن خالىمىدىم، ئۇلار ئىتتىردى، مەن چىقمىدىم. ئۇلار چېكىندۈرۈش رەسمىيەتلىرىمنى ئۆتەپ قولۇمغا تۇتقۇزدى، مەن ئۇنى يىرتىپ تاشلىۋەتتىم. كۆزۈڭگە قاراپ ھەيدە، ئالدىڭدا كاتاڭ بار. ئاۋايلىمىساڭ كاتاڭغا چۈشىسەن، ئاۋارىچىلىق تارتىسەن. مېنىڭ يولۇممۇ سېنىڭكىگە ئوخشايدۇ، يولدا ماڭىمەنۇ كاتاڭغا چۈشىمەن. ئەمما لېكىن يەنە چىقىمەن - دە، يولۇمغا مېڭىۋېرىمەن، سۆزلەۋېرىمەن. مېنىڭ سۆزلىرىم بەزى قۇلاقلارغا ئەتىيازنىڭ شامىلىدەك ئاچچىق تۇيۇلىدۇ، مەن باشقىلارنىڭ قۇلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمەن، سۆزلەۋېرىمەن، ھېچكىمنى ئايىمايمەن، ئويلىغاننى سۆزلەيمەن. خەلق يالغان سۆزلىمەيدۇ، يەر يالغان سۆزلىمەيدۇ. مەن خەلقتەك، يەردەك سۆزلەيمەن، لېكىن سەن دېگەندەك مېنىڭ سۆزۈمگە قىزىقىدىغانلار ئاز، خېلىلا، بەلكى ناھايىتى ئاز. ئاۋۇ دەلدەڭشىپ كېتىۋاتقان كىم ئۇ، ھە، سەن تۈلكىمۇ نېمە؟ ئەتىگەندىلا ئىچىۋاپتۇ - ھە، بېچارىنىڭ دەردى بار. سەككىز جان ئادەم بۇرۇنقى شياۋدۇينىڭ ئىشخانىسىغا تىقىلىپ قالسا، ئۆيىنى چېقىپ بىسىر تىيىن بەرمىسە، ئىچمەي قانداق قىلسۇن ئۇ بوۋايقۇش. توختا، ئۇنى خادىكىكە سېلىۋالايلى. ھەي ھەسەن، قاردا نېمىشقا دالاغا چىقتىڭ، ئىزىڭ بىلىنىپ قالسا ئارقاڭغا ئوۋچىلار چۈشۈۋالىدۇ تۈلكە! ھا - ھا - ھا...

— مەنمۇ شۇ ئوۋچىنى ئىزلەپ چىقتىم، جاندىن غىق تويغىلى نىكەم!

— ئۇنداق دېمە، خادىكىكە چىق. سەنمۇ سالامدەك ئىچىپ ئۆلەي دەمسەن؟ ئۆلسەڭمۇ ئاۋۋال قەرزىڭنى تۆلىگىن، بالىلىرىڭغا ئۆي سېلىپ بېرىپ ئۆل. سالامنىڭمۇ

ئۆيلىرىنىڭ يېرىمى چېقىلىپ، يېرىمى قېلىۋىدى، قارىغىنا، ئوغۇللىرى چاققانلارنى تىللىماي دادىسىنى تىللىشىپ يۈرىدۇ.

— ئىچمەيمىزمۇ نىزام ھەي، تولا كاسىلدىماي بىر ئىچۈرگىنە!

— قۇرۋان كۆسەينىڭ ئاشخانىسىدىن نېمىشقا چىقىپ كەتتىڭ دەيمىنا؟

— نېمىشقا؟ يۈندا پۇرۇچلۇق قىلىپ تاپقان 2 - 3 يۈز تەڭگەڭ يۈندىدەك تېتىمەيدىكەن. يا ئۇ ناكەس ماڭا پۇل ئالىدىغان ئىشىنىمۇ بەرمىدى. شياۋدۈيگە كاسىر بولغان، چوت سوقالايدىغان ئادەممەن، ئۇنىڭ ئاشخانىسىدا كاسىرلىق قىلالماسىمدىم. پۇل ئوغرىلايدۇ دەپ قورققان چېغى، ئوغرىلىسامۇ ئىنساپ بىلەن بىر ئايدا 5 - 6 يۈز سوم ئوغرىلارىدىم. بۇنچىلىك زىيانغا ئۇ كۆسەينىڭ دادىسىنىڭ گۆرى گۆمۈرۈلۈپ كېتەرمىدى...

ئۇلار يەنە شۇ ئۆيگە، شۇ ئادەملەر يىغىلىشتى. قۇرۋان كۆسەي يەنە شۇنداق تېتىك، شۇنداق قىزغىن ۋە كۆركەم. ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى يالتىرايدۇ، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدۇ، كۆزلىرى نۇرلۇق، جىلۋىدار. قاقاقلاپ كۈلگەندە ئاۋازى مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ، چىشلىرى مەرۋايىتتەك يالتىرايدۇ. مانا بۇ ساقىسى ئالچۇچۇشكەن دەۋر ئامەتلىكلىرىنىڭ غەمسىز چىرايى. ئۇ، دۇنيانىڭ نەرىدە، قانداق ئىش بولۇۋاتقىنىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ، ھەتتا يېزىسىدا بولۇۋاتقان ئىشلار بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئالاقىسى يوق. ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا مۇشۇ ئاشخانا، بەخت - ئامەتمۇ شۇ. ئۇنىڭ خەلقىمۇ مۇشۇ ئاشخانىدىكى يىگىرمە نەچچە ئادەم. خېرىدارلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇۋىسىغا قونغان قاغا. قوناق چاچسا قونىدۇ. «قۇيت» دېسە قاچىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھايات ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم ئويۇنچۇق.

— سېنىڭ ئىشىڭ پەيزى - ھە، قۇرۋان! — دېدى ھەسەن بىرىنچى رومكىنى تەرىنى تۇرۇپ ئىچىۋېتىپ، توخۇ پاچىقىنى ئىشتىھا بىلەن غاجاپ تۇرۇپ، — غەمسىز، ھاجىتىڭ يوق!

قۇرۋان ھەسەننىڭ تۈرۈلگەن چىرايىغا يىرگىنىپ قارىدى: ھەسەننىڭ قويۇق، چارلاشقان ساقاللىرىغا توخۇ گۆشى، لازىلار چاپلاشقان، يوغان، مايماق بۇرنىنىڭ ئۇچىغىمۇ ئاللىنېمىلەر يېپىشقان. كۆزلىرى يۇمۇلغان، ئۇزۇن ياپما قاشلىرى بۇ كۆزلەردىكى نومۇسنى يوشۇرماقچى بولغاندەك تۆۋەن ساڭگىلىغان. تۆتلا چىشى قالغان كومىك ئېغىزىدىن قىزارغان، ھەرىكەتچان تىل چىقىدۇ - دە، قېلىن كالپۇكلارنى يالايدۇ ۋە كومىك چىشلارنىمۇ قېدىرىپ ئۆتۈپ زەڭ قويغۇچىنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويۇپ يوقىلىدۇ... مانا بۇ ھاجەتمەننىڭ - دەۋر قەدىمىگە پۈتى كەلمىگەن دېھقاننىڭ چىرايى. بۇ ئىككى چىرايىنىڭ بىرسى جەلپ قىلىش كۈچىگە، بىرسى يىرگەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ ياشلىرى تەڭ لېكىن بىرسى ئېچىلماقتا، بىرسى توزىماقتا. بىرسى راھەت - پاراغەتنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئويلايدۇ، يەنە بىرسى بولسا ئۆچەي دەپ قالغان شامدەك ئەتراپىغا سۇس ھايات شولىسى چاچالىغىنىغا خۇشال.

— دۇنيا كېرەي دەيمەن نىزام، —

دېدى قۇرۋان كۆسەي تاماكىسىنى تەكەببۇرلۇق بىلەن شوراپ، قولىدىكى پوغان ئالتۇن ئۈزۈكىنى سۇرتۇپ قويۇپ، — يۈز مىڭ سومنى ئاتاپ قويدۇم. ئېپىنى تاپسام بىكارغا ئويناپ كېلەلەيمەن. پاكىستاندىن يەتتە ۋىزا كەلتۈردۇم. ئەرەبىستان، تۈركىيە، روسىيە، يەنە مۇنۇ ئىستانلىرىڭ قوغۇنلۇقىنىڭ يولى بولۇپ قالدىغۇ، ئېسىل ماشىنىدىن بەشىنى ئەكىرىۋالسام، ها - ها - ها... مېنىڭ غېمىم شۇ دېگىنە!

— سېنىڭ غېمىڭ كاتتىكەن كۆسەي، — دېدى نىزامىدىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ئېيتقىنا قۇرۋان، باشقىلارنىمۇ ئويلاپ قويامسەن؟

— ياق، نېمىشقا ئويلايتتىم؟

— باشقىلار سېنى ئويلاپ، سېنىڭ غېمىڭنى يېگەندە، مېنى باشقىلار نېمىشقا ئويلايدۇ دەپ سوراپ باققانمۇ سەن؟

— ياق، نېمىشقا سورايتتىم؟

— مىسالى، بىر چاغلاردا سەنمۇ مۇنۇ ھەسەن تۆلكىنىڭ كۈنىگە قالغان. ئۇ چاغدا بىز ساڭا قوناق ئۇنى يىغىپ بەرگەن، كىگىز - كېچەك، ئورۇن - كۆرپە، ھەتتا ئوتۇن - ياغاچمۇ بەرگەن. ئۇنتۇمىغانسەن - ھە؟

— ياق، نېمىشقا ئۇنتاي.

— ئۇنداقتا، سەنمۇ ھەسەندەكلەرنىڭ بېشىنى سىلاشنى ئويلاپ قويۇدىغانسەن - ھە؟

— ئۇنداق قىلسام قانداق باي بولالايمەن نىزام ھوي. قايسىبىر سېخى باي بولالىغان. بىلەمسەن، مەرد - قولى ئوچۇقلارنىڭ ھەممىسى سالام كاۋا بىلەن ھەسەن تۆلكىدەك. مەردلىك — گادايلىق، ھەسسىلىك — بايلىق.

— ها - ها - ها... مۇنداق دە. ماڭا نېمىشقا قويمايسەن؟ پىيالىگە قۇيە، ماڭا خەسسىسلىك قىلمايسەنغۇ - ھە، مەن سېنى كۆسەي قىلىپ ئىشلەتكەن. قۇيە قېنى، بۈگۈنچە خەسسىسلىكىڭنى قويۇپ تۇرغىنا كۆسەي. راست گەپ قىلغىنىڭ ئۈچۈن ئىچەي. ئەمما مەردلىك — گادايلىق دەيسەن، مانا مەنمۇ مەرد ، ئەمما بايمەن!

— سەن باي ئەمەس، بالىلىرىڭ باي، بالىلىرىڭ يىغىدۇ، سەن چاچىسەن. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش، بالىلىرىم چاچىدۇ، مەن يىغىمەن. بىرسى خىرويىن چېكىدۇ، كۈنگە ئەللىك سوم خەجلەيدۇ، ئۆلتۈرۈۋېتەي دېسەم ئىت يا مۈشۈك ئەمەسكەن ئۇ كاپىر! ئەكەلگىنە ھەسەن، مەنمۇ بىر ئىچەي. ماقۇل، بۈگۈن تازا بىر ئىچەيلى، ھاي بالىلار، تونۇر كاۋىپى تەييار بولدىمۇ، تاۋا كاۋىپى كەلتۈرۈڭلار ئەمىسە!

يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك بۇ ئۆيگە ئادەملەر بىر - بىرلەپ كىرىپ كېلىشتى. بىرسىنىڭ قولىدا ھاراق، بىرسىنىڭ قولىدا پىشىق توخۇ، قوي گۆشلىرى... كىرگۈچىلەر تىجارەتچىلەر، دېھقانلار، كادىرلار، زىيالىيلار ۋە بىكارچى ئىچەرمەنلەر.

قۇرۋان كۆسەينىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىدە ۋارقىراش - جارقىراش ئاڭلانسىلا دەرھال يېتىپ بارىدىغان يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرىمۇ بۇ قېتىم ۋاقىتقا رىئايە قىلىپ ۋاقتىدا ئولتۇرۇشقا داخىل بولۇشتى. پەقەت بىرلا ئازات ئىمىن ئەيمىنىپ كىرەلمىدى. ئۇ، نىزام كاسكىنىڭ ئىچىۋېلىپ ئۇنى سوراققا تارتىشىدىن قورقتى ئەتىمالىم، ئۇنىڭسىزمۇ پۈتۈن تىل-ھاقارەت، ئەيىبلەشلەر شۇنىڭغا قارىتىلدى:

— زىبالىي ياش بولۇپ چۈشكەن قوغالتاق شۇمتەك بۈگۈن بېشىمىزدا. ئۇنىڭ كۆتىگە تېپىش كېرەك!

— بوغدايلار سېتىلمىسا، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى بىكاردىنلا چېقىلسا، ئۇ ئىتىنىڭ بالىسى تانسىخانا، رېستورانلاردا لاللىما قانجۇقتەك سوكۇلداپ يۈرسە، ۋۇي ئانداق يېزا باشلىقىنىڭ ئانىسىنى مىنىڭ!

— ئۇنىڭ قولىدىن نىمە كېلىدۇ دەيسىلەر؟

— ھېچبولمىسا نىزامىكامدەك راست گەپ قىلسۇن ـ دە!

— راست گەپ قىلسا پارتىيىدىن قوغلايدۇ تېخى!

— ھېلىقى شۇجى دېگەن نانقېپى نىمە قىلىپ يۈرىدۇ ئەمىسە؟

— ئۇنى پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەكەتتى ئەمەسمۇ!

ئۇ يەردە يەنە نىمىلەر دېيىلگەنلىكى ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالمىغاندەك، ئۇ ئۆيگە كىملەر كىردىپ، ئاخىرى كىملەر نەلەرگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمىدى. سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مەست بولۇشقان. يېرىم كېچىدە، قار يەنە لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىغاندا نىزامىددىن تۆت كوچا ئېغىزىدا ئىككى قولىنى پەلتۇسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تىك تۇراتتى. ئۇ ئېغىر مەست، تىلى ئارانلا گەپكە كېلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ سۆزلەيتتى:

— مەن بارىمەن، ھەتتا بېيجىڭغا!...

نېرىدا بىرسى دەلدەڭشىپ تېرەك تۇۋىدە ياتقاندەك قىلدى. لېكىن نىزامىددىن ئۇنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ماشىنا چىرىغى چاقتى.

— نىزامكا، ماشىنىغا چىق! — بېيجىڭ ماركىلىق «جىپ» دىن بىرسى بېشىنى چىقاردى.

— سەن كىم؟

— مەن دېگەن مەن!

نىزامىددىن دەلدەڭشىپ بېرىپ ماشىنىغا چىقتى. ماشىنا غەربكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. غەربتىن ئاچچىق شامال چىقماقتا، قار چاپقىداپ ياغماقتا. دەرەخلەر قاراسقۇرۇس، ھۇۋ، چىۋ، ئۇش قىلغان ئاۋازلارنى چىقارماقتا. ھاۋادىن، يەر ـ زېمىندىن خىلمۇ خىل ئاۋاز ـ سادالار چىقماقتا. بۇ سادالار ھاياتقا بولغان مەدھىيىمۇ ياكى نالە پەريادمۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇنداق، ھەر قانداق پەسىلنىڭ، ھەرقانداق دەۋرنىڭ ناخشىسىمۇ، نالە ـ پەريادىمۇ بولىدۇ. يىغلىغان تەبىئەت كۈلەلەيدۇ، نالە قىلغان پەسىلمۇ ناخشا ئېيتالايدۇ. دەرەخلەرمۇ، تاغ ـ تاشلارمۇ، ھايۋانلار، ئۇچار ـ قاناتلارمۇ، ئادەملەرمۇ شۇنداق...

كېچە دېرىزىلەرنى تىنىمسىز ئۇرغان قارمۇ توختاپ، يېڭى بىر كۈن باشلانغاندا كېچىچە جۇدۇننى تىڭشىغان ئادەملەر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، كۈلۈپ تۇرغان قۇياشقا كۈلۈپ قاراشتى. شۇ چاغدا ئادەملەر بىر ـ بىرىگە سالام بېرىشىپ، ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندا يېڭىلىقلارنى بىلىشتى:

— ھەسەن تۆلكە رەمىتى دۆم ياتقان پېتى جان ئۈزۈپتۇ. ئەتىگەن ئۇنى قورۇۋان كۆسەيىنىڭ ئاشخانىسى يېنىدىن — قار ئاستىدىن تېپىپتۇ!

ئۇنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئادەم يوق، نىزامىددىن نەدە، شۇ چاغدىلا ئادەملەر سالام كاۋا ئۇچۇن يۈرەك ـ باغرىنى يەرگە يېقىپ بوزلاپ يىغلىغان نىزامىددىننى ئېسىگە ئېلىشتى:

— ئۇ نەگە كەتتى؟

— باللىرى ماشىنا، موتو بىلەن ئىزدەشىپ كېتىپتۇ.

— ياق، باللىرى ئۇنى ئويناپ كەلسۇن دەپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىۋېتىپتۇ. بىچارە تولا قاقشاپ سۆزلەپ قالايلا دېگەنىدى.

— نەدىكىنى، ئۇ ئۈرۈمچىگە دەۋا - دەستۇر بىلەن كېتىپتۇ.

— ياقە، بېيجىڭغا بارغۇدەك...

— هەي، هېلىقى كىچىك ماشىنا بىلەن يۈرۈپ ئادەم بۇلايدىغان قاراقچىلار ماشىنىسىغا ئالداپ سېلىپ بىر يەرگە ئاپىرىپ بولمىغان بولمىسۇن يەنە!

— بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، هازىر بۇلاڭچىلار كۆپىيىپ قالدى.

— نىزامكام ئىچ يانچۇقىغا هېچبولمىغاندا بەش يۈز سوم سېلىپ يۈرەتتى. بولمىسا نەچچە مىڭ سوم دېگىنە!...

ئىلى ۋادىسى ئاپئاق يېپىنچا ئاستىدا. چەكسىز ئېتىزلار، توقايلىقلار ۋە ساناقسىز ئۆگزىلەر قار ئاستىدىن ئاستا باشلىرىنى چىقارماقتا. قۇشلار ئاستا ئۇچماقتا، شاخلارنىڭ بېشىنى ئەگدۈرگەن قىش زىنىتى — گۈزەل قار ئاستا - ئاستا يەرگە چۈشمەكتە. دېهقان تۈرخۇنلىرىدىن چىققان كۆلەڭ ئىس خۇشياقمىغاندەك ئاستا - ئاستا تارالماقتا. دېهقان ئۆيىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن چىقىپ ئاستا كېرىلىپ قويۇپ، شامىسىنى ئاستا چايناپ پاراڭچىلار يېنىغا ئاستا ماڭماقتا.

ئاستا — بىر خىل هايات رىتىمى ئۆز ئىزىدا، ئۆز پەدىسىدە ماڭماقتا. بۇ زېمىنغا ھەممىلا نېمە مانا مۇشۇنداق ئاستا ئېيتىلىدىغان كۈي سادىسى بىلەن كېلىدۇ. كەتكەنلەرمۇ ئاستا كېلىدۇ، كەتمەگەنلەرمۇ ئاستا - ئاستا ئەستىن چىقىدۇ. ئاستا ئېيتىلىدىغان يەر كۈيى، تەبىئەت ناخشىسى مەڭگۈ - مەڭگۈ توختىمايدۇ. مانا مۇشۇ سادا بىلەن هايات هامان ئىز تاپىدۇ، بۇ سادادىن شۇنداق بىر مەنا چىقىدۇ: «سەن هەقىقەت ئىزدەپ تولا يۈگۈرمە، هەقىقەت ساداسىمۇ بۇ يەرنىڭ شاماللىرىدەك ئاستا كېلىپ دېرىزەڭنى قاقىدۇ.»


1993 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

ئەدەبىيات بىر خىل مەدەنىيەت هادىسىسى سۈپىتىدە بىر مىللەتنىڭ روهىي قىياپىتى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى جانلىق هەم ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تەرەققىي قىلغان ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلغارلىقىنىڭ مۇهىم بەلگىسى ۋە ئىچكى هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.

— دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەهمەدنىڭ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنى» ۋە «تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى»دا سۆزلىگەن سۆزىدىن.

# يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام





(ئەدەبىي خاتىرە)

**ئەختەم ئۆمەر**

مەن دوستلىرىمنىڭ دەۋەت قىلىشى ۋە يار-
دىمى بىلەن دۇنيا كۆرۈپ، نەزەر - كۆزۈمنى
ئېچىپ كېلىش مەقسىتىدە 1992 - يىلى
11 - ئايدىن 1993 - يىلى 3 - ئايغىچە
مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىدىكى
بەزى دۆلەتلەر ۋە رومىنىيە، تۈركىيە،
سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەردە
زىيارەتتە بولۇپ، ئۇ يەردىكىلەر بىلەن بىز-
نىڭ ئورتاقلىقىمىز ھەم پەرقىمىز ھەققىدە
ئويلىغانلىرىم، شۇنداقلا، چەت ئەلدە ئۇچ-
راشقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھايات كەچۈ-
رمىشلىرىدىن كۆرگەن-بىلگەنلىرىم ۋە ھېس
قىلغانلىرىمنى كەڭ ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن
ئۆزئارا ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە ئەينەن
بايان قىلدىم؛ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن تۆرەلدۇق؟
قانداق ياشاۋاتىمىز؟ قانداق ياشىماقچى؟

دۇنياغا نەزەر

قانداق ياشىساق بولىدۇ؟ دېگەن ھايات يوللىرى توغرىسىدا ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ كاللىسى بىلەن كۆزەتكەنلىرىم، ئويلىغانلىرىمنى پەدەزلىمەستىن، تۈزلۈك - سەممىيلىك بىلەن يازدىم.

مېنىڭچە، بۇ تېخى دەسلەپكى تەسىراتىم. مەن يەنە پۇرسەت بولۇپ سەپەر چىقسا، تېخىمۇ كۆپ يەرلەرنى كۆرۈشنى، بولۇپمۇ بىزدىن ياخشى ياشاۋاتقان، بىزدىن ياخشى ئويلىيالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان، قىلالايدىغان، ئىلغار، زامانغا لايىق ئىنسان تەبىئىتى، ئەخلاق يولىدا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ، پىكىر ھەم تەسىراتىمنى يۇرتۇم خەلقى بىلەن ئورتاقلىشىشنى پەرىز دەپ ھېسابلايمەن.

## «ياۋروپادىكى يېڭى يىپەك يولى»

ماۋزۇدىكى بۇ ئاتالغۇ مېنىڭ ئىجادىيىتىم بولماستىن، رومىنىيىنىڭ كونىستانتىن شەھىرىدە ئۆيدىكى لىقىدە يىپەك بېسىپ قويۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يىپەك سودىگەرلىرىگە يىپەك سېتىۋاتقان، تەكتى قاغىلىقلىق ئابدۇلھەمىدخاننىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان گەپ ئىدى. 1980 - يىللىرى قاغىلىقتىن چىقىپ كونىستانتىن شەھىرىنىڭ ئاۋات بىر كوچىسىدا ئۆي ئېلىپ ئولتۇرغان ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە قاراپ ھەيران قالدىم. مېنىڭ ئادەتلەنگەن قاششاق ئېڭىم بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇيغۇرلار پەقەت تەگرىتېغىنىڭ ئەتراپىدا كەتمەن چېپىشقا، پادا بېقىشقا، باققاللىق، كاۋاپچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ناۋايلىق قىلىشقىلا يارالغاندەك، كۆز ئالدىمدىكى، قاپقارا چاچلىرىنى ئامېرىكىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك چاچ مېيى بىلەن مايلىغان، يانچۇقىدىن پىل چىشىدىن ئىشلەنگەن، تارغاقنى چىقىرىپ چاچ تاراۋاتقان 34 ياشلىق، بۇرۇتلۇق يىگىت ئۇيغۇر بولماي ئېنگلىز، نېمىس ياكى باشقا مىللەت بولۇشى كېرەكتەك تۇيۇلدى. ئۇچىسىدا گېرمانىيىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كاستيۇم - بۇرۇلكىسى، پۇتىدا ئىتالىيىنىڭ مودا ئايىغى تۇرغان بۇ يىگىتنى زادى ئۇيغۇر دەيمۇ - دېمەيمۇ دېگىم كېلىدۇ. ئەمما ئۇ تېپىك ئۇيغۇر يىگىتى ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇرلار ۋىلكىدا تاماق يېسە، پىكاپتا ئولتۇرسا، ئالىي دەرىجىلىك كىيىملەرنى كىيسە بولىدىكەنغۇ؟ شۇئان يۇرتۇمدا دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ياغلاشقان دوپپا، ئەرزان باھالىق سۇنئىي تالالىق كىيىم، تۈزلۈك تەر، قارا كىر، ئىس يېنىپ تۇرغان كاۋاپدان، ھۇقۇيتۇپ تۇرىدىغان ھورلۇق ئاشخانىدا چالا پىشقان بادىر چۆپ لەغمەن؛ ئېشەك ھارۋىسى، جۇۋاز، تۆمۈرچىخانا، ئوغرى ئالمىغىچە تاشلىۋەتمەي مىنىۋېرىدىغان ۋېلىسىپىت؛ قىستاڭ ئاپتوبۇس؛ چالما، سېسىقچىلىق، پوق - سۈيدۈك بىلەن تولغان ھاجەتخانا؛ ... يىل بويى ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان، يېرىم چارەك كەتمەن بىلەن قارا يەر ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان ئەرزان ئېغىر ئەمگەك؛ قارا قىشتا توڭ يېرىپ بېكارغا چاپىدىغان ھاشار؛ ھوسۇلنى ئاق تالونغا سېتىپ، ئاز پۇلنى نېسى سوراپ ئالالماي، توپىغا پېتىپ تىزلىنىپ ئاللاغا سېغىنىپ يىغلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ئېغىر ئەسلىمە بولۇپ كۆز ئۆڭۈمدىن ئۆتتى.

— مەن ھەيران قېلىۋاتىمەن. سىز تەكلىماكان قۇملۇقىدىن چىقىپ، قار يېغىۋاتسىمۇ ياپيېشىل چىمەنلىك ئىچىدە ياشىرىپ تۇرىدىغان ياۋروپا زېمىنىدا سودا - تىجارەت

قىلىپ شۇنچە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش بىلەن يۇرتىڭىزدىكىدىنمۇ ئەركىن ياشاۋېتىپسىز. تىلدا قىينالمىدىڭىزمۇ؟

ئابدۇلەھەدخان ياپونىيىدە ئىشلەنگەن، باھاسى سەككىز مىڭ يۈەنلىك (بىزنىڭ پۇلغا سۇندۇرغاندا)، ھەر خىل رەڭ ئۆزگىرىشلىك، ھازىر قارا كۆرۈنۈۋاتقان كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ كۈلدى:

— بىزمۇ دەسلەپتە، تىل بىلمىسەك قانداق قىلارمىز، دەپ بېشىمىز قاتقان. پۇلدىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك قورالنى خۇدا بىزگە بېرىۋىدى، يولىمىز ئېچىلىپ، ئىشىمىز ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كەتتى. چەت ئەلدە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزىمىزدىن باشقا خەلق بىلمەيدىغان بىچارە تىلمىكىن دېسەم، پۇل مەن بىچارە ئۇيغۇرنىڭ قولىغا چۈشۈۋىدى، موسكۋا، سانكت پېتربۇرگ، ۋارشاۋا، بېرن، سان - فرانسىسكولىقلارنىڭ تىللىرىنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈپ بېرىدىغان تەرجىمان ئەتراپىمدا پەرۋانە بولدى. سودا - تىجارىتىم مانا سىلى كۆرۈۋاتقاندەك راۋان - ئوبدان يۈرۈشۈۋاتىدۇ. تارىم بويىدىن سودا - تىجارەت ئۈچۈن ياۋروپاغا قاتناپ چىققان بىر توپ ئۇيغۇر بالىلىرى پارىژ، لوندون، ئامىستردام، ئىستانبول، بوداپېشت، سوفىيە، بۇخارىست، روستوۋ ... شەھەرلىرىدە دوللار نەگە قاچسا، شۇ يەرگە ئۇچۇپ بېرىپ قوغلاپ يۈرۈپ، ئوقەت قىلىۋاتىمىز. ياۋروپادىكى ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ ئايرودروم، پورت، ۋوگزال، بېكەتلىرىدە ئۇيغۇر بالىلىرى بار. قىسقىسى بىز ياۋروپادا «يېڭى يىپەك يولى» ئاچتۇق.

بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، ئۇ ماڭا زەي سالماي پو ئېتىۋاتقان لاپچى ئاداشتەك تۇيۇلدى. ئەمما سەل ئۆتمەستىن ئۇ تىلغا ئالغان ئاشۇ بىر قانچە شەھەردىن كەلگەن تېلېفون ھەم رومىنىيە پوچتىسىدىن كەلگەن تېلېگراممىلار بۇ گەپلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. راست، ئۇلار راستىنلا ياۋروپادا يېڭى «يىپەك يولى» ئېچىپتۇ. كونا «يىپەك يولى» خارابىلىشىپ تارىختىكى سالتەنىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، بۇ يول ئەگىلىرىنىڭ نەچچە ئەسىرلەردىن كېيىنكى چەۋرىلىرى يەنە ياۋروپاغا سودا ئۈچۈن چىقىپ بۇ يەردە ئەجدادلىرىنىڭ ئىزلىرى ئورنىغا يېڭى ئىزلارنى قالدۇرۇپتۇ.

— سىز قاغىلىقتا نېمە ئىش قىلاتتىڭىز؟

— ئۆزلىرى ئۇ يەردىن كەلمىگەندەكلا گەپ قىلىدىغۇ، يازغۇچى ئەپەندى. مەندەك ساۋاتسىز ئادەم نېمە ئىش قىلىدۇ. شاپاق دوپپامنى قىستۇرۇپ كىيىپ، بەلباغقا زاغرىنى تۈگۈپ، كەتمەننى دولامغا سېلىپ: «دېھقانلارنىڭ بەختى بار، ھاشار بېشىدا تەختى بار. كېۋەزلىكتە ئالتۇن بار، قوناقلىقتا تىللا بار» دەپ ناخشىنى دۈك تۈۋلاپ دېھقانچىلىق قىلاتتىم، شۇ.

— سىز نېمىشقا ئوقۇمىغان؟

— ئوقۇشقا كىرىپ بىر يېرىم ئاي بولغاندا، پىئونېر قىلىمىز دەپ دەسلەپ ياخشى بالىلارنى تاللىدى. بىرىنچى بولۇپ مەن تاللاندىم. قەسەم بېرىپ بوينۇمغا قىزىل گالىستۇك تاقاپ ئۈچ كۈن بولغاندا مۇئەللىم: «سەن باي دېھقاننىڭ بالىسى كۆز بويامچىلىق قىلىپ پىئونېرلار سېپىگە سوقۇنۇپ كىرىۋاپسەن» دەپ بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بوينۇمدىن گالىستۇكنى تارتىۋېلىپ ئۇزاق تىللىدى. پىئونېر بولۇپ خۇشلۇقىمدىن

بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولغانىدىم. ئەمدى ئىزا تارتقىنىمدىن ئەرشتىن موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشكەندەك بولۇپ، يولبويى يىغلاپ، مەكتەپتىن شۇ يېنىپ چىققانچە قايتا ئوقۇمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ساۋاتسىز بولۇپ قالغانمەن. مانا ماۋۇ تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى مۇھەممەت ئون يىل ئوقۇپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، كادىر بولىدىغان مەكتەپكە كىرەلمەي قاپتىكەن، كەتمەننىڭ ئاستىدىن تارتىپ ئەپچىقىۋالدىم.

مۇھەممەت دېگەن قارا بالا كۈلۈپ گەپ قىستۇردى:

— بىر ھېسابتا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيمۇ ئوبدان قىپتىكەنمەن. ئۆتكەن بولسام دادامنىڭ ئېتىزدىن مىڭ ئۆلۈپ ئاران تاپقان پۇلىنى خەجلەپ ئوقۇپ، سىلىدەك ئايدا ئۈچيۈز كويغا ئىشلەيدىغان كادىر بولۇپ قالىدىكەنمەن. ئۇ پۇل ئۆزۈمگىمۇ يەتمەي، بىچارە دادامدىن يەنە پۇل ئېلىپ خەجلەپ، ئاچچىق ھاراقنى ئىچىپ يۈرىدىكەنمەن. ھازىر ئايدا ئىككى مىڭ دوللارغا ئىشلەيمەن، بىزنىڭ پۇلغا 18 مىڭ كوي دېگەن گەپ. مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە دادامنىڭ دېھقانچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلى مېنىڭ ئىككى ئايلىق ئىش ھەققىمگە يەتمەيدىكەن. دادامنىڭ يېنىدا بولسام دادامنى يۇنۇپ يەپ، يوق پۇلىنى قەرزدار قىلاتتىم. ھازىر ئايدا دادامغا 100 دوللاردىن 300 دوللارغىچە پۇل ئەۋەتىپ بېرىمەن. ئاڭلىسام، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتكەن ساۋاقدىشىم ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگىلى بىر يىل بوپتۇ، ھازىرغىچە 200 كوي ئايلىق بېرىدىغان يەر تاپالماي قاقشاپ يۈرۈپتۇ. ئۇ بەش يىل ئوقۇش جەريانىدا دادىسىنىڭ كەم دېگەندە 5 — 6 توپىقىنى ساتقۇزۇپ خەجلەپ بولغاندۇ. ئۇ مەندىن ئەقىللىق، دەرسلەردە بەك ئۆتكۈر بالا ئىدى، شۇڭا ئىمتىھاندىن ئۆتەلىگەن. شۇ كاللىسى بىلەن ھازىر مۇشۇ يەردە بولسا، چوقۇم مەندىن جىق پۇل تاپاتتى. يەنە بىر مەزگىل خىزمەت تاپالمىسا، ۋەتەندىن ئايرىلىشقا چىدىسا، ئەپچىقىۋالىمەن. مانا مۇشۇنداق گۈزەل جاي، ئالىي دەرىجىلىك ئۆي، ۋېلىسىپىتنىڭ ئورنىدا پىكاپ تۇرۇپ ئاشۇ توپا ئاستىدا قالغان ۋەتەننى، ئەسكى تاملىق پاكار ئۆينى، ئېشەك ھارۋىسىنى سېغىنىپ يىغلايمىز.

ئۇ شۇ گەپنى دەپلا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. مەنمۇ ۋەتەندىن چىققىلى 20 كۈن بولماي تۇرۇپ كۆزۈمگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى. سەممىي گېپىمنى دېسەم، كىچىك چاغلىرىدا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلانغا قاراپ، ئايروپىلانغا قانداق ئادەملەر چىقىدىغاندۇ؟ خۇدا ئادەملەرنىڭ پېشانىسىگە ماۋۇ ئايروپىلانغا چىقىدۇ، ماۋۇ ئېشەك ھارۋىسىغا، دەپ يېزىپ قويامدىغاندۇ؟ ئۆمرۈمدە بىر قېتىم ئايروپىلانغا چىقىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم قالمايتتى دەيتتىم. ۋەتەندە قانچە قېتىم ئايروپىلانغا چىققىنىمنى ساناپ خاتىرىلىۋالغانىدىم. بۇ يەردە بولسا نۇرغۇن سەپەرنى ئايروپىلاندا باستىم. بۇ يەرگە كېلىشتىن قانچە ئايلار بۇرۇن ئالىي دەرىجىلىك چەت ئەل پىكاپلىرىنى كۆرسەم ۋېلىسىپىتتا ئېغىناپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىدىن قاراپ ئويلانغانىدىم: «ئاشۇنداق پىكاپقا پەقەت ۋالىي بولسا ئاندىن چىققىلى بولارمۇ؟ مىجەزىمدىن قارىغاندا، مەن مەڭگۈ باشلىق بولالمايمەن. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنداق پىكاپقا ھەرگىزمۇ چىقالمىغۇدەكمەن - دە» دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولغانىدى. كېيىن، ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان خىزمەت چىققاندا، قەستەن قانچە پۇل خەجلىسەم خەجلەپ چەت ئەلنىڭ پىكاپىغا بىر چىقىپ

باقاي دەپ قانچە تاكسى توختىتسا چىقماي، گېرمانىيىنىڭ پىكاپىنى ئاتايىن توسۇپ چىقىپ ئولتۇرۇپ باقتىم. ناھايىتى 20 كوي ئالدى. بۇ پىكاپ ھەقىقەتەن ھوزۇرلۇق، يۇمشاق ئىكەن. شۇ مىنۇتلاردا مەن، دېمەك بىزنىڭ باشلىقلار شۇڭا ئۆزىنى تولىمۇ سالاپەتلىك، بىزدىن ئۈستۈن تۇتىدىكەن. ھېچبولمىسا، باشلىقلىقنىڭ نۇرغۇن ھالاۋىتىدىن باشقا، مۇشۇنداق پىكاپلارنىڭ راھىتى ئۈچۈن بولسىمۇ داۋاملىق ئۆز ھوقۇقىنىڭ غېمىدە بولۇپ تېخىمۇ ئۆسكىسى، مەنسەپ ئورۇندۇقىغا تېخىمۇ چىڭ چاپلاشقىسى كېلىپ تۇرىدىكەن. بەزىلەرنىڭ مەنسەپتىن چۈشكەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا كېسەل بولۇپ، تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى، مۇشۇنداق پىكاپلاردىن كېلىدىغان راھەتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن ئىكەن، دېگەن تەھلىلنى قىلغانىدىم. ئەينى چاغدىكى بۇ ساددا تەھلىلىمنى ئويلىسام، ھازىر كۈلۈپ كېتىمەن. بۇ يەردە بولسا، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن دېھقان بالىسى بۇنداق پىكاپنى «ھارۋام» دەپ رومىنىيىنىڭ بۇخارېست، كونستانتىن شەھەرلىرىدە ھەيدەپ يۈرۈپتۇ. قەيەرگە بارسام ئاشۇنداق پىكاپتا مېڭىشقا توغرا كەلدى شۇ پىكاپتا كېتىۋېتىپ ئۆيۈمدە قالغان كونا ۋېلىسىپىتىم، قەشقەر كوچىلىرىدا شۇ ۋېلىسىپىتىمنى ئېغىناپ مىنىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشۈم ئويلىسامىمۇ كۆز ئالدىمدىن نېرى بولمىدى. ئالىي دەرىجىلىك پىكاپى بار بۇ بالا ئايدا ئاز دېگەندە ئىككى مىڭ دوللارغا ئىشلىسە، ئايدا ماشىنا، تاماق ۋە باشقا چىقىمغا 500 دوللار كېتىدىكەن، ئايلىق كىرىمىنى بىزنىڭ پۇلغا سۇندۇرغاندا 18 مىڭ يۈەن بولىدىكەن.

— سىز قانداق قىلىپ رومىنىيىدە بۇنداق «يىپەك يولى» ئۆتەڭگى قۇرۇۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدىمەن ئابدۇلھەمىدخاندىن.

— شياۋدۇيجاڭنىڭ خاسىيەتلىك بىر تەستىكى بولمىغان بولسا، ھازىرمۇ يەنە شۇ «دېھقانلارنىڭ بەختى بار» دېگەن ناخشىنى توۋلاپ ئېتىزدا يۈرەتتىم. شۇ بىر تەستەك يېگەن باھانە بىلەن ئۆيدىن 600 كوي پۇلنى ئېلىپ بىر ماڭغانچە بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇلاردا كاۋاپچى، چايچى بولدۇم؛ بېلەتچى، دوللارچى، ئەتكەسچى، ئوغرى، قىمارۋاز، تىجارەتچى، ئاشپەز، يۈگۈر - يېتىمچىمۇ بولدۇم؛ ئالىي مېھمانخانىدىمۇ، پەلەمپەي ئاستىدىمۇ، شېغىل ئۈستىدىمۇ، ئېسىل خېنىملارنىڭ قۇچىقىدىمۇ، قاراڭغۇ تۈرمىدىمۇ ياتتىم. ئاخىر بىر چاغلارغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنى شاڭخەيدىن قوغلاش بولدى. گۇاڭجۇغا باردۇق. ئۇ يەردىمۇ دەسلەپ ئوبدان بولدۇق، بارا - بارا ياتاق بەرمەس بولۇپ، كېيىنكە كەلگەندە ئۇ يەردىمۇ بىر قوغلاش، تۇتۇش بولۇۋىدى، شياڭگاڭغا چىقىپ، شۇ يەردىن تۈركىيەگە كېلىپ، ھازىر بۇ يەردە سىز كۆرگەن ئوقەتچىلىك بىلەن كۈن ئېلىۋاتىمەن.

مەن ئالما - ئاتادا كۆرگەن ئۇيغۇر ئوقەتچى بالىلارمۇ يەنە شۇ يۇرتىمىزدىن چىقىپ كەتكەن دېھقان بالىلىرى ئىدى. موسكۋادا مەن بىلەن ئەسرا بولغان، يەكەندىن چىقىپ موسكۋادا تۇرۇپ قالغان ئابدۇلھەمىد ئەرباب، ئۇنىڭ «يەكەن - موسكۋا - ئىستانبۇل ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى» دىكى مىركامىل، ئادىل، نامان، ياقۇپ دېگەن بالىلارمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، يۇرتىدا چىقىش يولى تاپالماي چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇر بالىلىرى ئىدى. ئۇلار موسكۋا ئايرودرومىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى

جايلىرىغا ئۆچىرەتسىز بېلەت ئالالايدۇ. موسكۋا ۋوگزالىغا بېرىپ ۋوگزال ئەمەلدار-
لىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈشىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ. ئۇلار ھەرقايسى دۆلەت كونسۇلخا-
نىلىرىغا بىمالال كىرىپ ساقچىلار، كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى بىلەن قىزغىن چاقچاق-
لىشىپ ماڭا ۋىزا ئېلىپ بەردى. ئايروپىلان بېلىتى قالمىۋىدى، ئايروپىلان باشلىقىغا
ماڭمىسا بولمايدۇ دەپ ئايروپىلان خادىملىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ يولغا سالدى.
موسكۋا، كىيېۋ، بۇخارست، كونستانتىن، سوفىيە، ئىستانبول، مەككە، مەدىنە، جىددە ...
مەن بارغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە توپ - توپ ئۇيغۇر بالىلىرى يۈرۈشىدۇ. ئايرودروم-
دا شۇ دۆلەت پۇقرالىرى ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بېلەت ئالالمىسا ئۇيغۇر بالىلىرى كىرىپ
بېلەت ئېلىپ چىقىپ پايدا ئېلىپ ساتىدۇ. ۋوگزاللاردا باشقا دۆلەت يولۇچىلىرى مال-
لىرىنى پېرېۋوت قىلالماي ئۇيغۇر بالىلىرىغا كۆپلەپ پايدا بېرىپ ماللىرىنى ئۆتكۈزى-
دۇ. كونسۇلخانىلاردا ۋىزا ئالالمىغان باشقا ئادەملەرگە ئۇلار ۋىزا ئېلىپ بېرەلەيدۇ.
بۇلار بىزدە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بالىلار ئىدى.

## مەن كۆرگەن ئىستانبول

1992 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېچە سائەت ئۈچ بىلەن بۇلغارىيە - تۈر-
كىيە چېگرىسىنىڭ تۈركىيە تەرەپ سىزىقىغا كىردۇق. ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن مۇز
بولۇپ ئۇيۇغان، دەرەخ شاخلىرى قىراۋنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەتكەنىدى. بوشلۇقنى
قويۇق تۇمان قاپلىغان بولۇپ يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيتتى. قار كۆمگەن تاغلارنىڭ قانچى-
لىك ئېگىز ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئىختىيارسىز بېسىپ ئۆتكەن يوللى-
رىمنى ئەسلىدىم: موسكۋا ئايرودرومىغا چۈشكەندە مانا شۇنداق قار بىلەن قاپلانغان،
مۇز بولۇپ ئۇيۇغان زېمىنغا دەسسىگەنىدىم، ئەمما دەرەخلەر — قارىغاي، ئارچا، تېرەك
ئورمانلىقى ياپيېشىل ياشىرىپ تۇراتتى. قاتمۇ قات قېلىن كىيىم بىلەن «ۋولگا» ماركى-
لىق پىكاپ ئىچىدە ئولتۇرۇپ توڭلىغاندەك بولۇۋاتىمەن. ئەمما كۆز ئالدىمدىكى يېشىل-
لىقتىن - ئاللانىڭ بۇ زېمىننى شۇنداق كاتتا تەڭشىگەن كارامىتىدىن ھەيرانمەن. بارا -
بارا بۇ يەرنىڭ نورمالنى قىش مەنزىرىسى مۇشۇنداق بولىدىكەن دېگەن خۇلاسىگە
كەلگىنىمدىن كېيىن، تېگى - تېگىدىن چىرايلىق، چېچەن سىگان قىزلىرىنىڭ توپ -
توپ بولۇپ ئۆتكۈنچىلەرگە ئەگىشىۋالغانلىقىغا ھەيران قالمىغاندەك، پەرۋاسىز كېتى-
ۋېرىدىغان بولدۇم. پويىز ئۇكرائىنا زېمىنىغا كىرگەندىن باشلاپ بۇ يەردىكى قىشنىڭ
يۇرتىمىزدىكى قىشقا مۇتلەق ئوخشىمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. پويىز كۆپ
ھاللاردا ياپيېشىللىق ئىچىدىكى تاغ — داللاردىن ئۆتتى. بۇ يەرنىڭ قىشى شۇنداق
بولسا، يازدا ئاسمان بىلەن دەريادىن باشقا ھەممە يەر گۈل - چېچەكلەر دۇنياسىغا
ئايلىنىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالدىم. ئاستا - ئاستا بۇ گۈزەل مەنزىرىگە ئانچە ھايا-
جانلانماس بولۇپ قالدىم. ئەمما يېشىل مەخمەلدەك چىمەنلىك ئىچىدىكى كەڭ ھەم
چوڭقۇر، زەڭگەر، سۈزۈك سۇلۇق دەرياغا كەلگەندە يەنە ھاياجانلاندىم. دەريا بويىدىكى،
يەردىن ئىككى گەز ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان ياغاچ ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن كۆكۈش
تۈتۈن چىقىپ تۇرىدۇ. چىغىر يوللاردا كالا يېتىلەپ ماڭغان، بېشىغا ياغلىق سالغان
تولغان چىرايلىق ئاياللار، ئېرىق بويلىرىدا ئىت قوغلاپ ئويناۋاتقان بالىلار، ئاتقا

مىنىپ ئۇۋ مىلتىقى ئېسىۋالغان ئەرلەر، دەريا ئۈستىدىكى سۈس تۇمان، يىڭنە ئۇچىدەك يىڭىشىلىق سىم - سىم يامغۇر ماڭا تولىمۇ تونۇش تۇيۇلدى. قەيەرگە ئوخشايدىغاندۇ؟ مەن بۇرۇن بۇ يەرنى كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟

بۇرناكۈن بىر ۋاگونغا بىللە چۈشۈپ، ناھايىتى تەستە قەيەرلىك ئىكەنلىكىمىزنى بىلىشىۋالغان، 50 ياشلاردىكى گرېك ئەر - خوتۇن ھەمراھىمدىن سورىدىم:

— بۇ، بۇ، قايسى دەريا؟

ئۇ، گېپىمنى ئۇقمىسىمۇ ئىشارىتىمدىن مەقسىتىمنى چۈشىنىپ:

— دون، دون، — دېدى.

ھە، «تىنچ دون» دېگەن روماندىن بۇ دەريانى كۆرگىنىم راست. ئاۋۇ چىغىر يولدىكى ئايال ئاكسىنىيە. بالىلار — ھېلىقى بالىلار، ئاۋۇ ئاتلىقلار كازاك ئەرلەر ... دون دەرياسى راستىنلا تىنچ ئاقىدىغان، ئاقىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان (چوڭقۇر ھەم كەڭ دەريا ئىكەن.

شۇ تاپتا - كۆز ئالدىمدا — سۇنىڭ يۈزىدە شولوخوۋ جىمىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ «تىنچ دون» نى يېزىۋاتقان، ستالىن بىلەن «تىنچ دون» ھەققىدە سۆزلۈك سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان، گىرىگورىي دون دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈۋاتقان، قېرى مىلىخوپ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈشلەر زاھىر بولدى.

مولداۋىيە زېمىنىمۇ باغۇ - بوستانلىق، ياڭاق بىلەن ئامۇت كۆپ يەركەن. رومىنىيە زېمىنىغا كىرسەك بۇغداي مايسىلىرى يېڭى ئۈنۈپ چىقىپ، شەبنەمدىن پارقىراپ تۇرۇپتۇ. ئاللا زېمىنىنىڭ تۈز يېرىنى كۆرسەتمەك بولغاندەك، رومىنىيە زېمىنى تۈپتۈز - تاناپتەك تۈزلەڭ يەركەن. ئېتىزلاردا نە قىر، نە ئېرىق يوق. يەردىن بىر غېرىچ ئېگىز تۇرۇبىنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن پۈركىلىپ چىققان سۇ بۇغداي مايسىلىرىغا يامغۇردەك چېچىلىپ چۈشۈۋاتىدۇ. بۇخارىست شەھىرىگە كېلىپ پاكىز كوچىلار، ئاۋات رەستىلەردە يۈرگەن ئادەملەرگە قاراپ ئۆزۈمنى يېڭىسار ياكى گۇمىغا كەپقالغاندەك، ياكى يېڭىسار، گۇمىنىڭ ئادەملىرى بۇخارىست شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەندەك ھېس قىلىپ قالدىم. چۈنكى پۈتۈن ئادەملەر دېگۈدەك يېڭىسارلىقلارنىڭكىدەك ئۇزۇن، قارا كۆرپە تۇماق كىيىۋالغانىدى. مېڭىش - تۇرۇشلىرى، چىرايى پەرق ئەتكۈسىز، پەقەت بىرلا پەرقى، بۇلار ھەددىدىن زىيادە پاكىز ئىدى.

تۈركىيە چېگرىسىدىكى قىراۋلىق دەرەخ، تۇمانلىق ۋادىدىن كېلىۋاتقان پۇراق تەبىئىي ھالدا مېنى مەھەللىمىزدىكى قار ياغقان قىش ئەتىگىنى تۇمان بولغاندىكى سېزىمغا كەلتۈردى.

— مەرھابا قاردىشىم، تۈركمۇسىز؟

ساقچى پاسپورتىمغا قاراپ خۇش تەبەسسۇم بىلەن سورىدى.

— مەرھابا، ئۇيغۇر مەن، — دېدىم مەنمۇ جاۋابەن خۇش تەبەسسۇم قىلىپ.

ئوچۇق سۆزلۈك، خۇش خۇي چېگرا ساقچىسى تېزلا چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىمنى ئۆتەپ بەردى. مەن سەپەرگە چىققاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ساقچىلار خۇش مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن، بوغۇزۇمغا ئاچچىق بىر نەرسە تۇرۇپ قالدى. رومىنىيە

چېگرىسىدىكى كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. پويىز ئىچىدە ھەممە يولۇچى پاسپورتىمىزنى چىقىرىپ تەكشۈرۈش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز. رومىنىيە ساقچىلىرى ھەر بىر يولۇچىنىڭ قولىدىن پاسپورتىنى ئېلىپ، يولۇچى بىلەن پاسپورتقا تەكرار زەن سېلىپ قاراپ، تامغىسىنى بېسىپ بولۇپ ئۆز تىلىدا:

— سەپىرىڭىزگە خۇشاللىق تىلەيمىز، ئەپەندى، — دەپ ماڭدى. ئۆچىرەت ماڭا كەلگەندە پاسپورتىمنى قولۇمدىن ئېلىپلا ساقچىنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈۋىدى، ئىختىيارسىز تېنىم شۈركەندى.

— چىن پاسپورت، — دەپ ماڭا ئېنگلىزچە بىر مۇنچە قوپال - سوغۇق گەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ: «چىن پاسپورت» دېگەن گېپىدىن باشقا ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. ئۇنىڭغىچە تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى ئاغىنەم ئەنۋەر ئەپەندى ئالدىراپ كېلىپ، روسچە چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ سۆز ئارىلىقىدا پەقەت: «مۇسلىم - ئۇيغۇر» دېگەن گېپىنى ئاڭقىرالىدىم. ساقچى باش - ئايىغىمغا ئىنتايىن سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ، ئەنۋەر ئەپەندىگە بىر نەرسە دەپلا پاسپورتىمنى ئېلىپ كەتتى. ھەممە يولۇچى مېنىڭ باش - ئايىغىمغا قاراپ قويۇشتى. ناھايىتى ھارسىنىپ، خورلۇق ھېس قىلىپ، غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم:

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ ئەبلەخ. يا مەن ئوغرى بولمىسام. ھەممە ئادەمگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ نېمىشقا ماڭا قوپاللىق قىلىدۇ؟ — دېدىم بوغۇلۇپ.

— جۇڭگولۇقكەن، رومىنىيىگە كىرىشكە بولمايدۇ، پويىزدىن چۈشۈپ كەتسۇن، دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى:

— جۇڭگولۇق رومىنىيىلىكنىڭ كۆتىگە يانتاق قىستۇرۇپتىمۇ. ھۇ ئېبگالار. رومىنىيىدە تۇرىدىغان بولسام كاشكى. بۇ نېمىلەرنىڭ يۇرتىدا نېمە بار ماڭا، — مەن قايناپلا كەتتىم.

— خاپا بولماي تۇرۇپ تۇرۇڭلا. مەن سۆزلىشىپ سىلىنى رومىنىيىدە توختىماي ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرەي. جۇڭگولۇق تىجارەتچىلەر كەلسىلا پارا ئېلىپ كۆنۈپ قالغان گۇيلار بۇ. بىزنىڭ تىجارەتچىلەر قائىدىنى، قانۇننى بىلمىگەندىكىن، رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ - ئۆتىمەي چېگرىغا ئۇسسۇپ كېلىۋېرىپ، تۇسۇۋالسا پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي پارا بېرىپ ئۆتۈپ، بۇلارنى يامان ئۆگىتىپ قويغاندىكىن، جۇڭگولۇقنى كۆرسىلا بىر نەرسە تاما قىلىپ شۇنداق قىلىدۇ.

— مېنىڭ رەسمىيەتلىرىم تولۇق تۇرسا.

— تىل، قانۇن بىلمىگەندىكىن رەسمىيەت تولۇق بولسىمۇ، بوزەك قىلىدۇ.

— مۇشۇلارمۇ بوزەك قىلامدۇ ئەمدى؟

— ئەسلى بۇلار بوزەك قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن چاغدا، بىزنىڭ خەلق ئۆزلۈكىدىن ئالدىغا كېلىپ مېنى بوزەك قىل، دەپ ئۆزى ئۇلارغا ئۆگەتكەن، بۇلار ئۆگەنگەن گەپ. بۇلاردىن خاپا بولغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئادەملەر ئۇزاقتىن بويان چەتئەلگە چىقىپ باقمىغاندىكىن، خەلقئارا قائىدە - قانۇننى بىلمەيدۇ. قانۇننى بىلمىگەندىكىن

باشقىلار تەرىپىدىن قانۇنسىز دەپ قارىلىدۇ. قانۇنسىز ئادەمنى ھەر قانداق يەردە خالىغانچە دەپسەندە قىلسا، ئۇنى توسۇيدىغان ئىش يوق. بىزنىڭ ساۋاتسىز تىجارەتچىلەر ئاخىرى بىزنىڭ قانۇنلۇق يولۇچىلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. بولدى، خاپا بولماي تۇرۇپ تۇرۇڭلا، مەن چىقىپ سۆزلىشەي. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن يېرىم يولدا — بۇ ئادەمسىز يەردە پويىزدىن چۈشۈپ قالساڭلا يالغۇزلۇق، تىلسىزلىقتا ئاچ قالىسىلە. خۇدا بۇيرۇسا ئېلىپ كېتىمىز، خاتىرجەم بولۇڭلا.

ئەنۋەر ئەپەندى ئالدىراپ پويىزدىن چۈشۈپ كەتتى. دېرىزىدىن روھىم چۈشكەن ھالدا قاراپ - قاراپ تۇردۇم. ئۇ چېگرا ساقچى پونكىتىغا كىرىپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن چىقىپ:

— باشلىقى بىلەن پاسپورت تەكشۈرگەن ساقچىغا 20 دوللاردىن پارا بېرىپ، ناھايىتى تەستە ئىشىڭلارنى توغرىلىدىم، — دېدى ئەنۋەر ئەپەندى، — خۇداغا شۈكرى، ھەر ھالدا ئىنساپلىق گويلاركەن. قايتۇرىمىز دەپ تۇرۇۋالغان بولسا، سىلەرنى يالغۇز تاشلاپ بىز قانداق كېتىمىز، ئۇ چاغدا بەك جىق زىيان بولاتتى دەڭلا.

مەن ئىچىمگە تىنىپ جىمپىلا كەتتىم. ھەممە يولۇچى ھەقسىز ئۆتكەن رەسمىيەتكە رومىنىيىدە تۇرمىسامۇ پۇل تۆلەپ ئۆتسەم، قىرىق دوللار دېگەن مېنىڭ بىر يېرىم ئايلىق مائاشىم تۇرسا. خىيال بىلەن ئولتۇرسام تاموژنا خادىملىرى كېلىپ ھەممە ئادەمنىڭ سومكىسىنى ئاقتۇردى. باشقا يولۇچىلارنىڭ نەرسىسىنى بوشراق، بىزنىڭكىنى ئەزمىلىك بىلەن ئۇزاق ئاقتۇردى. ئاندىن ھەر بىرى ئىككىدىن ئالىي دەرىجىلىك چاقماقنى ئېلىپ ھىجىيىپ تۇرۇپ يانچۇقلىرىغا سالدى. ئەنۋەر ئەپەندى گەپ قىلماڭلا دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىتى قىلدى. مەن ئۈنسىز ھالدا ئۇلارغا تىكىلىپ تۇردۇم.

ساقچىلارنىڭ يولسىزلىقى غورۇرۇمغا قاتتىق تەگدى. ئەسلىدە رومىنىيىدە توختاش ئويۇممۇ يوق ئىدى. «توختا، دېدىممەن ئىچىمدە، يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگىچە، رومىنىيىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كۆرۈپ كېتەي» دېگەن نىيەتكە كەلدىمدە، بۇخارېست، كونستانتىن شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سەپەرداشلىرىم بىلەن تۈركىيىگە قاراپ يول ئالدىم.

تاڭ يورۇغاندا تۇمان تارقاپ قاقاس تۆپىلىكتە كېتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆردۈم. بۇ يەردىكى تۆپىلىك، ئېدىرلار توقسۇننىڭ كۈمۈش ئەتراپىغا ئوخشىسا، تۇپراقنىڭ رەڭگى بۈگۈر يايلىقىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

— بۇ يەرلەرنى كۆرۈپ بىردىنلا جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدۇقا، تۈركىيىنىڭ يەرلىرى بىزنىڭكىگە ئوخشامدۇ، نېمە؟ — يېنىمدىكى ھەمسەپەر دوستۇم ئابلىز ھاجىمدىن سورىدۇم. ئابلىز ھاجىم كۈلۈپ، ئەتراپقا زەن سېلىپ قاراپ:

— راست، مۇشۇ ئەتراپ بىزنىڭ يۇرتقا ئوخشايدىكەن، ئەمما بۇنداق يەر ئاز، ھېلى كۆرۈسىلە، ھەممە يەر يېشىللىقلىق، — دېدى.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، ئېگىز چوققىدا ئاق ئاتقا مىنگەن بىر ئادەم جىمىدە قاراپ تۇرغىنىغا كۆزۈم چۈشتى.

— دەل شۇ.

— نېمە دەل شۇ؟

ئابلىز ھاجىمنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرگىچە، كۆز ئۆڭۈمدىكى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك بىر مەنزىرە مېنى ئۆز قوينىغا سۆرەپ كىرىپ كەتتى.

چوڭ تۆپىلىك، تىكەنلىك، كۆك يانتاق، چاتقال ... مەمەت ئاۋاق قارا تەرگە چۆمۈپ قاچتى. دۈم يىقىلدى. يۈزلىرىنى كۆك يانتاق تىكەنلىرى تىلىپ، ئالقانلىرىغا سانسىز ئوغرى تىكەنلەر سانچىلدى ... چاتقاللار تىتىمۇەتكەن ئىشتانلىرىدىن كۆرۈنۈپ قالغان ئىنچىكە پاقالچاقلىرى قانلىق، تىلىم - تىلىم ... سىزىقلار بىلەن تولدى: كۆيدۈرىمەن، بۇ دالىدىكى تىكەنلەرنى، چاتقاللارنى ... ھەممىنى ئۆرتەيمەن، قىساس ئالىمەن...

ياۋا ئات قۇيرۇقىنى سۇس شىپاڭلىتىپ ھەيكەلدەك تۇردى. ئۇ قۇياشقا قاراپ قېتىپ قالغانىدى. مەمەت ئاۋاق ئاستا - ئاستا ئاتقا يېقىنلاشتى. ئات قىمىر قىلماستىن قىزغۇچ كۈن نۇرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان چەكچەيگەن كۆزلىرىنى مەمەت ئاۋاققا تىكتى. مەمەت ئاۋاقنىڭ قىزارغان چوڭقۇر كۆزلىرى ئاتنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. مەمەت ئاۋاقنىڭ ئىچىگە قورقۇنچلۇق بىر تىترەك كىرىپ كەتتى. ئارقا تەرىپىدىن ئابدۇئاغىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. «پاك - پاك» ئوق مەمەت ئاۋاقنىڭ سالۋاراپ تۇرغان چاچلىرى ئارىسىدىن كۆيۈك پۇراپ ئۆتۈپ كەتتى. ئات قۇلاقلىرىنى شىڭگىتىپ بىر پۇشقۇردى. مەمەت ئاۋاق مۈشۈكتەك بىر سەكرەپلا ئاتنىڭ ئۈستىگە قونۇۋالدى. ئات قاتتىق بىر كىشنەپ ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئادەمدەك ئۆرە بولدى. ئابدۇئاغىنىڭ ئادەملىرى يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئات ئۇزۇن ئاق بۇلۇتتەك بىرلا سوزۇلۇپ قۇياش نۇرى ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ كەتتى.

ياشار كامال چوقۇم مۇشۇ دالىنى، ئاشۇ ئاتلىق ئادەمنىڭ قىياپىتىنى يازغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلدىم. مەن قايتا قارىغاندا، ئاپتوبۇس بىر ئېدىرلىققا ساڭگىلاپ ھېلىقى ئاتلىق ئادەم تۇرغان چوققا كۆرۈنمەي قالغانىدى. ئاپتوبۇس بىر ئەگىلىپ، يۇمران ئوت - چۆپلەر ئۆسكەن تۆگە ئۆركىشىدەك دۆڭلەر كۆرۈندى. يىگىنىدەك كۆلۈپ چىققان چىرايلىق مايسىلار بارغانچە قويۇقلىشىپ، پۈتۈن كائىنات ياپپېشىل، ئاسمان كۆپكۆك بولۇپ كۆرۈندى. تېنىم يايرىغانلىقىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم روھلىنىپ، سەپەر ھاردۇقلىرىم ئاشۇ يېشىللىققا تاراپ كەتتى. بۇ يەرنىڭ 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىكى قىشى مۇشۇنداق بولسا، باھار پەسلى قانچىلىك گۈزەل بولۇپ كېتىدىغاندۇ - ھە؟ يېشىل دۆڭلەر ئارىسىدىن دېھقان ئۆيلىرى كۆرۈندى. چىرايلىق پاكار رېشاتكا ئىچىدە ھەر خىل گۈللەر كۆكلەپ تۇرۇپتۇ. گۈللۈك يېنىدا — مەرمەر خىش ياتقۇزۇلغان يولدا چىرايلىق يوپۇققا يۆگەلگەن بىر قانچە پىكاپلارنىڭ چاقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. گۈللۈك ئارىسىدىكى تار مەرمەر تاشلىق يول پەلەمپەي ئارقىلىق بىناغا كىرىدىكەن. تاملار ئاق مەرمەر تاشتىن پەدازلانغان بولۇپ، كۈن نۇرىدا، پاكىز سۈرتۈلگەن دېرىزە ئەينەكلىرىدەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئىچىمنى مۈشۈك تاتىلىغاندەك بىر ئازاب پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى چىرمىدى. مەن كېتىۋاتقان بۇ دالا سەھرا ئىدى. مەن ئۆزۈم سەھرادا ئۆسكەن سەھرا بالىسى. مانا، بىزدىكى ھەممە يېرىدىن توپا قۇيۇلۇپ تۇرغان كېسەك ئۆيلەر، ئوتتۇرا

ئەسىرنىڭ سۇۋاقسىز تاملىرى، توپا چىراي دەرەخلەر، زىرائەتلەر، ئېگىز - پەس توپا يول. ھەممىسى خۇدا قانداق بەرگەن بولسا شۇ پېتى؛ قورۇ بىلەن قورۇ كۆللۈك، باغ، ئېرىق ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرماستىن، ئۇرۇمچىدە ئاپتوبۇستا ئۆرە تۇرۇپ قوشنى سۆڭگەكچە سۇۋاپ تۇرغاندەك بىر بىرىگە چاپلاپ سېلىنغان. تاملىرىمىز، يوللىرىمىز، باغلىرىمىزمۇ مۇشۇلارنىڭكىدەك بولسا، ئىشىك ئالدىغا — پاخال ئۈستىگە ئېشەك باغلاپ قويماي بىزمۇ ماشىنىغا چىرايلىق يوپۇق يېپىپ قويساق خۇدانىڭ دەپتىرىگە گۇناھ بولۇپ يېزىلارمىدى؟ ئۇلارنىڭ تېمىنى خۇدا ئۆز قولى بىلەن مەرمەر قىلىپ بەردىمۇ؟ بۇ گۈللۈكنى خۇدايىم ياساپ بەردىمۇ؟ بۇ ماشىنىنى ئاسماندىن تاشلاپ ھەر بىر دېھقاننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويدىمۇ؟ ھەممىنى خۇدا مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ئەقلى، ئەجرى، ئەمگىكى بەدىلىگە يەتكۈزگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ دېھقانلارمۇ مۇشۇنداق ئۆي ياساپ ئولتۇرسا، پاكىز كىيىنسە، ئۆيىگە مۇنچا قىلىپ بەش ۋاق تەرەتتە يۇيۇنۇپ - تارىنىپ تۇرسا، چاچ قويۇپ، گالستۇك تاقاپ، ئۆزلىرىگە ئەتىر چېچىپ، ماشىنىغا ئايالى، بالىلىرىنى چىقىرىپ مەسچىتكە، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا، تويغا، مېھمانغا بارسا، كۆرمىگەن يۇرتلارنى ساياھەت قىلسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ بىزنىڭ دېھقانلار بۇنداق ياشىسا گۇناھ، ئېشەك مىنسە، ئەرلىرى كەتمەن چېپىپ، ئاياللىرى قىغ توشىسا ساۋاب دەپ خۇدانىڭ قايسى كالامىدا بارئىكەن؟ بۇلارمۇ بىزدەك دېھقان، يەر تېرىيدۇ، ئەمما بىزنىڭ دېھقانلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ يەرلىرى، كالا - قويلىرى بارئىكەن. بۇلارنى خۇدا مۇنداق، بىزنى ئۇنداق ياراتقان ئەمەس. توپان بالاسى بولغاندا، نوھ ئەلەيھىسسالام پۈتۈن جانلىقلارنى كېمىگە سېلىپ، جاھاننىڭ تىنجىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندا، شۇ كېمىدە ھەممىمىز ئوخشاش بار ئىدۇق. ئاللا تەرىپىدىن جاھان قايتا تۈزۈلۈپ، تاغنىڭ ئورنىنى دېڭىز، دېڭىزنىڭ ئورنىنى چۆل قىلىپ ئۆزگەرتىپ بولۇپ زەيتۇن شېخى چىشلىگەن كەپتەرنى نوھ ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەندە، نوھ ئەلەيھىسسالام:

— يائاللا، ھاياتلىق يېڭىدىن باشلىنىپتۇ، شۈكرى، — دەپ ئىلتىجا قىلغاندا، بىزمۇ كېمىدىن زېمىنغا تەڭ چۈشكەنىدۇق. ھېچقايسىمىز بىر - بىرىمىزدىن ئارتۇق ئەمەس ئىدۇق. كېيىنكى چاغلاردا ئەقلىمىز، ياشاش ئادىتىمىز، ھاياتقا قىلغان ئەجرىمىز ئوخشاشمىغاچقا، نىيەت، ئىقبالىمىزغا بېقىپ بىز ئادەم ئاتا ئەۋلادلىرىنىڭ تەقدىرى قىسمىتىمىزمۇ ھەر خىل بولدى.

ئۇلار مەسچىتكە ۋېلسىپىتلىك بېرىپ ناماز ئوقۇسا، بىز شەيتان ھارۋىسى مىنگەن ئادەمنىڭ ئىبادىتى قوبۇل بولمايدۇ دەپ ئېشەكىمىزنىڭمۇ، ئۆزىمىزنىڭمۇ جېنىنى قىيناپ ئېشەك بىلەن مەسچىتكە باردۇق. ئۇلار خۇدا بەرگەن گۈزەل چاچلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ، پاكىزلىنىپ مەسچىتكە كىرسە، بىز يۇيۇقسىز ياغ بۆكنى كىيمىسە دۇرۇست بولمايدۇ، دېدۇق. ئۇلارماشىنا بىلەن يەر تېرىسا، بۇقۇسا بىلەن تېرىمىسا بولمايدۇ، دېدۇق. كىيىمنى يېڭى - پاكىز كىيسە ھارام دەپ، يېتىلىق جەندە كىيىشنى راۋا كۆردۇق. بىز ئاللاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئاللىكىملەرنى پىر تۇتۇپ ئۇنىڭغا چوقۇندۇق. خەق ئىناق - ئۆم، ئۆز ئىشىغا پۇختا بولسا، بىزنىڭ ئىش - ئەمىلىمىز بىر - بىرىمىزگە يامانلىق تىلەش، ئورا كولاش بولدى. ئۆزىمىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى بىلمەي، خەقنىڭ ئىشىغا

بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىپ، ئاخىرى ساگمۇ يوق، ماگمۇ يوق كۆك ئۆچكەي بىچارە بولۇپ، خۇدادىن ئاغرىنىپ، كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ، ھەممىنى خۇدا تاشلاپ بەرمىسە مۇشۇنداق بولغۇنۇم بولغان، دەپ قىيداپ ئولتۇردۇق؛ خۇددى خۇداغا يەپ بېرىدىغان، خۇداغا كىيىپ بېرىدىغان، خۇداغا ياشاپ بېرىدىغاندەك. مۇشۇنداق چېچىمىزدىن تولا تەتۈرلىكىمىز بىزنى بۇنداق، ئۇلارنى مۇنداق ھاياتقا ئېرىشتۈردى. بىر خەلق بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئەقلى - ھوشىنى جايىغا ئىشلىتىپ، ئىناق بولۇپ، توغرا يول، ھالال ئەمگەك، ئىنساپ، ساپ نىيەت، ئورۇنلۇق سۆز، ئېسىل پەزىلەت بىلەن جان تىكىپ، ئىرادە ۋە چىدام بىلەن ئىشلىسە، تەمەخور، ھورۇن، ئاچكۆز، ھەسەتخور بولمىسا بۇ دۇنيادا ھەممىدىن بەختلىك، باي - باياشات ياشىمايدىكەن قېنى؟ ھەم ئۆزۈمگە ئىچىم ئاغرىپ مەن قانداق ئادەم دەيمەن، ھەم ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى سېلىشتۇرىمەن. ھەممىسىدە مەن قاششاق ئورۇندا، ئۇلار بولسا زامانىۋى دۇنياغا يۈزلەنگەن.

— چۈشۈڭلار، تاماق يەيدىكەنمىز!

ئابلىز ھاجىمنىڭ گېپى ئۆز يۇرتۇم بىلەن ئانادولى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما ھايات ھەققىدىكى خىياللىرىمنى بۆلۈۋەتتى.

— ئىستانبۇلغا كەلدۇقما؟

— ئىستانبۇلغا ئاز قالدۇق. بۇ، ماشىنىمۇ، ئادەممۇ تاماق يەيدىغان ئۆتەڭكەن.

دېرىزىدىن قاراپ ھەيۋەتلىك، ئازادە بىناغا ۋە لاتىن يېزىقىدىكى «تۈرك رېستورانى» دېگەن خەتلەرگە كۆزۈم چۈشتى.

— سىلە چۈشۈپ تاماق بۇيرۇغاچ تۇرۇڭلار، مەن نەرسىلەرنى جۆندىۋېتىپ چۈشەي، — دېدى ئابلىز ھاجىم.

پۇتلىرىم مۇنجىما بولۇپ قاملاشمىغان دەسسەپ يەرگە چۈشتۇم. تېيىلىپ كېتىپ تەستە توختىۋالدىم. يەرگە ياتقۇزۇلغان سىلىق مەرمەر تاش يۈزۈمدىن پاكىزدەك ھېس قىلدىم. خۇدۇكسىرەپ ئەتراپقا قاراپ قويدۇم. ھەممە ئادەم ئۆز خىيالى، ئۆز ئىشى - ئەمەلى بىلەن. شۇنچىلىك ئەركىن. كىمنىڭ نېمە ئىش قىلىشى بىلەن پەقەت كارى يوق. ھەتتا مەن پالاكەتلىك قىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەت سوزۇلۇپ ياتسامبۇ، ھېچكىم شاققىدە قىلىپ كۈلىدىغاندەك ئەمەس. مۇبادا قوپالىسام يۆلەپ قويىدىكەن. ئەگەر مەن قەشقەر ئاشخانىلىرىنىڭ ئالدىدا شۇنداق تېيىلىپ يىقىلسام ئون ئادەم كېتىۋاتقان يولىدىن توختاپ ھاڭۋېقىپ قارىسا، كەم دېگەندە بەش ئادەم ئەخمەقلەرچە سەت ھىجىيىشىپ كۈلىشەر ئىدى، دەپ ئويلىدۇم. دېمەك، بىر كىم ئازابلانسا، قىيىن ئەھۋالدا قالسا، بىزنىڭ تېتىقسىزلارچە سەت كۈلىدىغان ئادىتىمىز، كۈلمەيدىغان ئىشقا كۈلىدىغان، كۈلىدىغان ئىشقا ھاڭۋېقىپ قاراشلىرىمىز بارغانچە ئادەملىك سۈپىتىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ، خالاس. ئەتراپ شۇنچە پاكىز. يەر بىلەن پەلەمپەينىڭ، تام بىلەن تاماق شىرەسىنىڭ پاكىزلىقىدا پەرق يوق. بىر چوڭ پەرق ئۆزۈم بىلەن ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ پەرقى ئىدى. كىيىملىرىمىزنىڭ كونا - يېڭىلىقى ئوخشاش، ھەتتا مېنىڭ يېڭى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ

شۇنچىلىك پاكىز، رەتلىك، مېنىڭ ئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ يۈزى، پېشانىسى، قۇلاق، بويۇنلىرى، ھەر بىر تال چېچى، تىرناقلىرىغىچە تېگى - تېگىدىن پاكىزلىق يېغىپ تۇرسا، گەپ قىلىشلىرى، خوش مۇئامىلىسى، چىراي ئۆزگىرىشلىرىدىن مەدەنىي - تەربىيە كۆرگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن كىچىككىنەمۇ غەم، مۇڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. مېڭىشلىرى ئۆز ئۆيىدە كېتىۋاتقاندەك خاتىرجەم، ئەركىن.

مەن ئاستا كەينىمگە ياناي دەپ تۇرسام كۈتكۈچى بالا كەلدى. ئۇ، باش - ئايىغىمغا قاراپ:

— كوردىمۇ سىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئۇيغۇر مەن، — دېدىم.

— ھە، ماشائاللا قارداش. بۇيرۇڭ، نې كېرەك ئابى.

مەن گەپ قىلماي قايتىپ چىقتىم. سەۋەب، بىر خىل خورلۇق ھېسسىياتى مېنى چەكسىز ئازابقا سالغان، كەمسىتىلىشتىن ھاسىل بولغان دەرد يۈرىكىمنى مۇجىغانىدى. مېنى بۇ يەردە ھېچكىم خورلىمىدى، ھېچكىم كەمسىتمىدى. بەلكى مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم خورلىغان، كەمسىتكەنىدىم.

پۈتۈن ئەتراپ — ئاسمان- زېمىن، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ، تام - تورۇس، شىرە - ئورۇندۇق، قاچا - قومۇچ، ئوچاقبېشى، ئەر - ئايال، خوجايىن - چاكار، ئاش - پەز - كۈتكۈچى ... ھەممىسىدىن پاكىزلىق يېغىپ تۇرىدۇ. مەندىنچۇ؟ ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە ھەممە يېرىدىن — تىنىقىمدىن تارتىپ بىر تال مويۇمغىچە كىر تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۆزۈمدىن ئۆزۈم قاتتىق زېرىكتىم. خۇددى بىر توپ ئادەم ئالدىدا ئىشتىنىم چۈشۈپ كەتكەندەك نومۇس قىلدىم. قەشقەردە بولسا ئالدىنقى پاكىزلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالىسام، بۇ مەينەتلەردىنغۇ ئەمەس ئىدىم، دەيتتىم ئۆزۈمچە. ئەمما ھازىر بۇ يەردە ھەممە پاكىز، بىرلا مەينەت نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ مەن، دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئازابى ئىچ ئىچىمگە مەڭگۈلۈككە ئورناپ كەتتى. كېيىنكى سەپىرىمدە، مەيلى قەيەردە بولسۇن بىر كۈندە قانچە قېتىملاپ، سائەتلەپ يۇيۇنۇپ، ئىستانبولنىڭ، مەككىنىڭ ئادەملىرىگە يېقىن كېلىپ، ئۆز كۆڭلۈمدە شەخسىي تازىلىقىمنى، رەتلىك - پاكىز كىيىمىمنى دىتلاپ، ئۇلارغا سېلىشتۇرۇپ باقتىم. ئەمما ئۇلارنىڭ تېگى - تېگىدىن پاكىزلىق يېغىپ تۇرىدۇ. مەندىن كىر، مۇڭ، سۇنۇقلۇق يېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆڭلۈم سېزىپ تۇردى.

— نېمىشقا يېنىپ چىقتىڭلا؟ — دەپ سورىدى ئابلىز ھاجىم.

مەن جاۋاب بەرمىدىم. مەن ھازىرغىچە ئۇچراتقان ئادەملەر ئىچىدە بۇ ئاغىنەم ھەممىدىن سەزگۈر، ئىنكاسى ئەڭ تېز، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە غىل - پال بىر نەرسە كېلىپ بولغۇچە خۇددى ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە كەچكەندەك بىلىۋالىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەتراپىڭلىدا ھېچكىم يوقتەك ئالدىڭلىغا قاراپ پەرۋاسىز مېڭىۋېرىڭلا. قەشقەردىكى پەدەڭلىدە يۈرسەڭلا چەت ئەلدە جان باقالمايسىلە. قورۇنۇپ، بوشاپ، ماكچىيىپ يۈرمەڭلا، بۇنداق يۈرگەننى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بەك ئۆچ كۆرىدۇ. بۇ يەردە ئاتقىلى ئېلىپ ماڭغان جىنايەتچىمۇ جازا مەيدانىغا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم، ئازادە ماڭىدۇ، — دېدى ئابلىز ھاجىم چاقچاق ئارىلاش سۆزلىگەچ مېنى رېستورانغا

باشلاپ كىرىپ.
ئۇ تاماق بۇيرۇدى. ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىغا بىردىن كىچىك پەتنۇستا غىزا كەلتۇ-
رۈلدى. پەتنۇس ئىچىدە بىر تەخسىدە بىر دانە كۆنجۈتلۈك توقاچ، بىر پىيالە قېتىق،
بىر دانە تۇخۇم، كەمپۈتتەك چوڭلۇقتا سېرىق ماي، گۈلدەك قۇتىدا گىلاس مۇراببا-
سى، بىر ئىستاكان سۇ، بىر پىيالە قورداق ۋە قوشۇق بىلەن ۋىلكا بارئىكەن.
— يېمەمسىلە؟
— ئاۋۋال سىلە يەڭلا، — دېدىم مەن. ئابلىز ھاجىمنىڭ، مېنىڭ خىرىلداپ كۈلۈش-
تۇق. ئابلىز ھاجىم مېنى ئاياپ كۈلدى، مەن خىجىل بولۇپ كۈلدۇم. چۈنكى رومىنى-
يىدە مەن ئۇسال بولغان كۈلكىلىك تاماق يېيىش ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى. يول بويى
ياۋروپاچە تاماق يەنى سوغۇق تاماق، قورداق، بولكا يەپ ئۇيغۇرچە تاماقنى بولۇپمۇ
ئۇزاق سەپەرنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان سۇيۇق ئاشنى تولىمۇ سېغىنغانىدۇق. ئۆي ئىگىسى
يىگىتلەرمۇ بىزنى ياخشى مېھمان قىلدى. ئەمما شۇنچە، ئېسىل ياۋروپاچە تاماقمۇ بىزنىڭ
يۇمغاقسۇت ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ئۇگرىدەك ئاچقان يەرگە بارمىدى. دېمەك، كاتەككە
كۆنگەن توخۇدەك بىز ئۆز تۇرمۇشىمىزغا، ئۆز تاماقلىرىمىزغا مەڭگۈلۈك كۆنۈپ كەتكەنىكەنمىز.
شۇڭا ئۆي ئىگىسى يىگىتلەرگە سەمىمىيلىك بىلەن تەلەپىمىزنى ئوچۇق - يورۇق دېدۇق.
— گاز ئەكىلىپ قويغىلى ۋاقىت بولماي قالدى. توك ئوچاق بار، سەل ئاستا،
خالىساڭلار ھەممە نەرسە - كېرەكنى ئەكىرىپ بېرەي، ئۆزۈڭلار ئېتىپ ئىچسەڭلار،
چۈنكى بىز بىر قېتىملىق قورساق تويغۇزۇشقا بىر ئاش پىشىم ۋاقىت چىقىرالماي-
مىز، — دېدى.
بىز خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇق. ئۇلار بىزگە ئىشلىتىلىدىغان تەييار
چۆپ، ھەر خىل ئوتياش، توخۇ گۆشى ئەكىرىپ بەردى. يەڭنى تۈرۈپ ئۆزۈم سۇيۇق
ئاشقا تۇتۇندۇم. ئاش ئېتىمەن دېگىنىمگە تويۇپ كەتتىم. توك ئوچاقتا قازان تۈزۈك
قاينىماي يامان جىلە قىلىۋەتتى. يولغا چىقىدىغانغا 20 مىنۇت قالغاندا تەقەززا بولغان
سۇيۇق ئاش ئاران پىشتى، ھەممىمىز ئالدىراپ قالدۇق. يولغا چىقىشنىڭ تەقەززالىقى
قانچە كۈنلەردىن بۇيانقى ئاشقا بولغان تەقەززالىقتىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەنىدى.
قىزىق سۇيۇق ئاشنى ئالدىراپ، پۇۋلەپ - پۇۋلەپ ئىچىپ كېتىپتىمەن. ئەس -
يادىمدا چاقىدان بولمىساق كېچىكىمىز، دېگەن ئوي - خىيال ھۆكۈمران. بىر چاغدا
ئۆزۈمگە ئۆزۈم «قارا» دېگەندەك بېشىمنى كۆتۈرسەم ئالتە ئادەمنىڭ ھەممىسى ئاشنى ئىچ-
مەي ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قاراپ ئولتۇرۇشى چۆلدە قېلىپ ئۇسسۇزلۇقتىن
ئۆلەي دېگەن ئادەمنىڭ بۇلاققا دۈم چۈشۈپ سۇ ئىچىشىگە قاراپ تۇرغانلارغا تولىمۇ
ئوخشاپ كەتتى. ئابلىز ھاجىممۇ ماڭا قاراپ خىرىلداپ كۈلگىلى تۇرۇپتۇ.
— نېمە بولدى؟ كېچىككۈدەكساق، تاماقلىرىڭلارنى ئىتتىك يېمەي قاراپ تۇرۇپسىلەرغۇ؟! —
ھەيران بولۇپ، تەرلىرىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ سورىدۇم. ئابلىز ھاجىم قۇلىقىمغا ئاستا
پىچىرلىدى:
— بۇ يەردە، تاماقنى ئاۋاز چىقىرىپ يېگەننى بەكمۇ ئەيىب ئالىدۇ. سىلە بۇ ئىشقا
دىققەت قىلمىدىڭلا.

ـــ دەپ قويمىساڭلا نېمە بىلمەن بۇ ئىشنى، تېز بولۇڭلا دەيسىلە، قىزىق سۆيۈق
ئاشنى سۇ ئىچكەندەك ئىچكىلى بولامتى؟ ئىچىمنى سىقماڭلا تولا. ياۋروپالىق تاماق
يېگەندە ئاۋاز چىقارمايمىز دەپ بولكىدىن باشقا تامىقى يوق خەقكەن بۇ.
تېرىكىپ ئېشىمنى كۆتۈرگەنچە ئاشخانا ئۆيىگە چىقىپ ئاش ئىچتىمۇ، شۇئان يۇرتىـ
مىزدىكى قايناق بازارلار، ئاشخانىلار، ئاشپەزلەرنىڭ كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ ــ
جارقىراشلىرى، ئۇنىئالغۇلارنىڭ ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەيدىغان گۈلدۈر - غالاپ
ئاۋازلىرى، سىن قويغۇلارنىڭ كالدىرلاشلىرى، جېنىمىزنىڭ بارىچە گەپ قىلىپ، سەت
كۈلۈشلىرىمىز، ئاغزىمىزدىن چىقىۋاتقان ھايا سىز ــ تىلغا ئالغۇسىز چاقچاقلىرىمىز، قاۋاقـ
خانا، رېستورانلاردا تۆكمنى تارتقان ئۆچكىدەك سەت ۋارقىراشماقلىرىمىز، تاماق يەۋېـ
تىپ بۇرنىمىزنى تارتىشلىرىمىز، بەلغەم تۈكۈرۈشلىرىمىز بىرمۇ بىر كۆز ئالدىمغا كېلىپ:
«دىققەت قىلماپتىمەن، راست، ئەجەب سەت بىر ئىشلاركەنغۇ بۇ؟» دەپ ئۆزۈمچە نومۇسـ
نى يېگىمدىن بىلدىم. قاچامنى قويۇپ تاماق يەۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كىردىم. ۋاقىت
شۇنچە قىستاپ كېلىۋاتسىمۇ ئۇلار قوشۇقنى ئاغزىغا پەم بىلەن، ئۈن - تىۋىشسىز
سالىدۇ. ھېچكىم گەپمۇ قىلمايدۇ. ئۆي ئىچى تىلسىمدەك جىمجىت. «ھۇ، گەجگىمىزگە
ئۆتۈپ قالغان ئەقىل، شۇنچىۋالامۇ تەربىيىسىز قىلىپ، ئادىمىلىكتىن شۇنداقمۇ يىراقلاپ
كېتەمدۇق. زادى ئەسلىدىنلا تەربىيىسىز، مەدەنىيەتسىز بولساققۇ بۇرۇنمۇ شۇنداقكەن
دېسەك. بىزنىڭ ئەجدادىمىز مەدەنىيەت ئۆگەنگۈچى ئەمەس، مەدەنىيەت تارقاتقۇچى
بولۇپ سەلتەنەت سۈرگەن ئەمەسمىدى؟ ئاشخانىلاردا تاماق يەۋاتقان ھالىتىمىزنىڭ
بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ، غالجىرلىشىپ قاۋاپ، كالاپىشتىپ مەنتاڭ ئىچىۋاتقان ئىتتىن
نېمە پەرقى بار.» بىردىنلا كۆزلىرىمگە مىكئۆيلىرىمىزدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن، پۈتۈن
ۋۇجۇدىدىن پەزىلەت، ۋىجدان، ئىلىم، سەنئەت يېغىپ تۇرغان گۈزەل رەسىملەر كۆرۈنـ
دى. ئۇلار شۇنداق ئەدەبلىك سالام بېرىشىپ كېتىۋاتىدۇ. قاراڭ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار،
روھلۇق قەدەم بېسىشلىرىغا، مېڭىش - تۇرۇشلىرىدىكى سالاپەتكە، كىيىملىرىنىڭ رەتلىكـ
لىكىگە، قاچا - قوشۇق تۇتقان قوللىرىنىڭ شۇنچە ئەپلىكلىكى، تاماق چايناشلىرىنىڭ
سىپايىلىقى، ئېغىز - لەۋلىرىنىڭ ئېچىلىپ - يۇمۇلۇشلىرىدىكى سۆلەتلەرگە. شۇلار مېنىڭ
بوۋىلىرىم، مومىلىرىم ئەمەسمىدى. سىلەر بۇ خىسلەتلىرىڭلارنى ماۋۇ ياۋروپالىقلارغا
ئۆگىتىپ قويۇپ، بىز بالاڭلارنى ئېغىلغا سولاپ چوڭ قىلدىڭلارما؟ بىزنى تېپىپ قويۇپ،
تۇزۇك تەربىيىلىمەي چارۋا قاتارىغا قوشۇپ باقتىڭلارما؟ بالىنى ھايۋانمۇ تاپىدىغۇ؟
ئادەم بىلەن چارۋىنىڭ پەرقى نەدە، تەربىيىدە ئەمەسمىدى؟ دەپ ۋارقىرىغۇم، يىغلىغۇم كەلدى،
ئەمما زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ دۇنياغا يارغاندا، دادامنى تاپقان چوڭ دادام قىلىنسـ
سەن، چوڭ دادامنى تاپقان بوۋام قىلىنسەن، دەپ سىلەردىن بىرمۇ بىر ھېساب ئالايمۇ؟
قىنى، قايسىڭلارغا كەلگۈچە ئادەمتىڭلار؟ قايسىڭلاردىن باشلاپ ئادەملىكتىن چىقتىڭلار؟!
بىر ئادالەت سورىقى بولىدىغان پۇرسەت كەلسە - ھە ... مەندىكى باللارچە قالايمىـ
قان «كوپۇرانە» خىيال رېئاللىقتىن ھالقىپ رىۋايەت بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنىدى.
ئاشۇ گۈزەل تام سۈرەتلىرىدىكى نۇرانە سىما، رەتلىك تونلار، قارا كۆرپە تۇماقلار،
سۈتتەك ئاق پاكىز سەللە، پارقىراق ئۈزۈن ئۆتۈكلەر، يالتىراپ تۇرغان قىلىچلار،

كۆمۈش ساپلىق خەنجەرلەر، تاۋار كۆرپە، يۇڭ پايپاق، بوستانلارغا پايانداز قىلىپ سېلىنغان گىلەملەرنى تاشلاپ جالاقلاپ تۇرغان رەزىل ساپايە، ساپايە تەگكەن پىتىلىق قۇراق چاپان، ساۋاش بولۇپ يېرىم ئەسىر يۇيۇپ تارالمىغان، پىت ئۇۋۇلىغان چاڭگا چاچلار بىلەن توپىغا يۇمۇلۇنۇپ، توپىدىن تىرىك هالدا گۆرگە كىرىپ نەشە تارتىپ، بىھوش بولۇپ ساۋاب، جەننەت ئىپىشلار ـ پاك ئاللانى پاسكىنا بولۇپ گۆرگە كىرىپ ئىزدەشلەر ـــ بۇ نەس لەنىتىلىكلەر ھېلىمۇ رەھىتى كەڭرى ئاللانىڭ ئەپۇسىغا، شاپائىتىگە ئېرىشىپ كەلدى. تەكلىماكاندا شالاپلىتىپ ئۇماچ ئىچىپ، كالا تېزىكىگە دەسسەپ يۈرۈپ چوڭ بولغان دېھقان بالىلىرى بۇ يەردە ـــ ياۋروپادا ـــ ئادەم بولۇشنى، ئەخلاقىي پەزىلەتنى، پاكىزلىقنى ئۆگىنىدىغان، تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە كېتىۋاتقان جەمئىيەتتە، مەندەك يىگىرمە يىل ئوقۇغان، تەربىيىلەندىم، دەپ يۈرىدىغان نادانىدىن كۆپ مەدەنىيەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇلار شۇنچە پەم بىلەن، ئېھتىيات بىلەن تاماق يەپمۇ يەنە شۇ بارىدىغان يەرگە ئۇلگۇردۇق. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ خىيالچان بولۇپ جىمىپلا كەتتىم، سۇكۇتكە چۆمدۈم؛ پۈتكۈل چەت ئەل سەپىرىدە گەپ خوشلىماس بولۇۋالدىم. دوستلۇرۇم مىجەزىمدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى تېزلا بايقاپ ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشىپ: ئايالىنى سېغىندى، تاماقتا كۆنەلمىدى، بىزنىڭ گېپىمىز تېتىمىدى ... دېيىشتى. مەندىكى مولايىملىق تولۇقتا، خوش خۇي، ئوچۇق سۆزلۈك، چاقچاقچىلىق، موڭداشقاقلىق مۆرىدەسلىككە ـــ قاپىقى يامانلىققا ئايلاندى. يېڭى تونۇشقان، سورۇندا بىرگە ئولتۇرغانلار: «ئەجەب بۇرۇقتۇرما، توڭ بىر ئاداشكەن» دېيىشىپتۇ. بۇ مىجەزىم يەتمىگەندەك جىغۇر بولغانىسېرى خاپىغان، جىلىخور، تىرىككەك بولۇپ قالدىم. بۇ مىجەزىم بىلەن ئۆزۈمنىڭمۇ، دوستلىرىمنىڭمۇ خۇشى قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن: «چەت ئەلگە ساياھەتكە كەلمىسەم بوپتىكەن. دۇنيا دېگەن ئاشۇ تارىم بويىدىكى ھايات شۇ. دۇنيادىكى ھەممە ئادەم بىزگە ئوخشاش ياشايدۇ. ئۆيلىرى، يوللىرى، باغلىرى، دەريالىرى، تاغلىرى، ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى ئوخشايدۇ، دەپ يۈرۈۋەرگەن بولسام. ماڭا بۇ يەرلەرنى كۆرۈشنى كىم قويۇپتۇ» دېگەنلەر ئاغزىمدىن چۈشمىدى. بۇ گەپلىرىم بىلەن بىرگە ماڭغان دوستلىرىمنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ رەنجىتتىم. مەن بۇ يەرگە خۇشاللىق ئىزدەپ چىققانىدىم، ئەمما ئازاب چېكىدىغانلىقىمنى پەقەت تەسەۋۋۇر قىلىپ باقماپتىكەنمەن. شۇڭىمۇ روھىم بىر كۈتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ، ئىچىمدە بىر ۋەسۋەسە مېنى خاتىرجەم كۈلەلمەيدىغان، خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان، خاتىرجەم نېمە ئويلىسام شۇنى سۆزلىيەلمەيدىغان، بىر دەم جىم تۇرالمايدىغان، ئەمما قىلىدىغان ئىشىمنى تاپالماي جىلە بولىدىغان قىلىپ قويدى. مانا بۇ جىغۇرلۇقتىن، گۇمۇشلۇكتىن تۇغۇلغان سەمىسى رېئاللىق ئىدى. مەن ئىستانبولدا تۇرغان ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇ ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى، «مەن قانداق ئادەم» دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىش ئىكەنلىكىنى ئاخىرى ئويلاپ يەتتىم.

مەن تۇرغان ئۆي دوستىمىز ئەنۋەرئەپەندىنىڭ دادىسى، تېگى ئاتۇشلۇق، ئۆزى مېھرىبان، ئوچۇق سۆزلۈك، ئابدۇكېرىم ھاجىم ئاكىنىڭ ئۆيى بولۇپ، دېڭىز بويىدا

ئىكەن. قولى ئوچۇق، ئاق كۆڭۈل، پەرىشتە سۈپەت، ئىشچان، مېھماندوست بۇ بوۋاي مېنى ياتاق، كۆڭلۈم تارتقان تاماق، مېۋە - چېۋە، ئىشقىلىپ ھېچ نەرسىدىن غەم قىلغۇزمىدى. بىر كىشىنى ئالدىراپ بىر پىيالە چايغا ياكى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشقا ۋاقتى بولمايدىغان، دادىسى بالىسىغا مائاش بېرىپ ئىشقا سالىدىغان، قىسقىسى ھەر جەھەتتىن جىددىيلىك بىلەن تولغان ئىستانبولدەك شەھەردە، بىزدىكىدەك بىر توخۇسى بار نامرات ئۇيغۇر دېھقىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالسا، ئويلاپ ئولتۇرمايلا شۇ توخۇسىنى مېھمانغا يېگۈزىدىغان مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل، ساددا خاراكتېرنى ئۆز ئەينى ساقلاپ قېلىشىنىڭ ئۆزى بۈيۈك بىر قەھرىمانلىق، تونۇمايدىغان بىر قانچە ياش بالىنى ئۆيىدە نەچچە ئايلاپ بېقىش پەقەت خىزىر سۈپەت كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئۇلۇغلۇق ئىدى. كېيىن بىلسەم، بۇ كىشى يالغۇز بىزنىلا ئەمەس ۋەتەندىن چىققان، ئىستانبولدىكى قىممەت تۇرمۇشقا بىر كۈنمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەرگە بىزگە قىلغان مۇشۇ سېخىيلىقىنى قىلغانىكەن. مەن سېخىيلىقتا خۇددى ھاتەمدەك بۇ ئالىيجاناب پەزىلەت ئىگىسىگە— ئاشۇ خىزىر سۈپەت بوۋايغا تېخىمۇ ئۇلۇغلۇق تىلىدىم. مەن شۇ خىزىر سۈپەت كىشىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ يېشىل چىملىق ئىچىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، توختاۋسىز مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان زەڭگەر دېڭىزغا قاراپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمچە جاۋاب ئىزدىدىم. دولقۇنلار ئۈستىدە چايكىلا توختىماي چۇرۇقلىشىپ ئۇچۇشماقتا. قىتئەلەر ئارا قاتنايدىغان ئوكيان پاراخوتلىرى مەن قاراپ ئولتۇرغان مەرمەر دېڭىزىدىن ئۆز يولىغا قاراپ راۋان بولماقتا. خىيال بولسا ئاشۇ چايكىلاردەك ئەركىن، دېڭىزدەك كەڭرى، پاراخوتلاردەك ئېغىر ئىدى. دېڭىز بويىدىكى ئاشىق - مەشۇقلار، پۇتبول ئويناۋاتقان باللار، كۈچۈك يېتىلىۋالغان خېنىملارغا ھاڭۋېقىپ: «جاۋاب تاپ، بۇلار قانداق ئادەم، مەنچۇ؟» دەپ تەكرارلايمەن ئۆز - ئۆزۈمگە.

مەن ئىستانبول، جىددە، مەككە، مەدىنە، ئۆرۈمچىلەردە تۆت ئاي يۈرۈپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدىم ۋە تار ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ ئاخىرى بۇ جاۋابنى يېزىشقا تۇتۇندۇم. مەن ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭمۇ مۇشۇ سوئال ئۈستىدە ۋىجدانەن ئويلاپ، ئۆزىگە لايىق جاۋاب ئىزدەپ تېپىشىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى باسماقچى بولغان قەدىمى ھەققىدە ئادەملىك سۈپىتى بىلەن ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— نېمىشقا دەپ سوراۋاتامسىز؟

— بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددى: چۈنكى، مەيلى سىز زىيالىي بولۇڭ، ياكى دېھقان بولۇڭ ۋە ياكى تىجارەتچى — سودىگەر بولۇڭ، ئالتۇن تاغلىرى بىلەن پامىر تاغلىرى،، قورغاس ئېغىزى بىلەن شىڭشىڭشىيا (ئارا يۇلتۇز) ئارىلىقىنىلا مەئىشەتكە تولغان ئادىمىي ھاياتىنىڭ قايىنىمى دەپلا قارىماي، نەزەرىڭىزنى يىراق - يىراقلارغا تاشلاڭ، ئۆزگىلەرنىمۇ كۆرۈڭ! ئۇلار ھەققىدە ئاڭلاڭ! شۇ چاغدىلا ئاندىن بىلىم - مەدەنىيەتنىڭ، ياشاشنىڭ ۋە جاھاندارچىلىقنىڭ، قىسقىسى، ئادەملىكنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى چىن مەنىسىدىن چۈشىنىپ يېتەلەيسىز.

مانا ئەمدى مېنىڭ چەت ئەلگە چىقمىسام، كۆرمىسەم بوپتىكەن دېگەن ۋەسۋەسەم

تۇغقان خۇلاسە گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئارام تاپتى. مەن ئاخىرقى سۆزنى باشتا يازدىم. ئەمدى مېنى مۇشۇ خۇلاسىگە كەلتۈرگەن تەسىراتلىرىمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار.

يېشىل تۈپىلىكلەر ئارىسىدىن ئىستانبۇلغا يېقىنلاشقانسېرى بىپايان زەڭگەر دېڭىزنى كۆرۈپ جان - تېنىم يايراپ، يۈرىكىم گويا دېڭىزنى سۆيۈپ ئۇچۇۋاتقان چايكىلاردەك ئويناقشىپ كەتتى. شىشىدەك سۈزۈك، فىرانسۇز قىزلىرىنىڭ كۆزىدەك زەڭگەر، مېھرىبانلىق دېڭىز مېنى ئۆزىگە شۇنداق بىر راھەتلىك سېزىم بىلەن سېھىرلىۋالدى. ئىستانبۇلغا كىرىپلا تۇنجى بولۇپ كۆزۈمگە چېلىققىنى ياپيېشىل چىمەنلەر پىلەك يېيىپ يامىشىپ كەتكەن قەدىمى سېپىل بولدى. توختىماي قار ئۇچقۇنداۋاتقان بولسىمۇ سېپىل تۈۋى، سېپىل خىشلىرىنىڭ ئاراشلىرىدىن يۇمران گىياھلار قويۇق ئۈنۈپ كەتكەنىدى. تۈرك ھەم كورد قويچىلار سېپىل تۈۋىدە توپ - توپ قويلارنى ھەيدەپ يۈرۈشەتتى. ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ قەدىمى سېپىلنىڭ كۆزنىكىش راۋىقىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. سېپىل مۇنارلىرى تۈۋىدە سىگانلار چېدىر تىكىپ ئولتۇرۇپتۇ. سېپىل دېڭىز ئىچىگىچە چۆرۈلگەن بولۇپ، دولقۇنلار توختىماي ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇژغۇنلارغا قاراپ باتۇر تۈرك لەشكەرلىرىنىڭ: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قىلىچ - نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ، سېپىلغا خەنجەر قاداپ تۇرۇپ يامىشىپ، سېپىل ئۈستىدىكى ۋىزانتىيە لەشكەرلىرى بىلەن قىلىچلىشىۋاتقان قۇچاقلاشما جەڭلىرى كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولدى. سېپىلنىڭ ھەر بىر تاش - خىشلىرىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مىڭلىغان ئوغلانلىرىنىڭ قانلىق ئىزلىرى ھازىرمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

سېپىل ئىچى - سىرتى، دېڭىز بويلىرى، كالتا بازار، ماگىزىن — ھەممە يەردە ئادەملەر شۇنچە قىستاڭ ھەم كۆپ، لېكىن مېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى، شۇنچە ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، ۋارقىرىشىپ، جارقىراشمايدۇ، شۇنچە تەرتىپلىك. ئىستانبۇل قەدىمى شەھەر بولغاچقا يوللىرى شۇنچە تار، ئادەملەر سىغماي ماڭىدۇ، ئەمما شاۋقۇن - سۈرەن ئاڭلانمايدۇ، ۋارقىراپ گەپ قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، ئادەم كۆپ، ھەرىكەت تېز، ئەمما تىلسىمدەك جىم. شۇئان ئۈرۈمچى - قەشقەر كوچىلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. بىزدە بولسا بازار ۋە كوچىلار بۇ يەردىكىدىن كۆپ ھەم كەڭرى، ئەمما ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، ۋارقىرىشىپ، ئۇرۇشۇپ - تىللىشىپ ماڭىمىز. بازار ئىچىدىكى ۋارقىراشماققا، قىقاس - سۈرەنگە چىداپ تۇرغىلى بولمىسىمۇ، شۇنىڭغا نائىلاج كۆنۈپ كەتكەنمىز. مۇبادا مۇشۇ ئىستانبۇل كوچىلىرىدىكى ئادەملەرنى شۇنداقلا كۆچۈرۈپ بىزنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر بازارلىرىغا ئاپىرىش مۇمكىن بولسا ئۇلار چوقۇم: «ئىپتىدائىي ياۋايى - يىرتقۇچلار جاھانىمىزغا كېلىپ قاپتۇق» دېيىشىدىغاندەك، ئۈرۈمچى «ئىتتىپاق تىياتىرى» ئالدىدىكى بەس - بەستە، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىتىپ ئۈنئالغۇ قويۇۋېلىپ ئادەملەرنى بىزار قىلىدىغان ئۈن - سىن لېنتىلىرىنى سېتىش دۇكانلىرىنىڭ ئالدىغا كەلسە: «غالجىرلاشقان ساراڭنىڭ سولاقخانىسىغا كېلىپ قاپتۇق» دەپ كۆزلىرى چەكچىيىپ، قۇلاقلىرىنى ئەتكەنچە قېچىپ كېتىدىغاندەك، ئەكسىچە بىزنىڭ ئادەملەر ئۇ يەرگە بارغۇدەك بولسا، زۇۋانسىزلار دۆلىتىگە كېلىپ قاپتۇق

دەيدىغاندەك تۇيۇلدى.

بىر كۈنى مەن دوقمۇشتا تاكسى ساقلاپ تۇرۇپ قالدىم. بالا يېتىلىگەن بىر موماي تار، پاتقاق كوچىدىن چىقىپ كەلدى. چوڭ يول قىرىغا كېلىپلا توختىدى - دە، ئىزدا ئولتۇرۇپ يانچۇقىدىن تازىلىق قەغىزىنى چىقىرىپ، ئاۋۋال نەۋرىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزىنىڭ كەشىدىكى لاي - پاتقاقلارنى پاكىز ئېرتىپ، چەمىدىكى لايلارنى قىرىپ ئۇنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاپ، ئاندىن چوڭ يولغا كىردى. بىر مۇنچە تاكسىلار ئۆتۈپ كەتتى. مەن يولۇمغا مېڭىشقا ئالدىرىماستىن يەنە كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تۇردۇم. شۇ كوچىدىن چىققان بىر قانچە ئادەملەرمۇ شۇنداق قىلىپ ئاندىن چوڭ، پاكىز يولغا چۈشۈپ يولغا مېڭىشتى.

تاكسىدا ئولتۇرۇپ يەنە شۇ: «مەن ئادەممۇ، نېمە» دېگەن خىيالنى قىلدىم. مېنىڭ قارىشىمچە بولغاندا، يول مېنىڭمىتى، بۇ يولدا يالغۇز مەنلا ماڭامتىم، مەينەت بولسا نېمە كارىم. تازىلىق ئىشچىسى يولنى تازىلىمىسا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ دەيمەن.

ئاۋۇلارنىڭ ئېڭى بويىچە ئويلاپ باقتىم. مەن ئادەم، بۇ يول دائىم مەن ماڭىدىغان يول. شۇڭا، ئۇ پاكىز بولۇشى كېرەك، مۇشۇنداق پاكىز يولغا لاي ئايىغىم بىلەن كىرىپ مەينەت قىلسام ئەيىب، نومۇس، گۇناھ ئەمەسمۇ؟ دېمەك، ئۇلار چوڭ يولنى ئاشۇنداق ئاسرىغان يەردە، ئۆز ئۆيىنى قانچىلىك پاكىز تۇتىدىغاندۇ؟ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى. بىزدە ئايىغىدىكى لاي - پاتقاقلارنى سۈرتۈپ مېڭىش ئۇياقتا تۇرسۇن، جامائەت سورۇنلىرىدا ئورۇندۇقلاردىكى توپىنى سۈرتۈپ ياكى ئۈستىگە گېزىت، ياغلىق سېلىپ ئولتۇرغانلارنى كۆرسە بەزىلەر تېخى: «تازا سۆسەركەن» دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. ئەسلىدە دىنىمىز، ئەخلاقىمىز مەينەتچىلىكتىن قاچىدىغان، پاكىزلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ۋە ئەخلاق ئىدىغۇ، بۇ تەتۈرلۈك، مەينەتچىلىك بىزگە قەيەردىن، كىمدىن قانداق قىلىپ يۇقۇپ قالدى؟

بىر چاغدا، قەشقەر كوچىلىرىنىڭ بىرىدە، ئالىي دەرىجىلىك سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن بىر يىگىت دوستلىرى بىلەن كېلىپلا پاسكىنا يەردە ئولتۇردى. ھېچقايسىسى يەرنىڭ پاسكىنىلىقىنى پەرۋايىغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ئۇلارنىڭ ئادەتلەنگەن ئېڭىچە، بۇ ئۇلارنىڭ نوچىلىقى، ئۆزىچە بۇنداق قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كۆزىگە ئېلىپ كەتمىگىنى ئىدى. پاكىز، قاتۇرۇپ دەزماللانغان سارجا كىيىمگە قاراپ ئىچىم سېرىلىپ كەتتى. شۇ يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىچە قاراپ تۇردۇم. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا كاستىغا خۇددى كونا ماتادىن ياماق سالغاندەك بىر مۇنچە توپا چاپلىشىپ قويپتى. ئۇ بولسا پەرۋاسىزلا كاستىسىنى ئىككى شاپىلاقلاپ قويۇپ يولغا ماڭدى. كاستىسىدا تەڭگىدەك چوڭلۇقتىكى شالتاق ئىزلىرى قالدى. ماۋۇ قاسماق نوچىغا قاراپ، دېدىم ئىچىمدە، كىر يۇيمايسەن، ئۆيدە سېنىڭ كىرىڭنى يۇيىدىغان ئاناڭ ياكى خوتۇنۇڭ بار. ئۇ سېنىڭ قول ياكى دىدەكتەك ھەممە ئىشىڭنى قىلىدۇ، ئۆزۈڭ بولسا تەييارتاپ، سېنىڭ نوچىلىقىڭ شۇنچىلىك. سەن يىگىرمە بەشلەرگە كىرگەنسەن. بەلكىم بالاڭ باردۇ. سەندىكى ئادەملىك تەربىيىسى شۇنچىلىك بولسا، سەن بالاڭنى قانچىلىك تەربىيىلەرسەن. ئۇمۇ سېنى دوراپ چوڭ بولىدۇ. ھېلىقى موماي ئايىغىنى سۈرتۈپ قويغان

سەبىي بالا چوقۇم كەلگۈسىدە بالىسىنىڭ ئايىغىنى سۈرتىدۇ. ئۇمۇ بالىسىنى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش تەربىيىلەيدۇ.

بىز ئاۋۋال ئۆزىمىزنى، ئاندىن كېيىن ئىزىمىزنى باسىدىغان بالىمىزنى تەربىيىلەشىمىز كېرەك ئىدى. بالىنى تېپىپ قويۇپ، ئۈچ ۋاق تاماق بېرىپ، تەربىيىنى مەكتەپ بېرىدۇ دەپ، كېيىن بۇ بالا كۈنبويى قاۋاقخانىدىن چىقمايدىغان، ئۇرۇش - جېدەلنى پۇلغا سېتىۋالىدىغان، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان كۆكەمە، ئۇششۇق، لۈكچەك، بېشى مىزغا بالا بولىدىغان ئادىمى هايۋانغا ئايلانغاندا، ئۇنى باشقۇرالمىدىم، ماڭا مۇشۇنداق بالىنى بەرگىچە، بەرمىسەڭ بولماسمىدى دەپ ئاللاغا تاپا قىلىپ، تۈرمىگە ئاپىرىپ سولۇشلارنىڭ ئۆزى ئەسلىدە ئۆزىمىزدە ئادەملىك تەربىيىنىڭ، ئەخلاقنىڭ، ۋىجداننىڭ، ئادىمىيلىك تەبىئىتىنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىققان پاجىئە ئىدى. سېنىڭ خۇداغا تاپا قىلىدىغان هېچقانداق هەققىڭ يوق، هۆكۈمەتتىن قاقشايدىغانغا چويلىدا توختىغۇدەك باهانە - سەۋەبىڭ يوق، مەكتەپتىن ئاغرىنىدىغان قىلچە ئاساسىڭ يوق. بالىنى كىم تاپتى؟ ئۆزۈڭ تاپتىڭ، توقسان پىرسەنت مەسئۇلىيەت سېنىڭ زىممەڭدە. هايۋاننى سەن كۆپەيتىپ بەرمىسەڭمۇ، ئاللانىڭ يولى بىلەن ئۆزى كۆپىيىپ، يېتىپ ئېشىۋاتىدۇ، خالاس.

مەن كۆرگەن شەهەرلەردە كىمنىڭ قانچىلىك باي ئىكەنلىكىنى يولدا كېتىۋېتىپلا بىلگىلى بولىدىكەن. كىمنىڭ ئىشىك ئالدى، يوللىرى پاكىز تۇرسا، ئەخلەت ساندۇقى، تازىلاش ماشىنىسى، گۈللۈكى، دەرەخلىرى بولسا، تاملىرى پارقىراپ تۇرسا، شۇ كىشى باي سانىلىدىكەن. دېمەك، ئۇلار پۇلنى تاپىدىكەن، هەممىنى پاكىزلىق - تازىلىق ئۈچۈن خەجلەيدىكەن. بىزچۇ؟ بىزنىڭ بايلىرىمىزنىڭ تۇرقىغا، ئىشىك ئالدىغا، ماڭىدىغان يولىغا قاراپ باقايلى! ئۇلار نېمىگە باي بولدى. ئاشۇ مەينەت كىيىم بىلەن يۈرۈش ئۈچۈنمۇ؟ پاكىز، رەتلىك، ئازادە كىيىنسە ئۇلارغا ياراشمامدۇ؟ ئۇلار پۇلنى تېپىپ تام تۈۋىگە كۆمگىچە، ئىشىك ئالدىنى، مەهەللە يولىنى، يۇندا ئېرىقلىرىنى، تازىلىق ئەسلىهەسىنى، هاجەتخانىلارنى ياساشقا ئىشلەتسە، ئەل - جامائەتنىڭ دۇئاسىنى ئالماسمىدى؟ شۇ قىلغانلىرىنىڭ ساۋابى ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارنىڭ بەرىكىتىگە يارىشا كۆپلەپ بەرىكەت بەرمەسمىدى؟

هەرەمدە، يېشى ئاتمىشتىن هالقىغان قەشقەرلىق بىر كىشى بىلەن سۆهبەتلىشىپ قالدىم. ئۇ ئادەم ئون تۆت يېشىدا دادىسىغا ئەگىشىپ هەرەمگە كەلگىنىچە يۇرتىغا قايتىپ بارالماپتۇ. دادىسى هەرەمدە، ئانىسى قەشقەردە ۋاپات بوپتۇ. قەشقەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىۋېتىپ كۆزلىرىدىن توختىماي ياش قۇيۇلدى.

— يول ئۇچۇق، قەشقەرگە نېمىشقا بېرىپ كۆرۈپ كەلمەيلا؟ — دېدىم مەن. ئۇ ئادەم جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— بالام، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن. راست گەپنى قىلمىسام بولمايدۇ. سىلەردىن هەرەمگە كېلىپ - كېتىۋاتقانلارنىڭ تازىلىقىنى كۆرۈپ، يۇرتتا پاكىزلىق تولىمۇ كەمكەن دەيتتىم. بىزدىن بارغانلاردىنمۇ يۇرتتا تازىلىقنىڭ بەك ناچارلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن قەشقەردىن چىققاندا قەشقەر ئېرىق - ئېرىق سۇ ئاقىدىغان، باغۇ - بوستانلىق، تولىمۇ

پاكىز شەھەر ئىدى. ئاڭلىشىمچە، ھازىر پاكىز يەر بەك ئاز دەيدۇ. مەينەتچىلىكتە ئادەمنى نەس باسىدۇ. مەينەتچىلىكتىن قورقۇپ بارمىدىم. بۇ گېپىمنى ھەرگىز كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا. پاكىز يەردىن پەرىشتە، بەرىكەت، ئامەت ئەگىپ يۈرۈيدۇ. مەن يۇرتۇمنىڭ ئەسلى تەبىئىيتىدەك پاكىز بولۇشىنى بەك ئارزۇ قىلىمەن. ئەگەر بۈگۈن ئاشۇ كوچىلار تۈزۈلۈپتۇ، سېسىقچىلىق تۈگەپتۇ، دېسە ئەتىسىلا بارىمەن. ئادەم پاكىز بولسا روھى كۆتۈرۈلۈپ، بەدىنى يەڭگىل، ئوي - خىياللىرى تاتلىق، ھەرىكىتى چاققان، ئۆزى ئۈمىدۋار بولىدۇ، ئىشلارمۇ ئوڭغا تارتىپ تۇرىدۇ. مەينەت باسقانچە چۈشكۈنلىشىپ نەس بېسىپ، تۈز يولدا كېتىۋېتىپمۇ پۇتلىشىپ كېتىپ دۇم چۈشىدىغان ئىشلار بولىدۇ... — بوۋاي كۆپ سۆزلىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ گەپلىرى كۆڭلۈمگە كەلدى. ئاستا - ئاستا بۇ راست گەپكە نومۇس ئىچىدە قوشۇلدۇم. دېمىسىمۇ، ھاۋا ئىسسىغان كۈنلەردە كوچىلاردىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراق پۈتۈن قەشقەر ئاسمىنىنى قاپلايدۇ. بىز ھېلىمۇ ئاشۇ سېسىق پۇراق ئىچىدە ئەقلىمىزنى يوقاتماي ياشاۋاتىمىز. ئەقىل بىراقلا يوقالمايدۇ. ئەمما ئۇ ئۇزاققىچە ئاشۇنداق مۇھىت ئىچىدە تۇرۇۋەرسە، ئاستا - ئاستا چېرىپ تۈگەيدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ 2 - 3 ياشلىق باللىرىمىز شۇنداق چېچەن، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار چوڭ بولغانچە گاللىشىپ بارىدۇ. مانا بۇ نۇرغۇن سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان مەينەتچىلىك ئىچىدىكى تۇرمۇشنىڭ تەسىرى ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ. ھاۋا تازا، ساپ بولىدىغان جىمجىت كېچىلەردە تېگى - تېگىدىن ئۇنجۇقۇپ چىقىۋاتقان ھاجەتخانا پۇرىقى شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان شەھەر ۋە يۇرتلاردا بۇرنىمىزغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. بىز شۇ سېسىق ھاۋانى سۈمۈرۈپ ئۇخلايمىز. بىز شۇنچىلىك بۇلغانغان ئەقىل بىلەن قانچىلىك چوڭ ئىشنى ئويلىيالايتتۇق ۋە قىلالايتتۇق؟ ئۆزىمىز ۋە باللىرىمىزنى قانچىلىك تەربىيىلىيەلەيتتۇق؟ ھەممىمىز، ئارىمىزدا ياخشى ئادەم ئاز قالدى، شۇڭا بەك بۇزۇلۇپ كەتتۇق، دەپ قاقشايمىز. ئەجەبا مەينەتچىلىك ئاستىدىكى نەسلىك، بۇزۇلغان ھاۋادا تىنىپ قالغان ئەقىل بىزنى شۇ ھالغا چۈشۈرمەي سۈزۈك ئاسماندا ئۇچۇرسا بولامتى؟ پاكىز داننى پوقفا، پاتقاققا مىلاپ يەيدىغان توخۇنىڭ قانچىلىك ئەقلى بولماقچى ئىدى؟ بۇ گەپ يالغان دېسەڭلار، قېنى، چىداپ تۇرۇپ شۇ زاماتلا ئۇستىبېشىمىزغا، باللىرىمىزنىڭ، ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئۇستىبېشىغا، ئۆيلىرىمىز، تام - تۇرۇسلىرىمىز، ئاشخانا، قازان - قومۇچلىرىمىز، يوللىرىمىز، ھاجەتخانىلىرىمىز، ئەۋرەزلىرىمىزگە بىر قاراپ باقايلى! يۇندا ئېقىپ تۇرغان دەستالدا سۇرتۇلگەن لەغمەن، لەگپۇك تەخسىلىرى، تومەننىڭ بۇلغانغان سۈيىدە يۇغان ئۆپكە-ھېسىپلار، چىۋىنلار ئۇچۇپ يۈرگەن گۆش، يول بويىدىكى توپا قونۇپ كەتكەن يېمەكلىكلەر، يىللاپ ھەممە نەرسىنى يۇغان كۆلنىڭ سۈيىدە قاتقان مۇزنىڭ دوغلىرى — مانا بىز كۈندە ئىستېمال قىلىدىغان يېمەكلىكلەر! توۋا، ھېلىمۇ ئەقىل بىزنى تاشلاپ قېچىپ كەتمەپتۇ.

ئەمدى گەپنى يەنە ئىستانبولغا يۆتكەيلى. بىز ئىستانبولغا قەدەم باسقان سائەتتىن باشلاپ، بىزنى ئەزىز دوستلىرى، قىممەتلىك مېھمانلىرى سۈپىتىدە ئۆيىگە ئېلىپ بارغان دوستىمىز ئەنۋەر ئەپەندى بىلەن ئۇنى لەۋزى ھالال، ئىمانلىق، ئېتىقادلىق ئادەم

قىلىپ ئۆستۈرگەن دادىسى ئابدۇكېرىم ھاجىم ئاكىمىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بەش ۋاق نامازنى مەسچىتتە ئوقۇدۇق.

تۈركىيىدە مەسچىتلەر يالتىراق ھەم سىلىق مەرمەر تاشلاردىن سېلىنغان بولۇپ پەلەمپەي، تەكچە، دېرىزە يانلىرى، ئىشقىلىپ بىز ياغاچ بىلەن تۆمۈر ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن ئەسلىھەلەرنىڭ تولىسى چىرايلىق نەقىشلەنگەن مەرمەر تاشلاردىن ئىشلەنگەنىكەن. كېيىن بىلسەم، تۈركىيىدە تاشچىلىق، تاش ئويمىچىلىق ھۈنەر سەنئىتى ناھايىتى راۋاجلانغان بولۇپ، چوڭ - چوڭ قورام تاشلاردىن ھەرە بىلەن تاختاي تىلىپ چىقىرىدىكەن. ھەرە كېپىكىدە بولسا مەرمەر بېتون ياسايدىكەن.

مەن مەسچىتكە كىرىۋېتىپ، مەن بىلەن يانداشىپ كېتىۋاتقان چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارغا دىققەت قىلدىم ھەم ھەيران بولدۇم. ئۇلار ياش، ئوتتۇرا ياش ياكى ياشانغانلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى دېگۈدەك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ گالستۇك تاقىغان بولۇپ، يالاڭباش ئىدى. چاچلىرى رەتلىك تارالغان بولۇپ، مايلانغان، ئۇزايدىن چەكسىز پاكىزلىق يېغىپ تۇرىدۇ. مەسچىتنىڭ ئاستىغا قويۇق، قېلىن، يۇمشاق مويلۇق گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئەتراپتىن ئەتىر گۈلنىڭ ھىدى دىماققا ئۇرۇلىدۇ. سەپكە تۇرغان ئادەملەرنىڭ قەددى ناھايىتى تىك ھەم تۈز، تەنھەرىكەتچىلەردەك قامەتلىك، يۈزلىرىدىن نۇر، كۆزلىرىدىن ئۈمىدۋارلىق، جۇشقۇنلۇق، غەيۇرلۇق چاقناپ تۇرىدۇ.

مەن نامازداشلىرىمغا قاراپ ئۆزۈمدىن نومۇس قىلدىم - دە، بېشىمغا كىيىۋالغان ئاق شاپاق دوپپىنى ئاستا ئېلىپ يانچۇقۇمغا سېلىپ، قەدىمىنى رۇس تۇتۇپ يالاڭباش نامازغا تۇردۇم. «ئەگەر قەشقەردە مەسچىتكە يالاڭباش ناماز ئوقۇغىلى كىرسەم، جامائەت مېنى: ‹تۈكباش كاپىر› دەپ مەسچىتتىن قوغلاپ چىقىرار ئىدى - ھە؟ بىز تەرەپلەردە تەرەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن پاكىز بېشىمىزغا كىر - تەر پۇراپ تۇرىدىغان دوپپا - تۇماقلىرىمىزنى كىيىپ پاسكىنا باش بىلەن نامازغا تۇرىمىز. بىزمۇ مۇشۇ مۇسۇلمانلاردەك خۇدايىم بەرگەن قۇندۇزدەك پاكىز چېچىمىز بىلەن ناماز ئوقۇساق يامان بولارمىدى؟ ئەنە قاراڭ، ئۇلارنىڭ تۇرقى - سىياقىغا. ئۇلار شۇ قەدەر قەددى - قامەتلىك، تەمكىن، روھلۇق، تېتىك، خۇش خۇي، ئوچۇق سۆزلۈك. بىزچۇ؟ بىزنىڭ پەم بىلەن دەسسەپ، ئىچىمىزگە تىنىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشىمىزدىن، سۇنۇق، غەمكىن، چۈشكۈن كۆزلىرىمىزدىن، بىچارىلىق، مۆمىنلىك، رايىشلىق يېغىپ تۇرغان ھالىتىمىزدىن چىرايىمىز، بەدەن سۆپىتىمىز، روھىيەت ساپايىمىزنىڭ بۇ مۇسۇلمانلاردىن بارغانسېرى كۆپ تۆۋەنلەپ، يىگىلەپ، پۇچەكلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمىز كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ - ھە.»

خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ قويۇق - ئۆسكىلەڭ چاچلىرىنى چىرايلىق تارىغان ياش ئىمام گالستۇكىنى راۋۇرۇس تۈزەپ، مېھراب يېنىدىكى ئەينەكلىك ئىشكاپتىن چاققانغىنە سەللە بىلەن تونىنى ئېلىپ كاستۇم - بۇرۇلكا ئۈستىگە كىيدى - دە، قۇرئانى كەرىمنى پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ ئاندىن سۆيۈپ، مۇنبەرگە چىقىپ تەبلىغ قىلدى.

تۈركلەرمۇ ئەسلىدە مۇستاپا كامال ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى بىزگە ئوخشاش يوغان

سەللە ئورايدىكەنمىش. كېيىن مۇستاپا كامال دۇنيا ئىسلام ئۆلىمالىرى، ئالىملىرىنىڭ قوللىشى بىلەن بىر قاتار دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئىسلاھ قىلغان: سەللە بىلەن تونىنى مەسچىتتىلا كىيىش، سىرتتا كىيمەسلىك، سەللىنى قازاندەك ئەمەس چىرايلىق، چاققان قىلىپ ئوراش؛ ساغلاملىق، ئەستە ساقلاش، پاكىزلىق قاتارلىق شەرتلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئىماملار 45 ياشقا كىرگەندە داغدۇغىلىق پېنسىيىگە چىقىرىش قاتارلىق پەرمانلار ئادەتكە ئايلانغان. شۇڭا تۈركىيىدە 45 ياشتىن يۇقىرى ئىمام بولمايدىكەن. پېنسىيىگە چىققان، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان ئىماملار ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئۇستازلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىكەن.

بىر كۈنى مەن ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىپ يۈرۈپ، مەخسۇس توخۇ كاۋىپى ساتىدىغان رېستورانغا كىردىم ۋە ئۇنىڭ سۇلايمان ئىسىملىك قىزغىن، سۆزمەن خوجايىنى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ، ئۈرۈمچى، قەشقەرلەرگە كەلگەنىكەن. ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلەيدىكەن. مېنى كۆرۈپلا:

— مەرھابا، مەھمۇد قەشقەرىدىن كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ قىزغىن قۇچاقلاپ كۆرۈشتى.

— مېنى قانداق تونۇۋالدىڭىز؟ — دېدىمەن قىزىقسىنىپ.

— سىلەر ئۇيغۇرلار ئالەمنىڭ نەرىگە بارساڭلارمۇ چىرايىڭلاردىن بىر خىل سۇلغۇنلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. ھەتتا چىرايلىق، پاكىز كىيىنىۋالساڭلارمۇ، — دېدى سۇلايمان ئەپەندى.

— بۇ گەپنى ۋەتىنىمىزدىكىلەرگە كەلگەندىن بۇيان نەچچە يەردە ئاڭلىدىم، بۈگۈن سىزمۇ شۇنداق دەۋاتىسىز. سىزچە بولغاندا، مەنمۇ سۇلغۇن كۆرۈنەمدىكەنمەن؟

— سىزلا ئەمەس، ھەممىڭلار شۇنداق كۆرۈنىسىلەر. خۇددى ئاللادىن زامانى ئاخىر بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەھيى كەلگەندەك. سىلەردىكى، ھەممە ئىشقا ئورۇنسىز غەم قىلىدىغان ئەنسىز خاراكتېر ھازىر بىر پۈتۈن مىللەت پسىخىكىسىغا سىڭىپ قاپتۇ. ئورۇنسىز دەرد ـ ئەلەم چېكىپ، غەم قىلىپ ياشىغان ئادەم دائىم كۈچلۈك دۈشمىنىنى بوينىغا مىندۈرۈۋالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. جەڭگىۋارلىقنى، ئۈمىدۋارلىقنى، جاسارەتنى سۇندۇرۇپ ئادەمنى ئادەملىك تەبىئىيتىدىن ئايرىۋېتىدىغان بۇ خىل يارىماس خاراكتېرنى ئۆزگەرتمىسە ئادەم راۋاج تاپمايدۇ. قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا ئادەم دېگەن ئادەمدەك ياشىشى، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ ئۈلگۈرۈشى، كېيىن ئۆز ئۆمرىگە پۇشايمان قىلماسلىقى كېرەك.

مەن تۈركلەر بىلەن ئۆزۈمنىڭ خاراكتېرىنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم: ئۇلار ئەمەلىيەتچان، تەمكىن، ئوچۇق سۆز، كەسكىن، سەممىي؛ مەندە بولسا بىھۇدە غەم، ئىچىمگە تىنىش، قېرى مىجەزلىك، خامۇشلۇق، سۆرەلمىلىك.

ئىستانبولدا ھەممە ئادەم كەسكىن رىقابەت ئىچىدە ناھايىتى جىددىي، ئالدىراش يۈرۈيدۇ. لاغايلاپ يۈرگەن بىرمۇ بىكار تەلەپ ئادەمنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. مەيلى ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بولسۇن ياكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بولسۇن ئىش ۋاقتىدا ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق، تەلەپچانلىق بىلەن قىلىدۇ. ئىشتىن چۈشكەن زامات تۈرلۈك شىركەت، رېستوران، ماگىزىن، مېھمانخانىلاردا قوشۇمچە

ئىشلەيدۇ. بەزىلىرى توپ تارقىتىش بازىرىغا بېرىپ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى،
مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات قاتارلىقلارنى توپ ئېلىپ، ئۇنى ئاۋات كوچىلاردا كەچ كىرگىچە
ساتىدۇ، ئېشىپ قالغىنىنى ساقلاپ بېرىش ئورنىغا ئامانەت قويۇپ، ئاندىن ئۆيگە قاي-
تىپ بالىلىرى بىلەن كەچلىك غىزانى يەپ كۇلۇبلارغا بارىدۇ. مەن ئىستانبول كوچى-
لىرىدا ئالما، بانان، ماندارىن، سوپۇن، سەرەڭگە سېتىۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرى-
جىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنى كۆردۈم. قىسقىسى، ئۇلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدا
شۇ كۈنلۈك ئىش ھەققىغە باراۋەر قوشۇمچە كىرىم قىلمىسا، شۇ بىر كۈننى مەنىسىز
ئۆتكۈزدۈم دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. كىرىمسىز ئۆتۈدىغان بىرمۇ بوش ـ بىكار كۈن بول-
مايدۇ. قولغا پۇل كىرىدىغانلا ئىش بولسا مەيلى قانچىلىك ئېغىر، مەينەت بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، پەكاپىنى تۈرۈپ قويۇپ، كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىنى سېلىۋېتىپ، ئىش كىيىمى
كىيىپ، شۇ ئىشنى قىلىۋېتىپ، مۇنچىدا پاكىز يۇيۇنۇپ، پۇلنى يانچۇقىغا سالغاندىلا
ئاندىن كۆڭلى تىنىدۇ. ئەگەر بىرەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى ئەۋرەز
يولى بۇزۇلۇپ قېلىپ ئىشلەمچى ياللاپ رېمونت قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ ئەمەلدار:
«ئىشىكىم ئالدىدىكى ئىشنى نېمىشقا سىرتتىن ئادەم ئەكىلىپ قىلدۇرىسىلەر؟ ھەقنى
مەن ئالىمەن، ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن» دەپ، پاكىز كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، ئىش كىيىمى
كىيىپ، يەندا ئازگىلىغا چۈشۈپ، لاي ـ پاتقاققا مىلىنىپ، شۇ ئىشنى قىلىپ پۇلنى ئۆ-
زى ئالىدۇ، ھەرگىز خەققە بەرمەيدۇ. مەن كۆكتات سېتىۋاتقان ئابرويلۇق ھۆكۈمەت
ئەمەلدارلىرىنى كۆرۈپ: «ھۆكۈمەت بەرگەن تۆت تەڭگە مائاشقا قاراپ كۆكىرىپ ئول-
تۇرغىچە بىزمۇ نېمىشقا شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ ئىقتىسادىي شارائىتىمىزنى ياخشىلىماي-
مىز؟ مەن قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن، قوغۇن پىچىپ، ئالما، كوكتات، گازىر سېتىپ
مائاش يەتمەسلىك قىيىنچىلىقىمنى ھەل قىلىمىسام» دەپ ئۆزۈمگە ۋەدە قىلىپ كەلگەنىدىم.
ئەمما قەشقەرگە كېلىپ بۇ ئويۇمنى ئائىلەمدىكىلەر ۋە دوستلۇرۇمغا دېسەم، ھەممىسى
قارشى چىقتى: «توۋا دېسىلە، بىر يازغۇچى قوغۇن پىچىپ سېتىپتۇ دېسە، ئەل ـ جا-
مائەت ئىچىدە نى ئات، نى نوموس، ئۆتۈپ ـ تېشىپ سىلى قىلمىغان شۇ ئىش قالدى-
مۇ؟» دەپ ئەيىبلەشتى.

بىزدىكى ساختا شۆھرەت ئېڭى بويىچە، يازغۇچى دېگەن يېزىشتىن باشقا ئىش قىل-
ماي، ھۆكۈمەت بەرگەن مائاشنى، توخۇغا دان چاچقاندەك قەلەم ھەققىنى ئېلىپ، ئىقتى-
سادتىن قىينىلىپ سارغىيىپ، ئىچىدە روزا تۇتۇپ، تېشىدا ھېيت ئويناپ، يالغاندىن
چوڭ سۆپەت يۇرسە ئىناۋەتتى بولارمىش. قوشۇمچە بىرەر ئىش ـ ئوقەتنىڭ بېشىنى
تۇتۇپ، ھالال پۇل تېپىپ ئۆز كۈنىنى ياخشىلىسا يۈزى چۈشۈپ كېتەرمىش. مېنىڭچە،
بىر ئادەمنىڭ ئىناۋەتتى بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا شۇنچىلىك تار، كىچىككىنە يەردە
بولىدىغان بولسا، بۇنداق ساختا شۆھرەت، يالغان ئىناۋەتكە ئالدىنىپ ياشاشنىڭ ئۆزى
چوڭ بەختسىزلىك، قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق نوپۇز، ئىناۋەت دېگەن.

يۇز، ئىناۋەت دېگەن ئەسلى قولدەك ئىشلەپ، بەگدەك يېگەن ئادەمدە
بولىدۇ. خەلق بەرگەن ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، شۇ ھوقۇقنى بەرگەن خەلقتىن
پارا ئېلىشلار؛ غەيرىي يوللار بىلەن بىر ـ بىرىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، ھارامزادىلىك

بىلەن بېيىپ، ھارام بايلىق بىلەن كېرىلىپ، كېكىرىپ يۈرۈشلەر؛ نومۇس قىلىدىغان ئىشقا نومۇس قىلمايدىغان، نومۇس قىلمايدىغان ئىشقا نومۇس قىلىدىغان تەتۈرلۈكلەر ئەسلىدە ئىناۋەت تۆكۈلىدىغان، يۈزى چۈشۈپ كېتىدىغان ئەڭ چوڭ نومۇسسىزلىق ئىدى.

تۈركىيىدە شەنبە، يەكشەنبىدە دەم ئالىدۇ، بۇ ئىككى كۈندە كىشىلەر بالا - چاقىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوستلىرى بىلەن جەم بولىدۇ. ئارام كۈنلىرى ئىشلىگەن ئادەمنى ئۇلار تازا ياخشى ئادەم دەپ قارىمايدۇ. تۈركلەر مۇئامىلىدە ئىنتايىن ئەدەبلىك كېلىدۇ. كوچىدا بىر ئەدەبسىزلىك سادىر بولسا پۈتۈن جامائەت ئەيىبلەيدۇ. ئەدەبسىزلىك قىلغۇچىنى ساقچى شۇئان ئېلىپ كېتىدۇ؛ بىرەر ئادەم ئالدى - كەينىگە دەسسەپ قالسا ساقچى تۇتۇپ كېتىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ، بىزدىكى ھالالدىن پۇل تېپىپ قاۋاقخانىلاردا ھارامغا خەجلەپ، يولدا ئۇخلاۋاتقان، قۇسۇۋاتقان، ئادەملەر ئۆتۈۋاتسا ھايۋاندەك تەرەت قىلىۋاتقانلار، ۋارقىرىشىپ تىللىشىۋاتقان، مۇشتلىشىۋاتقان، كېتىۋاتقان قىز-ئاياللارغا ھاياسىزلىق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. مانا بۇلار نومۇس قىلمايدىغان ئىشلار ئىدى. تۈركىيىدە بىرەر ئادەم بىكارچىلىقتا لاغايلاپ يۈرسە، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار يۈزىنى ئىشارەت قىلىپ: «بىكار تۇرۇشتىن ئۇيالمايسىز. بۇ يەر دەم ئېلىش ئورنى ئەمەس» دەپ قويۇپ كېتىپ قالىدىكەن. بىزدىكى يول بويلىرى، تۆت كوچا ئېغىزلىرى، ئىدارىلارنىڭ ئالدى، بىليارت تاختىلىرى ئەتراپىغا تۈركلەر كېلىپ قالسا، چوقۇم: «بۇ ئادەملەر تاماق يەيدىغانلارمىدۇ ياكى ساناتورىيە باقىدىغان ئادەملەرمىدۇ، بولمىسا قانداق ھايات كەچۈرۈدىغاندۇ؟» دەپ ھەيران قالىدىغانلىقى ئېنىق.

تۈركىيىدە بىزدەك ھەر كۈنى ئىزدىشىپ تۇرىدىغان ئايىغى ئۈزۈلمەس مېھماندارچىلىقلار، بۇرادەرچىلىك ئولتۇرۇپ - قوپۇشلار يوق. ئىش بولسا ئىزدەيدۇ، تېلېفون بېرىدۇ. دوستلار ئارا ئىزدەشكۈسى كەلسە شەنبە، يەكشەنبىلەرنى قارارلاپ دېڭىز بويلىرى، ساياھەت ئورۇنلىرى، كۇلۇبلاردا ئۇچرىشىدۇ. ئەگەر ئەل — ئاغىنىلەردىن بىرەرسى كېسەل بولۇپ قېلىپ ھال سوراشقا توغرا كەلسە، تېلېفوندىلا ئەھۋاللىشىدۇ، گۈلچىگە ئادرېس، پۇل بېرىپ قويسا، گۈلچى ئۇنىڭغا ۋەكالىتەن بىمارغا گۈل ئاپىرىپ بېرىدۇ. بۇ بىزچە بولغاندا تولىمۇ قاملاشمىغان سوغۇق ئاغىنىدارچىلىق ئىدى. ئەمما، ئۇلار دوستلۇق مېھرىنى مۇنداق ئالىيجانابلىق بىلەن يەتكۈزىدىكەن: مۇبادا يېقىن - يۇرۇقلاردىن بىرەرسى كېسەل بولۇپ قېلىپ داۋالىنىشقا پۇلى بولمىسا، ئۇ، قول — ئىلكىدە بار، ئەمما كۆرۈشمىگىلى نەچچە يىل بولۇپ كەتكەن دوستىغا تېلېفوندا ئەھۋالىنى سەممىيلىك بىلەن ئۇچۇق - يورۇق دەيدىكەن. دوستى دەرھال چەك ئەۋەتىپ قانچىلىك داۋالىنىش ھەققى كەتسە ئۇنى ئۆزىنىڭ ھېسابىغا يازدۇرىدىكەن. ھەتتا بىمارنىڭ داۋالىنىش جەريانىدىكى ئوزۇقلىنىش، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى قاتارلىقلاردىنمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا: «مانا، ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ قويدۇم، ساياھەت قىلىپ كەل، چىقىملىرىڭ مەندىن، ئائىلەڭدىن غەم قىلما، ئۇلارغا يېتەرلىك خىراجەت ئەۋەتتىم» دەپ كېسەل ئازابىدىن تېزرەك قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىدىكەن.

مۇبادا، ئەل - ئاغىنىلەردىن بىرەرسى تۈرمىگە كىرىپ قالسا يوقلاپ بارىدىكەن، ساقچى تارماقلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ناھايىتى كۆپ جەرىمانە بىلەن قويۇپ بېرىدىغان

ئىش بولسا، نەچچە يىللاپ كۆرۈشمىگەن دوستلار تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ پۇل يىغىشىپ دوستىنى قۇتقۇزىدىكەن.

ئەگەر سودىدا زىيان تارتسا، شىركىتى ۋەيران بولسا، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ياردەم قىلىدىكەن. ئەمما، ئۇلار ئادەتتە ئايلاپ - يىللاپ كۆرۈشمەيدىكەن.

بىز كۈنلەپ، تۈنلەپ دوست تارتىشىمىز، ئەمما باشقا ئاشۇنداق كۈن چۈشكەندە دوستلارنى ئىزدەپ تاپماق بەسي مۈشكۈل. تاپقاندىمۇ بۇ دەردلەرنى تەڭ تارتىشقىلى بولمايدۇ. بىزدە دوستلارنىڭ ئاساسلىق رولى پەقەت توي، ئۆلۈم - يېتىمدە ھەمدەم بولۇش، باشقا كۈن چۈشكەندە تەسەللىي بېرىش بىلەن چەكلىنىدۇ. شۇنىمۇ ئويلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇكى، دوستلۇقنىڭ قىممىتى پەقەت داستىخان ئۈستىدىمۇ؟

ئىستانبول شەھىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىدا باغلار، باغچىلار بار. بۇ باغ، باغچىلار دەل قەبرىستانلىق بولۇپ، ھەر بىر تۈپ دەرەخ، ھەر بىر گۈل تۈۋىدە مەرمەر تاشلىق قەبرە قاتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئۆلگەنلەر ئەتراپىدا دائىم تىرىكلەر سەيلى قىلىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار يالغۇز قالمايدۇ. ئۆلگەن ئادەم ھاياتلىق ئۆمرىدە ياخشى ئىش قىلغان بولسۇن خاھى يامان ئىش قىلغان بولسۇن قەبرە تېشىغا شۇ ئىش ئەينەن پۈتۈپ قويۇلىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا لەنەت كۆزى بىلەنمۇ، ھۆرمەت نەزەرى بىلەنمۇ قارىشىدۇ؛ مەرھۇملارغا خەتمە قۇرئان قىلىشىمۇ خالىس بولۇپ بۇ ئىش دائىم، ھەر كۈنى بىر خىلدا تەكرارلىنىدۇ. بىزدە بولسا ئۆلگەن ئادەمنىڭ ھەممىسى ياخشى ئاتىلىپ ئۇزىتىلىدۇ. ياخشىلىقىمۇ، يامانلىقىمۇ ئادەم ئۆلۈپ ئۇزۇنغا قالماي ئۇنتۇلىدۇ، خالاس.

## ھەرەمنىڭ كۆزىدىن يۇرتۇمغا نەزەر

سەن قانچىلىك پاك بولساڭ ئاللاغا شۇنچىلىك يېقىنلىشىسەن. پاكىز بولغانچە روھىڭ كۆتۈرۈلۈپ، تېنىڭ يەڭگىللىشىپ، كۆڭلۈڭ ئازادىلىشىدۇ. يۈرەك بىر خىل خۇشال سېزىم بىلەن سوقسا ئەقىل روشەنلىشىپ، ھېچ ۋاقىتتا تاپالمىغان چارە - تەدبىرلەر، گۈزەل تەسەۋۋۇرلار، ئۈمىدلىك ئىشلار تۇغۇلىدۇ. پاكىز باسمىغان ھەر بىر قەدەم شۇنچە ئېغىر، چۈشىن يەۋالغاندەك كۆڭۈلسىز بولىدۇ. نەسلىك، ئىش ئاقىۋاسلىق، تۇرۇپلا تۈز يەردە مۆدۈرۈلۈپ پۇت مىتكوت كېتىش، ھادىسىگە ئۇچراش، پالاكەتچىلىكتىن ئۆرە كەلمەي دومىلە بېسىپ يۈرۈشلەر ئەسلىدە پاسكىنىلىق — ناپاكلىقتىن بولىدىغانلىقى بىز ئېتىراپ قىلىپ - قىلماي كېلىۋاتقان، ئەمما تۇرمۇشىمىزدا دائىم يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئاچچىق پاكىت.

ئاللانىڭ مۇقەددەس كالامى چۈشكەن ئۇلۇغ جاي مەككىدە ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىۋاتقان مىڭلىغان دىيانەتلىك مۇسۇلمانلاردىكى نۇرغۇن ئورتاقلىق ئىچىدىكى ئالاھىدە ئوخشاشلىق يەنىلا تازىلىققا بېرىلگەن يۈكسەك ئېتىبار ئىدى. ئۇلار ئۆزىنى، مۇھىتىنى خاس - پاكىز تۇتقاچقا، روھى ئازادىلىشىپ، ئەقلى ئېچىلىپ، ھەرىكىتى ئېتىكلىشىپ، ئىشى ئوڭغا تارتىپتۇ. پەرىشتىلەرمۇ پاكىز جايلارغا چۈشۈپ، نىيىتى خالىس، ھالالچى، ۋۇجۇدى ۋە جىسمانىيىتى پاكىز - پاك ئادەملەرگە قونىدىكەن. پەرىشتە قونغان يەر ياكى ئادەمگە بەرىكەت، ئامەت ياغىدىكەن.

ھەرەمدىكىلەرمۇ مۇسۇلمان، بىزمۇ مۇسۇلمان. ئىبادىتىمىز ئوخشايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىش - ئوقىتىمگە كۆندىن - كۆنگە بەرىكەت يېغىپ، تىلەكلىرى ئىجابەت بولىدۇ. ئۇلار پۇلنى خەجلەيدىغان يەر تاپالمايدۇ. بىز خەجلىگىلى پۇل تاپالمايمىز. ئۇلار نېمىنى ئويلىسا شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. بىز نېمىنى ئويلىساق شۇ ئىشتىن تۈك چىقىدۇ. ئىشىمىزدا بەرىكەت ئاز، نەسچىلىك كۆپ، بىرەرسىمىزگە ئامەت كەلدى دەپ بولغىچە داۋاملىق شۇ ئامەت ئاپەتكە ئايلىنىپ كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئازابقا قالىمىز.

ھەرەمدە پاكىزلىق ياكى پاسكىنىلىق شۇ ئائىلىنىڭ مونچا ۋە ھاجەتخانىسىنىڭ تازىلىقى، ئاندىن ئاشخانا ئۆيىنىڭ پاكىزلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھەر قانداق ئادەم سىرتتىن ئۆيگە كىرگەندىلا تالادا كىيىپ يۈرگەن ئايىغىنى بوسۇغىدا قويۇپ، ساپما كەش كىيىپ مونچىغا چۈشىدۇ. بىزدەك، ھاردىم - تالدىم، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى دەپ ئۆيىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئوسسۇپ كىرىپ ئۆزىنى تاشلىمايدۇ، يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ يۈرمەيدۇ. يۇيۇنۇپ، كىر بولغان كىيىمنى كىرئالغۇغا تاشلاپ، كىيىم ئىشكاپىدىن پاكىز كىيىمنى ئېلىپ كىيىپ چىقىپ، ئاندىن ئۆيگە ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. ھەر قېتىم ھاجەت قىلغاندىمۇ سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇنۇپ چىقىش ئادەتكە ئايلانغان. دۇنيادىكى ھەرقانداق مەينەتنى ئىككى نەرسە پاكلىيالايدۇ، بىرى ئوت، يەنە بىرى، سۇ. ھەرەمدە ئادەم داۋاملىق تەرەت بىلەن يۈرۈيدۇ، دېگەن گەپ مۇشۇ ئىكەن. ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغىنى، سەئۇدى ئەرەبىستاندەك بىر كىلو سۇ ئىككى كىلو نېفتكە كېلىدىغان دۆلەتتە سۇنى شەخسىي تازىلىققا خالىغانچە ئىشلەتكەن يەردە، بىزدەك دەريا-دەريا سۇلىرى، بۇلاقلىرى، كۆللىرى بار مۇسۇلمانلار بولسا چالما بىلەن پاكىزلاندۇق دەپ يۈرۈيمىز. ئاللا گۈزەل سۈپەت بىلەن يازاتقان، نۇرغۇن كېلىشكەن، سالاپەتلىك ئەرلىرىمىزنىڭ ئىچكى تازىلىقىغا قاراپ باقايلى: قۇلاقلىرىدا كىر قاتقان، بۇرنىدىن بېدىدەك تۈكلەر ئۆسكەن، پۇت - بارماقلىرىنى توگرا، قاداق باسقان، قۇندۇزدەك چاچلىرىدا داشقال، كېپەك ئۆرلەپ، قولتۇقلىرىدىن ئېچىغان تەر پۇرىقى كېلىپ تۇرغان، تىنىقى سېسىغان كونا گۆشتەك، چىشلىرىغا قارا قىغدەك تاماق يۇقۇندىلىرى چاپلىشىپ قالغان، كىيىملىرى رەتسىز؛ ئاللا پەرىزاتتەك ياراتقان، ئۆزىنى بىر ساناي‌دىغان ئاياللىرىمىزنىڭ تازىلىقىچۇ؟ يۈزىگە توختىماي سۇۋاپ پەرداز قىلسا، بىر سائەتكە قالماي تۇزۇپ كىر چىراي بولۇپ قالىدىغان بوياقلار ئۇلارنىڭ يۈزى ئاپئاق، چىشى سېرىق، بوينى كىر ھالىتىنى مانا دەپ ئاشكارىلاپ تۇرسا، چىرايلىق كىيىملەر يوشۇرۇپ تۇرغان يۇيۇقسىز بەدىنىدىن ئەتىر بىلەن ئارىلىشىپ كەلگەن، ئادەمنىڭ نەپسىنى بوغۇدىغان ئېچىمال پۇراق كېلىپ تۇرىدۇ. سۆلەتلىك ئاياللىرىمىزنىڭ تۇتقان ئۆيىچۇ تېخى. تورۇسقا ئۆمۈچۈكلەر تور تارتقان، ئىشكاپ، شىرەلەرنى چاڭ - توزان باسقان؛ پەردىلەر كىرلەشكەن، ئورۇن - كۆرپىلەر يىغىلمىغان؛ ئاشخانىدا ئېچىغان پۇراق، يۇيۇقسىز قاچا - قومۇچ؛ قازانبېشىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشىدۇ؛ چىرايلىق، ئوماق بالىلاردىن سۈيدۈك پۇرىقى كېلىدۇ. دېمەك، مۇھىتنى پاسكىنا، شەخسىي تازىلىقى ناچار ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئۆيى، بالىلىرىنى كۆرگەن ئاللا مېنىڭ دېگىنىمنى قىلمىغاندىكىن، تىلىكىڭنى ئىجابەت قىلمايمەن، مەينەتچىلىك ئىچىدە

نەس بېسىپ، يىغلاپ - قاقشاپ يۈرۈۋەر دېمەي نېمە دەيدۇ.

مەن دۇنيانىڭ ئاز بىر قىسمىنى يېرىدىم، بولۇپمۇ مۇقەددەس قىبلىگاھىمىز بولغان ھەرەمنى كۆرۈپ شۇنداق ئويلارغا كەلدىم. پاكىز بولىشىمىز پەقەت بىز ئىكەنمىز. پاكىز بولمىغىچە، مىڭ قاقشاپ، ئۆزىمىزنى ئېسىۋالساقمۇ ئاللاغا نالىمىز يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ.

1987 - يىلى 2 - ئايدا مەن كەچ قېلىپ يېڭىساردىكى بىر مېھمانخانىغا كىرسەم، مېھمانخانىنىڭ ئايال باشلىقى ماڭا: «ياتاق يوق» دېدى.

— قارىسام، شۇنچە جىق ياتاق بىكار تۇرىمامدۇ؟ ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى. يەنە نەلەردە تېڭىرقاپ يۈرۈيمەن. ياتاق بېرىڭ، ئۇنداق قىلماي، — دېدىم.

مېھمانخانا باشلىقى باش - ئايىغىمغا قاراپ:

— راست گەپ قىلسام، ياتاق بولۇشى بار. ئەمما ۋىلايەتتىن كەلگەن سىلىدەك كادىرغا بەرگۈچىلىكى يوق، — دېدى.

— نېمىشقا؟

— بىرلىكسەپ يىغىنى بولۇپ نەچچە كۈندىن بېرى موللىلار ياتقان. ياتاقنى بەك بىزەپ قىلىۋېتىپتۇ. يوتقاننىڭ كىرلىكلىرىنى يۇيۇپ، ئالماشتۇرۇپ بولالمىدۇق. يوتقان - كۆرپىلەرگە لاي ئاياغلىرى بىلەن دەسسەپ، ياستۇق لۆڭگىسىگە پۇتىنى سۈرتۈپ قويۇپتۇ. ھەممىسىدە قاپقارا ئاياغ ئىزلىرى، يوتقانلاردا پىت تۇرىدۇ. مەيلى دېسىلە، ھەممىنى ئېچىپ بېرەي، كۆرۈپ، تاللاپ ياتسىلا، — دېدى.

زەھەردەك ئاچچىق گەپلەر غورۇرۇمغا قاتتىق تەگدى، بوغۇزۇمنى ئېچىشتۇردى.

— مۇسۇلمانچىلىق پاكىزلىق تۇرسا، نېمانداق تەتۈر گەپ بۇ. بىزنىڭ موللا - ئىماملار تۇرغان يەرمۇ مەينەت بولامدۇ؟

— ئەمىسە كۆرسىلە، — مېھمانخانا باشلىقى ئاچقۇچنى شاراقلىتىپ، كارىدور بويلاپ مېڭىپ ھەممە ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتتى.

ياتاقلارنىڭ بىرسىگە كىرسەم، يوتقان - كۆرپىلەردە قاپقارا لايدەك ئاياغ ئىزلىرى شۇنچە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەممە ياتاققا بىرمۇبىر كىرىپ كۆرۈپ چىقتىم. بىرمۇ پاكىز ياتاق يوق. دېمىسىمۇ ئىچىمگە چۈشۈپ، ئاخىرى كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ بىرنى تاللىدىم.

— سىلى مېھمانخانىنىڭ باشلىقى بولغاندىكىن، يىغىن تۈگەپ، ۋەكىللەر كەتكەن ھامان كۈتكۈچىلەرنى تەشكىللەپ، قول - قول تۇتۇپ تازىلىدىمىسىلەر. موللاملارنىڭ ھەممىسى ياشىنىپ قالغان ئادەملەر بولغاندىكىن، ھەممە ئىشقا چامى يەتمەيدۇ، — دېدىم. ئەمما شۇ كېچىسى بىزدىكى مۇسۇلمانچىلىق ھەققىدە نۇرغۇن خىياللار كاللامغا كىرىۋېلىپ، زادى ئۇيقۇم كەلمىدى. مېنى بىر خىل خورلۇق، نومۇس، ئۈمىدسىزلىك قاتتىق ئازابلىغانىدى. ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئاخشام تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمىدى. ھەرەمدە ئىبادەت قىلىۋېتىپ ئىختىيارسىز بۇ كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى.

بىر كۈنى كەچتە، ھەرەمدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر ئۇيغۇر بوۋاي مەن بىلەن

پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇ مەندىن:
— ئۇلۇغ جايغا خۇدا چاقىرغان ئادەم كېلەلەيدۇ. بۇ يەرنى كۆردىلە، قانداق تەسىرات ئالدىلا، بالام، — دەپ سورىدى.
— بىز ئەزەلدىن سۈننەت، ۋاجىبلارنى تولۇق ئادا قىلىپ، ھەر قېتىملىق نامىزىمىزدا ئاللادىن، چىققان دۈۋىمىزنى ئېگىز قىلغايسەن، توپا ئالساق ئالتۇن، كۆل ئالساق كۈمۈش قىلغايسەن، دوست - دۈشمەن ئالدىدا خار - زار قىلمىغايسەن، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن ساقلىغايسەن، ئىككىلا ئالەمدە ئەزىز قىلغايسەن دەپ تىلەيدۇق، تىلەۋاتىمىز، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تىلەيمىز. ئەمما تىلىكىمىز ئىجابەت بولمىدى. تىلەپ ھېرىپ قالغانلار قىيداپمۇ باقتى. بۇنى نۇرغۇن سەۋەبلەردىن كۆرۈۋاتىمەن. شۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم سەۋەب، بىز ئىبادەتنى پاكىزلىق، پاكلىق بىلەن قىلمىغاچقا، تىلىكىمىز ئاللاغا يەتمەيۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. سىلىدىكى مۇسۇلماندارچىلىق بىلەن بىزدىكى مۇسۇلماندارچىلىقتا ناماز، روزا، زاكات ئوخشىغان بىلەن ئەڭ مۇھىمى تازىلىق ئوخشىمايدىكەن. سىلەر بۇ يەردە پاكىز بولۇپ ئىبادەت قىلىپسىلەر. شۇ سەۋەبتىن سىلەر ماشىنا، ئايروپىلانغا ئېرىشىپسىلەر. دېمەك، ئىبادىتىڭلار قوبۇل بولۇپ، ئاللا تىلىگىنىڭلارنى بېرىپتۇ. بىزدىكى مەدەنىيەتچىلىك مۇسۇلمانچىلىقىمىزنى بېسىۋاپتۇ. دۇنيا يېڭى ئاپىرىدە بولغاندا بىزگە بەرگەن ئېشەك ھارۋىسى شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە تەرەتنى سۇ بىلەن پاكىزلىسا يامان بولمايدىكەن. بىزدە سۇ تۆگۈل قەغەز ئىشلەتسىمۇ يامان بولىدۇ دەپ چالما ئىشلىتىپ، نىجاسەتكە توپىنى سۈۋاپ، قىسلىچىقىمىزدا لاي ئېتىپ، ئۇنى پۇرۇتۇپ يۈرۈپتىمىز. كىر، قاسماق، مەينەتچىلىك باسقانسېرى ئاللادىن شۇنچە يىراقلاپ، پاسكىنچىلىق خۇددى قارا بۇلۇتتەك بىزنىڭ تىلىكىمىزنى توسۇۋالدىمۇ، قانداق، دەپ قالدىم.
بوۋاي ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىندى:
— بالام، راست گەپنى قىلغاندا، يۇرتىمىزدىن ھەجگە كەلگەن ئادەملەرنىڭ مۇشۇ شەخسىي تازىلىقىدىن تىلىمىزمۇ، يۈرىكىمىزمۇ قىسىلىدۇ. ھەتتا تەرەتنى سۇ بىلەن چۈشۈرۈۋەتسە يامان بولىدۇ، دەپ سومكىغا چالما سېلىپ يۈرگەن، سۇلۇق ھاجەتخانىنى چالما بىلەن تۇشقۇزۇپ قويۇپ نىجاسەت يامراپ چىقىپ كەتكەن ئىشلارمۇ تالاي بولدى. نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدۇق. كىيىملەرنى پاكىز كىيگىلار، مۇنچىغا چۈشۈڭلار دېسەك، بىزنى ياراتمىدى، بىز دېگەن مۇشۇنداق ئادەتلەنگەن دەپ تەتۈرلۈك قىلىپ، خاپا بولدى. بىزمۇ نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي قالىمىز. ئولتۇرۇپ - قوپۇشلىرىمۇ رەتسىز. گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە ئەخلەت - شاپاق، سۆڭەكلەرنى قالايمىقان تاشلاپ قويۇپ كېتىۋاتقان. دەپ كەلسەك، گەپ تولا. بىز كەلگەنلەرگە، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرەمگە كېلىدىغانلارغا كىيىملەرنى رەتلىك كىيىش، ئولتۇرۇپ - قوپۇشتا تازىلىققا رىئايە قىلىش ھەققىدە ئۆگىتىپ ئەۋەتىڭلار، باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزىمىز چۈشمىسۇن دەپ كۆپ ئېيتىمىز. يىلدىن - يىلغا ئوبدان بولۇۋاتىدۇ. ئەمما مەينەتچىلىككە ئادەتلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆزگەرتمەك ئاسان ئەمەسكەن.
مېنىڭچە، ئىبادەتنى راھەت ھېس قىلىپ تۇرۇپ قىلسا ساۋاب بولىدۇ. قىينىلىپ،

قورۇنۇپ، ئازاب ئىچىدە قىلسا گۇناھ بولىدۇ. بىر يىلى بىر ياش يىگىت ئانىسىنى ھەج قىلدۇرىمەن دەپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئانىسى ياشلا تۇل قېلىپ، مۇشۇ بالىنى دەپ ياتلىق بولماي، ئاخىرى ئۇنى قاتارغا قوشقانىكەن. بالا ئانىسىنىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرەمگە ئەكەلگەنىكەن. قارىسام، ئانىسى تېخى خېلىلا ياش، ئەمما تولىمۇ سولغۇن، مىسكىن، بىچارە كۆرۈنىدى. شۇنىڭ بىلەن بالىغا دېدىم:

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭگە، ھەم ئاناڭغا ساۋاب تاپىدىغان ئىشنى قىلماي بۇ يەرگە كېلىپ ئاۋارە بولۇپسەن، — دېدىم. بالا ئەجەبلىنىپ:

— بۇ نېمە دېگەنلىرى. ئانامنى رازى قىلىمەن دەپ نەچچە يىللاپ جاپا چېكىپ ئىشلەپ، يېمەي - ئىچمەي پۇل يىغىپ، بالىلىق قەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە ئەكەلدىم، — دېدى.

— بۇ ياخشى نىيىتىڭ ۋىجدانىڭغا لايىق ئىش بوپتۇ. تېخىمۇ ۋاپادار بولاي، ئانامنىڭ دۇئاسىنى ئالاي دېسەڭ، يۇرتقا بارغاندىن كېيىن ئاناڭنىڭ ئۆز لايىقىدا تويىنى قىلىپ قويغىن، — دېدىم.

يىگىتنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى، ئەمما تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ مەزلۇمە گېپىمنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇزاق چۈشەندۈردۈم. يىگىت پېتىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. ئاخىرى ئانىسى:

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، ھاجىم. بۇ گەپنى چۈشىنىدىغان ئوغۇلنى خۇدا مەندىن ئاياپتىكەن، — دەپ يەنە ئۆكسۈپ يىغلاپ، كېتىپ قالدى.

بۇغۇ بىر قىلغۇچە گەپ. مەن دەيمەنكى بالام، بىزنىڭ ۋەتەندىكىلەر ھەجگە كەلسۇن، ئەمما ئۆزىنى، ئۆيىنى، مۇھىتىنى ئوبدان ئېرىغداپ، ئاندىن ئېشىنالىسا كەلسە بولاتتى. ئۇلار يېمەي، چىرايلىق، پاكىز كىيىنمەي، كىر خالتىسى بولۇپ بۇ يەرگە كېلىۋەرسە ھەجنى قىيناپ قويىدۇ.

بىزنىڭ بارماق بىلەن سانىغۇدەك دىنىي ئالىملىرىمىز ۋە ئەھلى ئىلمى مەرىپەتچىلىرىمىزدىن باشقا، كۆپلىگەن نادان خەلقىمىز ھەج قىلىشنى، بىرى، ھەرقانداق گۇناھى بولسا يۇيۇلۇپ، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ، دەپ، يەنە بىرى، «ھاجى» دېگەن كاتتا ئاتاققا ئېرىشىپ ئۆزىنى باشقا خەقتىن ئۈستۈن چاغلاش ئۈچۈن دەسمى قىلىۋالغاندەك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ئىنتايىن چوڭ گۇناھ بولىدۇ، بالام، — دېدى ئاخىرىدا ئۇ بوۋاي. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئابدۇقادىر ھاجىم ئىسىملىك بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئۆيىدىمۇ مۇشۇ گەپلەر تەكرارلىنىۋىدى، بۇ، مەرد، كەسكىن، ئوچۇق سۆزلۈك ئادەم مۇنداق دېدى:

— بۇ گەپنى تولىمۇ دېدۇق. بىزنىڭ بۇ خەقنى بۇنداق سۆزلەپ يۇرۇپ ئۆزگەرتىپ بولغىلى بولمايدۇ. مەن ھەرقايسىڭلىغا بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي: بىر ئادەم يولدا كېتىۋاتسا بىر دېھقان قاملاشمىغان مايماق بوقۇسىدا يەر ئاغدۇرغىلى تۇرۇپتۇ. قارىسا، بوقۇسا تارتىۋاتقان كالىمۇ، بوقۇسىنى تۇتقان دېھقانمۇ بوقۇسىنىڭ ئوساللىقىدىن قىينىلىپ مېڭىۋاتقۇدەك. يەرمۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ، ھەيدىگەنسېرى ھەدەپ

چالما چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك. ھېلىقى يولۇچى:

— ھوي قوشچى ئاكا، كالىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزمۇ، يەرلىكمۇ جىننى قىيىنغىچە بۇقۇ-ساڭنى ئوڭشاپ ئالدىن يەر ھەيدىمەسەن. نېمانداق قولاشىغان دېھقانسەن؟ — دەپتۇ. قارا تەرگە چۆمگەن قوشچى يولۇچىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپ:

— كالامنىڭ ئەھۋالى شۇنچىلىك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئابدۇقادىر ھاجىم ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇپ بېشىنى چايقىدى:

— قاقشىغىنىمىز بىكار. خوش، بۇقۇسىنىڭمۇ ياخشىسىنى يېڭىۋشلەرسەن، بىزنىڭ خەقنىڭ سۈپەت - ساپاسىنى قانداق يېڭىۋشلەيسەن. بۇ خەقنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ ھەرەمگە ئاپارساڭمۇ يەنە بولۇشى شۇ. ئاڭلىسام، تېخى خېلى ئىنساپلىق، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرمۇ ھەرەمگە بارغاندىن كېيىن ئاچكۆز، پۇلغا ئامراق، نەپسانىيەتچى بولۇپ كېتىپ ئىناۋىتىنى چۇشۇرۇۋالغانىمىش. بۇ يەردە ياخشى نەرسىلەر يوقماي، ناچار قىلىق-لارنى يۇقتۇرۇۋېلىپ كېتەرمىش. تولا قاقشىماي، ئالدىمىزغا كەلگەن ماۋۇ پولۇنى يەيلى، ئاغىنىلەر.

ئويلاپ باقايلى، بىز راستىنلا شۇنداق ئوسالمۇ؟ يالغۇز كالا، مايماق بۇقۇسا، ئۇمىدسىز دېھقان بولۇپ ئالتۇندەك يېرىمىزنى بۇزۇپ يۈرەرمىزمۇ؟ مەن ئاللانىڭ كەبىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، ئىچ - ئىچىمدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ ئاللادىن تىلىدىم: «ئى، ئۇلۇغ ئاللا، بىزگە ھېچكىمنىڭ ۋەتىنىگە بەرمىگەن تۆت پەسىلنى شۇنداق ئېنىق ئايرىپ، تەڭشەپ بېرىپسەن، ھېچكىمگە بەرمىگەن ئالتۇندەك تاغلارنى، سەرخىل مېۋىلەر بىلەن تولغان باغلارنى، ئاستىدا ھەددى - ھېسابسىز بايلىقلار ياتقان تۇپراقنى بېرىپسەن. ھەتتا ئۆزۈڭ ئۇلۇغ قىلغان مۇقەددەس ھەرەمدىنمۇ ئايىغان بوستانلارنى، دەريالارنى، كۆللەرنى، ھەممە تالىشىدىغان مېھرى ئىسسىق چۆللەرنى بېرىپسەن. بىزنى باشقا مۇسۇلمانلار دەك گۈزەل چىراي، كېلىشكەن بوي - بەست بىلەن يارىتىپسەن. ساڭا يۈز مىڭلاپ شۈكرى، رەھمەتلەر ئېيتىمەن. مەن سەندىن بىزگە كەم بەرگەن ياخشى ئادىمىلىك پەزىلەت، ئەخلاق، ۋىجدان، ئەقىل - پاراسەت، ئىنساپ بېرىشىڭنى، مۇشۇ كەملىكلەر تۈپەيلىدىن تارتىۋاتقان ئازارلىقلار، خار - زارلىقلاردىن قۇتقۇزۇشىڭنى، دىللىرىمىزغا مەن بەك مەينەتكەنمەن، يۇيۇۋاي، پاكىز بولاي، ئۆيلىرىم، مەھەللەم پاسكىنىكەن، ئېرىنمەي، تازىلاي دېگەن بىر ئەقىلنى بېرىشىڭنى ئىلتىجا قىلىمەن».

ئەي مېنىڭ جاپاكەش خەلقىم. مەن دۇنيانى ئاز بولسىمۇ كۆردۈم. بىزنىڭ يۇرتتەك تاتلىق، ئېسىل يەر ئازكەن. بىزنىڭ ئوساللىقىمىزغا ھېلىمۇ ئاللا بىزدىن بۇ زېمىننى تارتىۋالماپتۇ. ئەمدى ئادەم بولمىساق بومۇ يوق گەپ ئەمەس. مەن مۇشۇ گۆھەردەك تۇپرىقىمىزدىن مۇشۇنداق ناچار ئادەملەر بولۇپ تۇغۇلغانلىقىمىزغا دائىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىمەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ: «بۆركۈتنىڭ بالىسى چۈجە ئالالماس ئاق سا بولۇپ تۇغۇلۇپمۇ قالىدىكەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ھەسرەت بىلەن ئەسلەپ قالىمەن.

مەن بارغانلا يەرنىڭ ئادەملىرى شۇنچە ئىناق، ئەخلاقلىق، پاكىز، تەربىيە كۆرگەن. پەقەت بىزلا ھەممە يەردە نەسلەرچە، خۇمسىلارچە قىلىشقان ئەمەللىرىمىز، مۇناپىقلىقىمىز بىلەن بىر - بىرىمىزنى ئالداپ، سېسىتىپ ھەم سېسىپ يۈرۈپتىمىز.

70 - يىللاردا ئىچكىرىگە بارساق، قالتىس ھۆرمەتلىنەتتۇق. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارمايلا ئۇسال، سېسىق نامىمىز تارالدى؛ 90 - يىللارنىڭ بېشىدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىدىكى دۆلەتلەر ۋە بەزى ئەللەردە بىزنى قوچاقلاپ سۆيۈپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، مېھمان قىلىۋىدى، ئىككى يىلغا قالماي بۇ يەرلەرنىمۇ سېسىتىپ، ئۇلارمۇ بىزنى كۆرسە سەسكىنىدىغان، قاچىدىغان بولدى. مۇشۇ خۇي - پەيلىمىز بولسا، ئۇزاققا قالماي دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە سېسىپ، كۆتىمىزگە تېپىك يېيىشىمىز ئېنىق.

بىز ئۇنداق قىلماي يۇيۇنۇپ ئېرىنىدىنايلى؛ زامانغا لايىق ئادەم بولايلى. ئۆزىمىزنى پاكىزلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە نامرات ئەمەسمىز. دۇنيادا بىزنىڭ ۋەتەندەك مولچىلىق، توقچىلىق، ئەرزانچىلىق يەر ھېچنەردە تېپىلمايدۇ. بىزدە پاكىز يۈرگۈدەك، رەتلىك كىيىنگۈدەك پۇل بار، شۇنداق روھ، ئىرادىلا يوق.

ئەزىز ۋەتىنىم، سۈت بەرگەن، يىلىكىدە مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان خەلقىم، مەن سىلەرگە چەت ئەلدىن مۇشۇ سوۋغا - سالامنى ئېلىپ كەلدىم. دىلىڭلار مەندىن رەنجىگەن بولسا، مەن سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن. خاپا قىلالىغان ئادەم خۇشمۇ قىلالايدۇ، مەن تېخى بالا ئەمەسمۇ. ئەركىلەپ قىلغان ئارتۇق گەپلىرىمنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ بېقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

1993 - يىل ئاپرېل - ماي، قەشقەر - ئۈرۈمچى

## مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ ئالامەتلىرى

بىر ئادەمنىڭ چىشىنىڭ پاكىزلىق دەرىجىسى ئۇنىڭ مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئالامەتلەرنىڭ بىرى. بىر جاينىڭ ئاممىۋى ھاجەتخانىلىرىنىڭ پاكىزلىق دەرىجىسى شۇ جاينىڭ مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئالامەت. بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئەخلەت ساندۇقىغا سېلىش - سالماسلىقى شۇ ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىشىنىڭ قانداق دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىر جاينىڭ سۇ چىقىرىۋېتىش سىستېمىسىنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقى شۇ جاينىڭ زامانىۋىلىشىشى قانداق سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

«پارتىيە قۇرۇلۇشى مەجمۇئەسى» دىن




ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

I

«ئۇلۇغۋار مەدەنىيەت خەزىنىسى — ئىنسانىيەت ياراتقان پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى نەتىجىلەردىن جەمغەرلەنگەن. دىن ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە.»

— «خىيال دەپتىرى» دىن

ئۇسسۇل سەنئىتى — ئىنسان روھىيىتىنىڭ بەدەننى تامغا قىلغان قايناق ئۇچۇرى. ئۇ، ئىنساننىڭ ئۆزىنى تاشقى دۇنياغا ئىپادىلەش ئىقتىدارى بىلەن تەڭ يارالغان. ئىنسان روھىيىتى ئەپسانە ۋە دىنىي تەسەۋۋۇرلار بىلەن كۈندىلىك تەبىئەت ھەم تۇرمۇش رېئاللىقى قوچىقىدا ئۆسكەن زامانلاردا ئۇنىڭ روھىيىتى دىنىي تۈستىن خالىي بولالمىغانىدى. بۇ ھالەت ئىنساننىڭ پوتېنسىئال ئېڭىدىكى مۇرەككەپ، ئەمما تولىمۇ رېئال تەركىبلەر بىلەن بىللە تولىمۇ ئۇزاق ياشىدى ۋە ياشىغۇسى.

دىن — رېئاللىقنىڭ - تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە بىلىش رېئاللىقىنىڭ غەلىتە مۇرەككەپلەشكەن ئىنكاسى ۋە ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ماسلاشقان، يالقۇنلۇق ئىپادىسى بولۇپ كەلدى. تارىخ بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئامېرىكا

بىلەن ياپونىيەنىڭ ئەڭ چوڭ دىنىي ئېتىقاد ـ دۆلىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

دىننى بىر خىل مەدەنىيەت شەكلى دېيەسلىك نادانلىقتۇر. دىن — ئەزەلدىن مۇئەييەن ئىلاھىي ئېتىقادنى ئۆزەك قىلغان مەدەنىيەت تۈزۈلىسى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسى شەكلىدە كىشىلىك تۇرمۇشقا چوڭقۇر يىلتىز تارقاتقانلىقى روشەن.

ئىسلامىيەت بىر خىل دىن، ئوخشاشلا بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ كەلدى. ئۇ ھەرقايسى دۇنياۋى دىنلارغا ئوخشاشلا يالغۇز ئىبادەتخانىلار بىلەنلا چەكلەنگىنى يوق. ئۇ، پەلسەپە، ئەخلاق، ھوقۇق، سەنئەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئىسلامىيەت ئۆزى پائالىيەتكە كىرىشكەن كەڭ زېمىندا ئىسلام قائىدىلىرى ۋە ئەرەب مىللىي ئادەتلىرىنى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ يەرلىك تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىرىشكە ئۇرۇندى. گەرچە بۇ جەھەتتە دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بىر قەدەر روشەن زىددىيەت ۋە كۆرەشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسلامىيەت بىلەن يەرلىك مەدەنىيەت ئارىسىدا مۇئەييەن ئۆزئارا ماسلاشقان مۇۋازىنەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ يەنىلا يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ ئىسلام تۈسىگە كىرىشىدىن ئىبارەت تارىخىي ئالامەتلەر بىلەن گەۋدىلەندى.

ئىسلامىيەت غەربىي دىيار مەدەنىيىتىگە يېڭى تارىخىي تۈس كىرگۈزدى. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن غەربىي دىيار ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تەدرىجىي يوسۇندا غەربىي دىيارغا خاس ئىسلام يېپىنچىسىدىكى ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەت شەكلىدە ئۆزىنىڭ يېڭى تارىخىي قاتلىمىنى ھاسىل قىلدى.

غەربىي دىيار مەدەنىيىتى ئەزەلدىن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بىر خىل تەرەققىياتقا دۇچ كەلگەن ئەمەس. ئىسلامىيەت غەربىي دىياردىمۇ خۇددى ئۆز تەسىرىدىكى باشقا رايونلاردىكىدەك، نىسبىي مەنىدە بەزى سەنئەت تۈر ۋە ژانىرلىرىنى چەتكە قاقتى. بىناكارلىق ئىسلام سىمۋولىزمىدا راۋاجلاندۇرۇلغان بولسا، ئىنسان قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن ھەيكەلتىراشلىق چەتكە قېقىلدى. مۇزىكا سەنئىتى بىر تەرەپتىن ھامىيلىق قىلىنىش، بىر تەرەپتىن تەقىپ قىلىنىش سادالىرى ئارىسىدا راۋاجلاندى①. ئىسلام دۇنياسىدا مۇزىكىنى گۇناھ دەپ بىلىپ تەقىپ قىلغۇچىلاردىن تاشقىرى مۇزىكىنى ئىنسان روھىنىڭ ئوزۇقى دەپ ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىش توغرىسىدا بىر قاتار رىۋايەتلەر، ھېكايەتلەر ۋە رىسالىلەر مەيدانغا كەلگەن. شەيخ سەئدى، كەۋكەبى، جۇنەيد باغدادى، ئابدۇللا ئەخرار يۈسۈپ ھەمەدانى، فارابى ۋە ئىبنىسىنالار مۇزىكىنى قەلبنى پاكلىغۇچى، ئۇلۇغ (شەرىف) ئىلىم، ئىلاھىي سىرلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ قاراشقان. يەنە بىر رىۋايەتتە، بۇبى ئائىشە ئىككى ئايالنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغاندا، بۇبى ئائىشەنىڭ دادىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ ئۇلارنى گۇناھ ئىش قىلدىڭلار، دەپ رەنجىگەندە، مۇھەممەد پەيغەمبەر كىرىپ قېلىپ، بۈگۈن بىزنىڭ بايرىمىمىز، ئۇلارغا ئازار قىلماڭ، دېگەنلىكى سۆزلەنگەن. ئىسلام شەرقىدىكى مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ مۇزىكا ۋە مۇزىكانت

① رەجەپوۋ: «مۇقاملار مەسىلىسىگە دائىر»، ئۆزبېكچە نەشرى، 99 — 102 - بەتلەردە بۇ جەھەتتىكى تېپىك قاراشلارنى، ھامىيلىق ۋە ئەيىبلەشلەرنى تولۇقشتۇرۇپ ئۆتكەن.

تۇغرىسىدا كۆپلىگەن ئىجابىي بېيىتلار يېزىلغان.

ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئىسلامىيەت شارائىتىدىكى ئەھۋالى مۇرەككەپرەك تارىخىي قىسمەتكە دۇچ كەلدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇ ئىماگىرىتكىدەك ئەنئەنىۋى «ئەينەن شەكىل»دە، «ئەينەن نام» دا، «ئەينەن كۆرۈنۈش»تە ئەركىن - ئازادە ۋە ئوچۇق - ئاشكارا راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىنىسمۇ، ئەمما، ئوخشىمىغان مىللەتلەر، رايونلار ۋە تەبىقىلەر ئارىسىدا بۇ ئەھۋال بىردەك بولمىدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، غەربىي دىيارلىقلار «خۇدا بىلەن روسۇل، دۇتار بىلەن ئۇسسۇل» دىن ئىبارەت ھەر ئىككى جەھەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئىش ئېلىپ بېرىشتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۆز ئالدىغا خاس بىر تارىخىي ۋارىيانت ۋە بىر تارىخىي قاتلام ھاسىل قىلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئىسلامىيەت ئامۇ دەريانىڭ شىمالىي ئېتىكىدە پەيدا بولۇشتىن تاكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي قانىتىدىكى تۇرپان، قۇمۇللاردا يىلتىز تارتقىچە يەتتە ئەسىر ۋاقىت ئۆتتى. بۇ، ئىسلامىيەت بالدۇر تارقالغان ۋە كېيىن، ھەتتا تېخىمۇ كېيىن تارقالغان رايونلار ئارىسىدىكى پەرقنى، ئىسلامىيەت بىۋاسىتە ئەرەب قوشۇنلىرى ئارقىلىق تارقالغان ۋە يەرلىك ئۇ ياكى بۇ خەلقلەر ئارقىلىق تارقالغانلىق ئارىسىدىكى پەرقنى، ئىسلام خەلىپىلىكىگە يېقىن ياكى يىراق مۇساپە ئارىسىدىكى پەرقنى، يەرلىك خەلقنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشىدا ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ، ناخشا - ئۇسسۇللۇق مەشرەپ - مىلىسلارنىڭ تۇتقان ئورنى جەھەتتىكى پەرقنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن يەتتە ئەسىر بولدى، بۇ، ئىسلامىيەتنىڭ پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيادا تۇغرىدىن تۇغرا ئەرەب ئېتنىك شەكلىدە تارقالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوبيېكتىنى ئەينەن، كونكرېت ئىزاھلاش تەتقىقاتنىڭ ھەقىقىي ھوزۇر - ھالاۋىتى، ئەلۋەتتە.

## 2

«مۇھەببەتسىز سەنئەتنى، سەنئەتلەرسىز مەشرەپنى، مەشرەپلەرسىز ئەنئەنىۋى فولكلور - مۇقاملارنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.»

— «خىيال دەپتىرى»دىن

ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ ماۋرەئۇننەھرنى ئىستېلا قىلىشىدىن بۇخارادا سامانىيلار خانلىقىنىڭ (870 — 999) مەيدانغا كېلىشىگىچە يەرلىك سوغدى - توققۇز جاۋۇپ مۇزىكا - ئۇسسۇللىرى ئەرەب ئىستېلاچىلىرىنىڭ قىرغىنچى ئۇرۇشلىرى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكلىرى ئىچىدە قالدى. بۇددىزم ۋە مانىزم، زەردوشت مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى ۋەيران قىلىندى. تابارىنىڭ ئۇچۇر قىلىشىچە، قۇتەيبە سەمەر قەنت (قەدىمكى ئەپراسىياپ) شەھىرىنى ئالغاندا، مېتال ھەيكەللەرنى توپلاپ ئېرىتىش بۇيرۇقى بەرگەن. پەرغانىدىكى ئەرەب نائىبى قىممەت باھا بۇيۇمدا ياسالغان ھەيكەللەرنى ئېلىپ كەتكەن①. بۇلار ئارىسىدا ئۇسسۇل - مۇزىكىغا ئائىت تارىخىي يادىكارلىقلار بولغان. كۆپلەپ سوغدىلار شەرقىي پامىر ئېتەكلىرىگە، قارلۇق - ياغما - تۈركەش رايونلىرىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل سامانىيلار

① «تارىخ تابارى» 1694 - يىل تاشكەنت قولىيازما نۇسخىسى، 2 - جىلد، 262، 263 - بەت (يۆتكەپ ئېلىندى).

خانلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ماۋەرەئۈننەھىر يەرلىك مۇسۇلمان ھاكىمىيىتى ۋە بىر قەدەر تىنچ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى تارىخىي ئالامەتنى گەۋدىلەندۈردى.

ئەنئەنىۋى مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئىككى روشەن تارىخىي ھادىسە يۈز بەردى.

ئۇنىڭ بىرى، مۇزىكا بىر قەدەر ئىجابىي ھامىيلىق تەشەببۇسلىرى ۋە پائالىيەتلىرى بىلەن ئەينى زامان دىداكتىك قاراشلىرىنى تەرغىب قىلغۇچى ۋاسىتىگە ئايلاندى. ئەينى زامانغا يانداش مۇئەللىپلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇزىكا (مۇسىقى) ۋە سازەندىلەر (مۇغەننى)، ناخشىچىلار (ھاپىز) توغرىسىدا كۆپلىگەن ئىجابىي پىكىرلەرنى ئاشكارا بايان قىلىشتى. ئەل خارەزمى، فارابى، ئىبىن سىنا، كەيكەۋۇس قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بۇنىڭغا ئۆلگە قىلىش مۇمكىن.

ئۇنىڭ يەنە بىرى، ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئىككىگە بۆلۈنۈش ھادىسىسى كۈچلۈك ئىپادىلەندى. ئوردا ھەرەملىرىدە كېنىزەكلەر نىقابىدا ماھىر ئۇسسۇلچىلار (رەققاس) ساقلاندى. لىرىك ئۇسسۇلۇق مۇزىكىلار لەرزان ئۇسسۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ ئوردا - ھەرەم ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشتى. خەلق ئارىسىدا، بولۇپمۇ يىراق دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئايەم - سەيلى مۇراسىم ئۇسسۇللىرى ئانچە - مۇنچە داۋام قىلدى.

بۇ دەۋردىكى ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆزىگە خاس تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل سەنئىتىدىن پەرقلەندى. ئومۇمەن ئەرلەر ئۇسسۇللىرىنىڭ كۆپلەپ ئوچۇق سورۇنلاردا ئوينىلىدىغانلىقى، ئۇسسۇللارنىڭ قىزىقچىلىق - دىراماتىك تۈس ئېلىشى ھەم ھايۋان قىياپىتىدىكى ئۇسسۇللارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى؛ يازما مەنبەلەردە مۇزىكا ۋە ناخشا سەنئىتىنىڭ تىلغا ئېلىنماسلىقى؛ ئوردا - ھەرەم ۋە ئەل ئىچىدىكى ئۇسسۇللارنىڭ ئۆزئارا يىراقلاپ كەتكەنلىكى بۇ دەۋردىكى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

روشەنكى، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئۈچۈن ئەر - ئاياللار ئۇسسۇلى ئەنئەنىۋى فولكلور مەدەنىيىتى ئىدى. ئەنئەنە سامانىيلار دەۋرىدە ئوچۇق - ئاشكارا سورۇنلاردىن قالدى. بۇ، ئەر - ئاياللار ئۇسسۇلىدىن ئىبارەت تىپىك سەنئەت ئەنئەنىسىنىڭ پۈتۈنلەي يوقالغىنى ئەمەس ئىدى. ئۇ يىراق قىشلاقلاردا ساقلاندى. مەمەجان راھمانوۋنىڭ كۆرسىتىشىچە، سۇرخان دەريا ۋادىسىدىكى توخارلار جايلاشقان دېناۋ رايونىدىكى «كىچىك بەھشۋار»، «كاتتا بەھشۋار» دېگەن يېزىلاردا ئەر - ئاياللار ئۇسسۇل ئوينايدىغان، قىزىقچىلىق قىلىدىغان ئادەت ساقلانغان. 1900 - يىلى «جەنۇبىي كاسپىي ئوبزورى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان س. د. ماسلوۋىسكىنىڭ «مەسخىرىۋازلار يېزىسى» دېگەن ماقالىسىدا سەمەرقەنت يېنىدىكى «دەرخ» دېگەن تاغلىق يېزىدا ئەر - ئاياللار ئۇسسۇللىرى ۋە قىزىقچىلىق پائالىيىتى بولىدىغانلىقىنى يازغان①. «ساما» نامىدا، بولۇپمۇ ئاياللار ئۆتكۈزىدىغان «ھېكمەت ساما» نامىدا ئۇسسۇللار ساقلاندى. ۋەھالەنكى، شىنجاڭدا بۇ

① مەمەجان راھمانوۋ، «ئۆزبېك تىياتىرى» 1 - كىتاب، 1975 - يىل تاشكەنت نەشرى، 189 - 190 - بەتتىن ئېلىندى.

زامانلاردا يېزىلاردا ئەر - ئاياللار قاتناشقان مەشرەپلەر كەڭ ساقلانغانىدى.

ئېيتىش كېرەككى، ئۇسسۇل سەنئىتى ئىجرا قىلىنىدىغان ئوچۇق سورۇنلاردىن ئەر - ئاياللار بىللە ئوينايدىغان سەنئەم تىپىدىكى ئۇسسۇللارنىڭ چەتكە قېقىلىشى، ئاياللار ئۇسسۇلىنىڭ چەتكە قېقىلىشى، يالغۇز ئاياللىقنىڭ ئىجتىمائىي پاجىئەسى ئەمەس، بەلكى گۈزەللىكنىڭ، نەفاسەتنىڭ، ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئىجتىمائىي پاجىئەسى ئىدى. تارىخ، بۇ پاجىئەنىڭ ۋاقىتلىق ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

3

«يىپەك يولى - ئۇلۇغ بىر مۇزىكا ئەسۋابى، ئۇ، ئۇسسۇلسىز كۈيلىمەيدۇ.»

— «خىيال دەپتەرى» دىن

قارا خانىلار (840 — 1219) سۇلالىسىنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ سامانىلار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي - ئىسلام مەدەنىيىتى يېڭى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلدى. غەزنەۋىيلەر (962—1187)، سالجۇقىلار (1040 — 1157)، خارەزم تۈركىي خانلىقى (870—1220)، مىسىر تولۇنخان (868—905) ۋە ئىخشىدىلار (935 — 969) تۈركىي سۇلتانلىقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بۇ تارىخىي دەۋرنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولۇپ قالغانىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (850 — 1335)، گەنجۇ سېرىق ئۇيغۇر خانلىقى (860 — 1035) تۈركىي - بۇددىزم مەدەنىيىتىنى تاكى بۇ خانلىقلارنىڭ ھالاكىتى ياكى تۈركىي - ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئۆتكىنىگىچە ئىزچىللاشتۇردى.

قارا خانىلار دەۋرىدە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى سامانىلار دەۋرىدە شەكىللەنگەن دىنىي ئادەتكە ئېتىبار بېرىشتىن تاشقىرى، ئەل ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللارنىڭ بىر قەدەر كەڭرەك قانات يېيىشىغا يول قويدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى:

بىرىنچىدىن، قارا خانىلار دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلامىيەت ئەرەب ئىستىلاسى زامانىدىكى زەربىدارلىقتىن قالغانىدى،

ئىككىنچىدىن، قاراخانىلارنىڭ ماۋەرە — ئۇننەھىردىكى غەلىبىلىك يۈرۈشلىرى دىنىي خاراكتېرنى ئەمەس، بەلكى مىللىي خاراكتېرنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك - سوغدىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئىستېلا قىلغان ئەرەب خەلىپىلىكى ۋە ئۇنىڭ ۋاسالى - سامانىلار ئۈستىدىكى غەلىبىسى شەكلىدە تارىخ بېتىدە نامايەندە قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى بۇ غەلىبىنى تېز قوبۇل قىلدى. يەرلىك خەلق مەلۇم مەنىدە ئەينى زاماندىكى غەزنە، خارەزمدىكىدەك يەرلىك مۇستەقىل ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى شەكلىدە بۇ ۋەقەنى ئەركىنلىك سىمۋولىدا تەنتەنە قىلىشتى.

ئۈچىنچىدىن، قاراخانىلار دەۋرىدە ئەرەب - باغداد خەلىپىلىكى ئاجىزلاشقان، تۈركىي قەۋملەر ھەربىي - ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئۆتكەنىدى.

تۆتىنچىدىن، ئەڭ مۇھىمى، يايلاق ۋە بوستان مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر - ياغما - ئارىز - قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر خەلقلىرى مۇزىكا - ئۇسسۇلنى ۋە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئەزىزلەيتتى. «تۈرك خانلىرى سەنئەتخۇمار ئىدى»①. قاراخانىلارلا ئەمەس ھەتتا مەھمۇد غەزنەۋىيمۇ (998 — 1030) سەنئەتخۇمار ئىدى. گەردىزىنىڭ يېزىشىچە،

① مەمەجان راھمانوۋ: «ئۆزبېك تىياتىرى» 1975 - يىل نەشرى، 201 - بەت.

ئۇ 1025 - يىلى تېرمىزدا ئىشرەت ئاچقىدىغان قەسىر ياساتقان. بۇ قەسىرنىڭ خارابىلىرىنى بوگاچىنكوۋا بىلەن رېمپېل قېزىپ ئېنىقلىدى①. تارىخىي رىۋايەتلەردە، يۈسۈپ قادىرخان مەشھۇر سەركەردە بولۇپلا قالماي، يەنە تونۇلغان مۇزىكىشۇناس بولغان. ماۋەرەئۇننەھىردە قاراخانىيلار ئىلىك - تاۋغاچ خانلىرى بىلەن دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەتلەر ئەخلاق - سەنئەت قىممەت قارىشىنى بىر مەزمۇن قىلغان.

مەھمۇد غەزنەۋىي فىردەۋسىنىڭ ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ ھەجۋىيە يازغانلىقى بىلەن، ئىبىن سىنا ۋە بېرونىنى ئۆز ئوردىسىغا چاقىرتقانلىقى بىلەن قاتتىق قول - زالىملىقتا ئەيىبلەنمەكتە. مېنىڭچە، مەھمۇد غەزنەۋىي، بىرىنچىدىن، قابىلىيەتلىكلەرنى، جۈملىدىن فىردەۋسىنى ھۆرمەتلىدى، مۇھىم بىلدى؛ ئىككىنچىدىن، فىردەۋسىنىڭ ئىرانىيلارنى كۆتۈرۈپ، تۇرانىيلارنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىكىگە غەزەپلەندى. ئەڭ ئاخىرىدا، يەنىلا فىردەۋسىگە مۇكاپات يوللىدى.

قاراخانىيلار ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر - تۈركىي مەدەنىيەت بويىچە ئاياللارنى تولىمۇ مۆتىۋەر بىلەتتى. قاراخانىيلاردىن خارەزم تۈركلىرىگە ياتلىق قىلىنغان تۈركان خاتۇنلار مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ھامىيلىرى بولۇپ مەيدانغا چىقىشتى. بىز بۇ ئەنئەنىنىڭ باتىسخان ئانا — ئاسنا مەلىكە — تۈركان خاتۇن - ئامانىنساخاندا ئىزچىللاشقانلىقىنى كۆرىمىز.

قاراخانىيلار ۋە سامانىيلار زامانىسىغا مەنسۇپ ئالىملار دەل ئەبۇ نەسىر فارابى ئەتتۈركى، ئىبىن سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇزىكا توغرىسىدا تارىخىي ئەھمىيەتلىك بايانلار مەيدانغا كەلدى. فارابى سۇجۇپ قاتارلىق غەربىي دىيار مۇزىكا ئالىملىرىنىڭ نەغمە نەزەرىيىلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، مۇقام تەلىماتىنىڭ ئۇلىنى راسلىدى. ئىبىن سىنا فارابى مۇزىكا تەلىماتلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ئاھاڭ تۈركۈملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا مەنپەئەتلىك تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرى گەرچە مۇزىكا ھەققىدە مەخسۇس توختالمىسىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئەفسۇنچىلار» («قۇتادغۇبىلىك» 4361 - بېيىتتا) دېگەن نامنى، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئوكەمە»، «بۇرغا»، «سىبىزغۇ»، «تۈمۈرۈك»، «قوروۇق»، «سۇرناي» قاتارلىق چالغۇلار نامىنى تىلغا ئالدى.

ئۇسسۇل — «بۇدۇك» ئىبارىسى يازما ئەدەبىياتتا گابائىن خانىم 1958 - يىلى ئېلان قىلغان «تۇرپان تېكىستلىرى»، تەركىبىدىكى 12 ۋاراقلىق «ئاتاۋاكا دېۋە» ناملىق لېگىندىدا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا: «تەڭرىلەر ئىرىن ئويۇنىن ئىرلايۇبۇدىيۇ» (تەڭرىلەر ناخشىلىق ئويۇندا ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ) دېيىلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 6025 - بېيىتىدە:

«سىۋىنچ كۆرسەتۇشكە ئويۇن يا بۇدۇك
ساقىنچ قادغۇلارقا ئاملدى كەزىك»

(سۆيۈنچ كۆرسە چۈشتە ئويۇن يائۇسسۇل، ئېچىلغاي ئەلەم ۋە قايغۇ ئۇچۇن يول.) دەپ يازغان.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار

① «ئۆزبېكىستان سەنئەت تارىخى» 1965 - يىل نەشرى، 18 - بەت.

دىۋانى» نىڭ 1 - توم، 537 - بېتىدە «بۇدۇك» ئىبارىسىنى تىلغا ئالغان. «دىۋان» دا يەنە «سوغدىچ» (1 - توم) نامىدىكى قىشلىق مەشرەپ، «سۇرچۇك» (1 - توم)، «شەنبۇي» (3 - توم) نامىدىكى كىچىك بەزمىلەرنىڭ ناملىرى كۆرسىتىلگەن.

ئەھمەد يۈكنەكى ئۆز كىتابىدا «رەقس» سۆزىنى مۇنداق تىلغا ئالغانىدى:

«ئارىف رەقس چىقارۇر ئۇرۇر خۇش سەما»
(دانىشمەن ئۇسسۇل① بىلەن خۇش
ساما ئۇردى)

قارا خانىيلار دەۋرىدە ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسسۇللىرى — سەنەم، مەشرەپ، شادىيان، مۇراسىم ئۇسسۇللىرى، سىمۋوللۇق (نەرسە تۇتقان ياكى ھايۋان قىياپىتىگە كىرگەن) ئۇسسۇللار ئىسلام مۇھىتىغا ماسلاشقان ھالدا يەنىلا داۋاملاشتى.

مەرسىيە، توي مۇراسىملىرىمۇ ئۇسسۇل بىلەن ئالاقىدار بولغان. مىلادى 1317 - يىلى كۆچۈرۈلگەن «جەمىئۇت تاۋارىخ» ناملىق كىتابنىڭ 195 - بېتىگە 992 - يىلى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن تۇتۇلغان ماتەم كۆرۈنۈشى ئىپادىلەنگەن بىر پارچە قىستۇرما رەسىم بېرىلگەن. رەسىمدە ئالدى - ئارقىسىغا ئات قوشۇلغان تەختىراۋاندا جەسەتنىڭ يۆتكەپ كېتىلىۋاتقانلىقى، تەختىراۋاننى قوغداپ كېتىۋاتقان مۇھاپىزەتچى قوراللىق خادىملار، كۆڭلەكنى يىرتىپ، چېچىنى چۇۋۇپ، قويۇندەك پىرقىراپ نالە قىلىۋاتقان كىشىنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن (1 - رەسىمگە قاراڭ).


(1 - رەسىم: بۇغراخانغا ماتەملىك ئىپادىلەش)

تېمۇرىلەر دەۋرىدە سىزىلغان بۇ قىستۇرما رەسىمدە، بۇخارانى ئىشغال قىلغان ۋە كېيىل سەۋەبىدىن قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە — ئاتبېشى دېگەن جايدا قازا قىلغان ھارۇن بۇغراخان جەسىتىنىڭ قەشقەر يولىدىكى ئاھالە تەرىپىدىن ماتەم - مەرسىيە بىلەن ئۇزىتىلىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ كۆرۈنۈش بىزگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئالىپ ئەرتۇڭاخان مەرسىيە قوشاقلىرىنى، پەنجىكەنت تام رەسىملىرىگە سىزىلغان «سۇغ (دەپنە)» مۇراسىمى رەسىمىنى، توق قالا (ئامۇ دەريانىڭ ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان جايىدىكى قەدىمكى شەھەر) تام رەسىملىرىدىكى جەسەت كۆمۈش مۇراسىمى ئىپادىلەنگەن رەسىمنى ئەسلىتىدۇ. بۇ رەسىملەردە چاچ يېيىپ، كىيىم يىرتىپ نالە - پەرياد قىلىنغان مۇراسىم كۆرۈنۈشى بېرىلگەن.

ئەلىشىر نەۋائىي غەزەللىرىدە مۇنداق سۇغ كۈيى ھەققىدە بىر قاتار بېيىتلار ساقلانغان. مەسىلەن:

«ئەي نەۋائىي، زۇھىددىن يۈز قەتىل
ئارتۇق دەربەدەر،
بىر ساپال ئىلكىمدە مۇغ كۈيىدە
قىلسام زارلىغ.»

بىزدە خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ناخشا -

① ئەرەبچە «ئۇسسۇل» — ئۇسلۇب، ئىقىم، تەدبىر ئاتالمىسىنىڭ قاچان ۋە قانداق مەنىدە ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ خاس ئىبارىسى بولۇپ قالغانلىقى نامەلۇم. ھازىر بەزى ماقالىلەردە «ئۇسسۇل» دەپ يېزىلىشى پۈتۈنلەي ئاساسسىز سۈنئىيلىكتۇر.

ئۇسسۇللۇق مۇزىكا شەكلىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «ھارۇن بۇغراخان» قوشاقلىرى 992 - يىلقى مەرسىيە پائالىيىتىنىڭ يادىكارلىقى بولسا كېرەك.

بۇنداغ «مۇغ» ئۇسسۇلى ئەنئەنىۋى شامان ئۇسسۇللىرىنى ئاساس قىلغان. شامان - پىرىخونلارمۇ «مۇغ» نامىدا ئاتالغان. «ئالتۇن يارۇغ»دا: «ئانتىن ئۇكى يولچا يورىتدى ئول مۇغۇچلارىغ» (ئاندىن ئۇ پىرىخونلار ئۆز يوللىرىغا مېڭىشتى) دېگەن جۈملە بار. لېكوك ئېلان قىلغان «تۇركچە - مانىيچە تېكىستلار» دا: «ئارىغ تۇرۇغ مۇغۇچ نومى» (مۇقەددەس پېرىخونلۇق دەستۇرى) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. خەلقتە «مۇغ سۇيى» (جەسەت يۇيۇش) دېگەن سۆز بار. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە مۇغ ئىبارىسى «مۇغەننى» (سازەندە) مەنىلىرىنىمۇ ئىگە.

998 - يىلى يەكەن، يېڭىسار، يوپۇرغا ناھىيىلىرى ئارىسىدىكى سەلقۇم دېگەن جايدا خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئەلى ئارسلانخان قازا تاپقاندىن كېيىن، ھەر يىلى بۇ يەردە ماتەم شەكلىدىن ئۆزگەرگەن «ئوردىخان پادىشاھىم سەيلىسى» ئېلىپ بېرىلىپ تۇردى. بۇ، چوڭ باخشى (بېدۇك باخشى) داپلىرى ۋە ئېگىز تۇغ - ئەلەملىك سەيلى تۇركۈمى ئېلىپ بارىدىغان ئۇسسۇللۇق پائالىيەت بولۇپ، يېقىنغىچە ئىزچىللىشىپ كەلگەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە مۇقام شەكلىدىكى ئۇسسۇللار ئوينالغانلىقى مەلۇم. ئا. ئاسمۇۋ «ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ 1938 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلغان «ئۆزبېك كلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ تارىخى» ناملىق ماقالىسىدە، 10 -، 12 - ئەسىرلەردە پەرغانە، بۇخارا، بەلخ قاتارلىق شەھەرلەردە مۇقاملارنىڭ ئوينالغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئاساستا تېخىمۇ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ غەربىي ئاسىياغا تارقىلىشىدا قاراخانىيلار دەۋرى ئاساسلىق بىر باسقۇچ بولدى.

قاراخانىيلار بىلەن زامانداش ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا «ئىسلامىيەتكىچە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرىي يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى» ناملىق ماقالىمىز (بۇ ماقالە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1992 - يىل 4 — سانىغا بېرىلگەن - مۇھەررىردىن) دا توختالغاچقا بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز. تەكىتلەش ھاجەتكى، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى، مۇقام - مەشرەپ - سەنەملىرى ئەينى زاماندا بىر پۈتۈن مىللىي تۈستە ئىزچىللىشىپ كەلدى. ئۇ ھازىرقى قۇمۇل - تۇرپان مۇقاملىرىدەك كۈچلۈك ئەنئەنىۋى مىللىيلىككە ئىگە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، قەشقەر، پەرغانە، خوتەن، كۇسەن، ئىدىقۇت، قۇمۇل ئۇسسۇللىرى، ئۇسسۇللۇق مۇزىكا مېلودىيىلىرى، نەۋرۇز (سۇمۇلە - كۆك) مەشرەپلىرى ئىزچىل بىر سىستېمىدا داۋاملاشقان.

## 4

«چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئىككى خىل تەسىر قىلدى، ئۇ: بۇزۇش ۋە ئالەمگە يېيىتىشتىن ئىبارەت.»

— «خىيال دەپتىرى» دىن

چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن (1219) تاكى تېمۇرلەر سۇلالىسىنىڭ شەكىللىنىشىگىچە (1370) غەربىي دىيار تارىخى مۇرەككەپ مەدەنىيەت سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ ئارىدا ئۆتكەن بىر يېرىم ئەسىرلىك ۋاقىت: چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي

يۈرۈشلىرى ۋە ھەربىي ھاكىمىيىتى؛ چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ مۇسۇلمانلىشىشى؛ چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ تۈركلىشىشى؛ تۇغلۇق تىمۇرخان موڭغۇللىرىنىڭ مۇسۇلمانلىشىشى؛ ئاقسۇ - كۇچا - تۇرپان - قۇمۇل ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنىڭ تۇغلۇق تىمۇرخان ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئىسلامغا كىرگۈزۈلۈشى؛ تۇغلۇق تىمۇرخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى، موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا شەرقنى ئىگىلىشى ۋە يەرلىك مۇسۇلمان ئاھالىگە ئۆزلىشىپ كېتىشى؛ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىياغا كەڭ تارقىلىشى، «ئۇيغۇرىزىم ھادىسىسى» (مالىرىنوۋىسكىي سۆزى) نىڭ يۈز بېرىشى بىلەن خاراكتېرلەنگەن.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، چىڭگىزخاننىڭ ماۋەرەئۇننەھىر، خوراسان، ئىرانغا قىلغان يۈرۈشلىرىگە قاراخانىيلار دەۋرىدە مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلار ئەۋلادلىرى بىلەن ئىدىقۇت بۇددا ۋە مانىي دىنىدىكى ئۇيغۇر چەۋەندازلىرىنىڭ سالماقلىق بىر قىسمى قاتناشتى. ئۇلار تەركىبىدە ئۇيغۇر باخشى - زىيالىي - ئەللامىلىرى خېلىلا نۇرغۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مۇھەممەد خارەزمى، يۈسۈپ سەككاكى، شەيخزادە ئاتائى، مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئەلىشىر نەۋائىي، زوھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇر قاتارلىق تارىخىي شەخسلەر مەيدانغا چىقتى.

چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى غەربىي دىيار تارىخىغا ئائىت مەنبەلەردە شېئىرىيەت، خەتتاتلىق، مەرگەنلىك، چاۋغان ئويۇنى قاتارلىق مەدەنىيەت تۈرلىرى بىر قەدەر خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، مۇزىكا، بولۇپمۇ ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە تولىمۇ كەم سۆزلەنگەن.

يىللۇچۇسەي، جۇۋەينى، روبرۇك، ماركوپولو، ئىبىن بەتۇتە ئەسەرلىرىدىمۇ بۇجەھەتتىكى ئۇچۇر ناھايىتى ئاز. بۇ، ئەينى زاماندا غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ داۋاملاشمىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

يىللۇچۇسەي (1190 — 1244) چىڭگىزخان يېنىدا سەمەرقەنت (1222 - يىلى) قاتارلىق جايلاردا بولغان. ئۇ پەقەت:

«تاغىن ماۋەرەئۇننەھىرنى بېزەپتۇ گۈللەر تولدۇرۇپ،
سەيلى قىلدىم نەۋباھارنى ئات ئېگەردە ئولتۇرۇپ.

كۆزگى قوغۇنلار بۇياقتا ئۆتىدۇ قىش پەسلىدىن،
مېۋىلەر بىر خىل تۇرار تا يازغىچە خۇش بۇي ئۇرۇپ.»

«كىم بىلۇر غەربىي دىيار زىبالىقىنى مۇنچىلىك،
سېخىيلىق قىپتۇ قۇياش، ئاشىقمىكىن يا شۇنچىلىك.»

دېگەندەك شېئىرىي ئىبارىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

جۇۋەينى «تارىخىي جاھانكۇشاي» دا مۇھىمى جەڭ يىلنامىلىرىنى، تەدبىر ۋە ھىيلىلەرنى بايان قىلدى. خىرىستىيان شەيخلىرىدىن فرانسىيىلىك روبرۇك ۋە ۋېنىتسىيىلىك ماركوپولو (1254 — 1324) 13 - 14 - ئەسىرلەردە ئۆزى ساياھەت قىلغان جايلارنىڭ، مۇھىمى يۇەن ئوردىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشتى. ماركوپولو ئۆز ساياھەتنامىسىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، چەرچەن، قۇمۇللارنىڭ گۈزەل مېۋىزارلىرى، قول ھۈنەر ماھارىتى، دىنىي ئېتىقادى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ، قۇمۇل توغرىسىدىكى سەھىپىلىرىدە، قۇمۇلدا چالغۇ قوراللار ياسىلىدىغانلىقى،

خەتتاتلىق، كىتاب ئوقۇش، ناخشا — ئۇسسۇلغا بولغان ھېرىسلىق ئۈستىدە توختالغان. ئىۇ، گەنجۇ - شىلياڭ (ئېرگىنول)دا بۇددىزمنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى، ھەتتا ئۈستىگە ئالتۇن يالىتىلغان بۇتلانى كۆرگەنلىكىنى يازدى①.

مولوگىلىق شەيخ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى بەتۇتە (1325 - 1354) 14 - ئەسىردە خارەزم، سەمەرقەنت، بۇخارا بىلەن خۇراساندىكى تۆت شەھەر — ھىرات، بەلخ، مەرۋى، نىشاپورنى ساياھەت قىلغان، 1346 - يىلى ھىندىستان سۇلتانىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىلىمىزگە كەلگەن. ئىبنى بەتۇتە ئاستىرا باتقا بېرىپ ئالتۇن ئوردا سۇلتانى مۇھەممەد ئۆزبېكخان بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇنىڭ ئۆزبېكخان ئوردىسىدىكى خاتۇن ۋە قىزلار (كېنىزەكلەر) توغرىسىدىكى تەسۋىرى بىر قەدەر ئومۇمىيلىققا ئىگە. ئىبنى بەتۇتەنىڭ يېزىشىچە، ھەر بىر جۇمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سۇلتان «ئالتۇن گۈمبەز» سارايدا ئولتۇرىدۇ. گۈمبەزنىڭ تۈۋرۈكلىرى ساپ كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، تۈۋرۈك ئۈستىگە ياقۇت چېكىلگەن. سۇلتان تەختتە ئولتۇرغاندا ئوڭدا تۇغىل خاتۇن، كېپىك خاتۇن، سولدا بىيەرون خاتون، ئېردوست خاتۇن ئولتۇراتتى. خاتۇنلار كەلگەندە سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغۇزاتتى. خاتۇنلار - ئايال ۋەزىر ئورنىدا بولۇپ، بېشىدا ئېسىل تاشلاردىن نەقىشلەنگەن «بۆكتەگ» دېگەن كىچىك تاج، تاج ئۈستىگە توز پېيىدىن ئۇكە قادىلاتتى. ئۈستىگە رۇمچە «مونۇت» دېيىلىدىغان كىمخاپ كىيىم كىيىشەتتى. قىزلار «كولان» دېگەن ئۇچلۇق بۆك كىيەتتى، بۇ بۆكنىڭ ئۈستىدىمۇ توز پېيى ئۇكىسى، ئەتراپىدا ئۈنچە - مەرۋايىت بېزەكلىرى بولاتتى. ئۇلارنىڭ مەپىلىرىمۇ ئالتۇن يالىتىلغان كۈمۈش چەۋەقچىلار بىلەن ئالتۇن يالىتىلغان ياغاچ تاختىلاردىن ياسالغان. ھەربىر خاتۇن چۈشكەن مەپە ئەتراپىدا 10 - 15 نەپەر ھىندى ياكى رۇم يىگىتى ئالتۇن يالاتقان كۈمۈش ئۇمۇت بىلەن مۇھاپىزەت قىلاتتى، تۆت كېنىزەك قىز بىر مەپىدە ئولتۇراتتى.

ئىبنى بەتۇتە ھىندىستان دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ «دۆلەت ئابات» ناملىق ئەر - ئايال ناخشا - ئۇسسۇلچىلار بازىرى بولغانلىقىنى يازغان. ئۇنىڭ يېزىشىچە، بازاردا كۆپلىگەن دۇكانلار بولۇپ، قىز ئۇسسۇلچى، قىز ناخشىچىلار ئىلەنگۈچتە ئولتۇراتتى ياكى ياتاتتى، دېدەكلەر ئۇلارنى تەۋرىتەتتى. بازار مەركىزىدە ياسىداق گۈمبەزسىمان بىنا بولۇپ، ھەر بىر پەيشەنبە كۈنى ناخشا — ئۇسسۇلچىلار تاكى كۈن ئولتۇرغىچە ناخشا - ئۇسسۇل ئىجرا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر قاتار ئەركەك قۇللار مۇھاپىزەتكە مەسئۇل بولۇپ تۇرۇشاتتى. ②.

ئىبنى بەتۇتەنىڭ بۇ بايانلىرى «دۆلەت ئابات» (يەنە بىر ئىسمى تەلەپ ئابات) بازىرىنىڭ ئەينى زامان «يىپەك يولى» خەلقئارا سودىسىنىڭ بىر ھالقىسى ناخشا - ئۇسسۇل بازىرى ياكى بازار شەكىللىك ھەيتىلىك

① «ماركوپولو ساياھەتنامىسى»، 1981 - يىل نەشرى 42 -، 43 -، 44 -، 45 -، 46 -، 51، -54 - بەتلەرگە قارالسۇن.

② «ئىبنى بەتۇتە ساياھەتنامىسى»، 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 270 -، 274 -، 474 - بەتلەرگە قارالسۇن.

كولىسېرت مەركىزىنى قىياس قىلدۇرىدۇ.

چىڭگىزخان زامانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسسۇللىرىغا ئائىت خۇراساندىن تېپىلغان قاچا - تاۋاقلارغا سىزىلغان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردە ئەينى زامان تۈركىي پوسۇنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئايال ئۇسسۇلچىلار (2 - رەسىمگە قاراڭ)، ئەر ـ ئايال ئۇسسۇلچىلار (3 - رەسىمگە قاراڭ) بىلەن ئەنئەنىۋى شىر ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان بالىلار كۆرۈنۈشى (4 - رەسىمگە قاراڭ) ئەينى زامان شارائىتى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.





(② ③ ④ رەسىم. ② رەسىم: مەرۋىدىن تېپىلغان (ئاشخاباتتا ساقلانغان) 12 - ئەسىرگە ئائىت چىنە تاۋاقتا سىزىلغان ئۇسسۇلچى ئوبرازى. ③ رەسىم: مەرۋىدىن تېپىلغان (ئاشخاباتتا ساقلانغان) ساپال كوزىغا ئويۇلغان 12 - ئەسىر ئۇسسۇلچىلىرى كۆرۈنۈشى. ④ رەسىم: خۇراساندىن تېپىلغان (موسكۋادا ساقلانغان) تەخسىگە سىزىلغان شىر ئۇسسۇلى بالىلار ئويۇنى.)

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئات ئۈستىدە غەلىبە قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ زەپەر تۇغىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تاۋار - دۇردۇنلىرىدىن ياسىدى . بۇ مەدەنىيەت يېقىنقى زامانغىچە ئىران ئېگىزلىكى، ئىككى دەريا ئارىلىقى ۋە غەربىي ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىدە جىلۋىلىنىپ تۇردى.

## 5

«گەرچە تېمۇر ئىستىلاچى سۈپىتىدە تارىختا كىرىپ كەلدى، ئەمما، ئۇنىڭدىن قالغان مىراس، ئىستىلا ئەمەس، بەلكى پارلاق مەدەنىيەت بولدى.»

ـ «خىيال دەپتىرى»دىن

تېمۇرلەرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى (1370) دىن مۇھەممەد شايبانىخان باشلىغان دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرىنىڭ ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساننى ئىشغال قىلىشى (1519) غىچە ئۆتكەن بىر يېرىم ئەسىر، غەربىي دىيار مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزىگە خاس بىر سەھىپە.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تېمۇرىلەر دەۋرىدە ئىككىنچى قېتىملىق تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى گۈللەنگەن مەنزىرە شەكىللەنگەنىدى. بۇ دەۋردە تېمۇرلەڭ ئۆزى ئىشغال قىلغان بارلىق تېررىتورىيەلەردىن ئون مىڭدىن ئارتۇق ئالىملار، بىناكارلار، شائىرلار، سەنئەتكارلار، ھۈنەر- ماھارەت ئۇستىلىرىنى ماۋەرائۇننەھرگە توپلىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ قايتىپ (قېچىپ) كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئامۇ دەرياغا پوست ئورناتقانىدى.

تېمۇرىلەر دەۋرىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە تېمۇر سارىيىدا تۇرغان كلاۋىخونىڭ «ئۇلۇغ تېمۇرلەڭنىڭ ھايات پائالىيىتى. تېمۇر پايتەختى سەمەرقەنتكە 1403 — 1406 - يىلقى ساياھەت» ناملىق كىتابىدىن، شەرەففىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق داستانىدىن، تېمۇرىلەر دەۋرىدە نۇرىددىن ئابدۇراھمان جامى، ئەلىشىر نەۋائىي ۋە باشقا شائىرلارنىڭ داستانلىرىغا سىزىلغان قىستۇرما (مىنىراتۇرا) رەسىملەردىن قىسمەن يازما ۋە تەسۋىرىي ئۇچۇر ئالالايمىز.

كلاۋىخونىڭ يېزىشىچە، تېمۇرلەڭ سارىيى ئالدىدا — فونتان بويىدا ئۇسسۇل ۋە

قىزىقچىلىق ئويۇنلىرى بولاتتى. خەلق ئەدەبىياتىدا نەسىردىن ئەپەندىنى ئاقساق تېمۇرگە باغلاپ ھېكايە قىلىنىشىمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى.

كلاۋىخو بىلەن شەرەففىددىن ئەلى يەزدى 1404 - يىلى تېمۇرلەڭ ھىندىستاندىن قايتىپ، سەمەرقەنتنىڭ شىمالىدىكى كانىگول دېگەن جايدا چوڭ دۆلەت بەزمىسى ئويۇشتۇرغانلىقىنى يېزىشقان. ئۇنىڭدا: يىپەك گىلەملەر ئۈستىدە ئولتۇرغان رەققاسلارنىڭ گۈزەل جابدۇنغانلىقىدىن ھەتتا ۋېنىرا (زۆھرە) يۇلتۇزى خىجىل بولغان، گۈزەل «يەللەچى» ئاياللار سورۇنلىرى 104 جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، دېيىلگەن. ئەلى يەزدى يەنە پىل، قوي، مولۇن، قاپلان، يالدار بۆرە، تىللا شاخلىق ئۆچكە قىياپىتىدىكى گىرىملىك ئۇسسۇللار ئوينىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

بېلىنىسكىي «14 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بايراملىرى» ناملىق ماقالىسىدا ① تۆگە قوشۇلغان تەختىراۋان ئۈستىدە ئىككى رەققاسنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى، ئۇنىڭ بىرىنىڭ قولىغا جىلدىرما داپ تۇتۇپ، قويۇندەك پىرقىراپ، دىلنى زىلزىلىگە سالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

بارتولدنىڭ «ئۇلۇغبېك ۋە ئۇنىڭ زامانى» دېگەن كىتابىدا بىر زامانلاردا ھەتتا قەشقەر دىيارىنى ئۆز قولىغا ئالغان بۇ سۇلتاننىڭ (1394 — 1449) «باغى مەيدان» دېگەن جايغا «چىنىخانا» ناملىق گۈزەل قەسىر بىنا قىلدۇرۇپ، سەنئەتكە يول ئاچقانلىقى سۆزلەنگەن. بارتولد يەنە ئەينى يىللاردا ھىساممىددىن دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە ئەر - ئاياللار ئۇسسۇلى ئوينالغانلىقى ئۈچۈن سەئىد ئاشىق دېگەن زاھىدنىڭ دەر غەزەپ بولغانلىقىنى يازغان②.

بۇ مۇھاكىمىلەر ئەينى زامان ئۇسسۇللىرىنىڭ ئومۇم - ئاشكارا مەيدانلاردا ئەرلەر ئۇسسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئاياللار ئۇسسۇللىرىنىڭ خاتۇن - خانىشلار ھەرەملىرىدە ئوينىلىدىغانلىقىنى، ئەرلەر ئۇسسۇللىرىدىن ئاياللار ئۇسسۇللىرىغا ئۆتۈش ئارىسىدا بالىلار ئۇسسۇللىرى يولغا قويۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئايال ئۇسسۇلچىلار ئۇزۇن كۆڭلەك، كەڭ كەمزۇل كېيىپ، بېشىغا رومال ئارتىپ، پېشانىسىگە پېشانىدان (چېكىملىك) تاقاپ، «T» شەكلىنى ئاساس قىلغان، «S» شەكلىنى قوشۇمچە قىلغان ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەرنى ئۇسسۇل تىلى قىلغان. بۇ زاماندىكى كىيىنىش ۋە ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت شەكىللىرى بۇددىزم، مانىزم دەۋرىدىكى پەنجىكەنت، ئەفراسىياپ ۋە پۈتۈن غەربىي دىيار تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىدا بىردەك ئىپادىلەنگەن كىيىنىش ۋە «S» شەكىللىك ئەۋرىشىم ئۇسسۇل ئۇسلۇبىدىن كۆرۈنەرلىك پەرقلەندى (5 - رەسىمگە قاراڭ).

بىز ئابدۇراھمان جامىنىڭ «ھەپتە ئەۋرەڭ» (يەتتە گۈزەل) داستانىغا 16 - ئەسىردە سىزىلغان قىستۇرما رەسىملەر (6 - رەسىمگە قاراڭ)، «بابۇرنامە» گە 17 - ئەسىردە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر (7 ، 8 - رەسىمگە قاراڭ)، «شايبانىنامە» گە 16 - ئەسىردە سىزىلغان باغ سەيلىسىدىكى ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشتىن (9 - رەسىمگە قاراڭ) ئەينى زاماندىكى ئەرلەر ئۇسسۇلىنىڭ تەسۋىرىي ئۇچۇرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

① مەھمەجان راھمانوۋ: «ئۆزبېك تىياتىرى»، 1 - كىتاب، 220 - بەتتىن ئېلىندى.

② شۇ كىتاب 228 - بەتتىن ئېلىندى.

ئايالللار ئۇسسۇللىرىنىڭ ئوردا ـ قەسىرلەردە ئوينىلىشىنى ھىرات تورمۇشى ئىپا-



(5 ـ رەسىم: 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردە دالۋېرسىن تېپە (تېرمىز بىلەن دۇشەنبە ئارىسىدىكى، كافىرنىگا ئوتتۇرا ئېقىمىدا) دىن تېپىلغان تارادقا سىزىلغان قىياپەت.)

دىلەنگەن قىستۇرما رەسىمدىن كۆرۈش مۇمكىن (10 ـ، 11 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ رەسىملەردە بارگاھتا خان ۋە ئەمەلدارلار ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئىككى ئايال ئۇسسۇلچى تەسۋىرى بېرىلگەن (12- رەسىمگە قاراڭ). 12 ـ رەسىمدە خانىش ئالدىدا داپقا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئايال ئۇسسۇلچى تەسۋىرى سىزىلغان. ئەينى زامان قىستۇرما رەسىملەرگە ئايال سازەندىلەر ئوبرازىمۇ بېرىلگەن. 13 ـ رەسىمدە، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەبئىي سەييارە» داستانىدىكى دىلارامنىڭ ئاق تۇلپار ئۈستىدە ساز چېلىپ كېتىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ داستاندا يەنە ئايال سازەندىلەرنىڭ چىلتار چېلىۋاتقان تەسۋىرى بېرىلگەن (14 ـ رەسىمگە قاراڭ).



(6 ـ رەسىم: ئابدۇراھمان جامىنىڭ «ھەپتە ئەۋرەڭ» داستانىغا سىزىلغان ئەرلەر ئۇسسۇلى كۆرۈنۈشى.)




(7 ـ، 8 ـ رەسىم: «بابۇرنامە» گە سىزىلغان ئەرلەرنىڭ قىلىچ ئۇسسۇلى (ئوڭدا) ۋە پەرقىرىما داپ ئۇسسۇلى كۆرۈنۈشى.)

هۈسەيىن بايقارا ئوردىسى هوزۇرى- دا مەخسۇس «خاراۋات» ناملىق ئايال



(9 - رەسىم: «شايبانىنامە»گە سىزىلغان باغ سەي- لىسى. ئەرلەر ئۇسۇلى كۆرۈنۈشى.)



(10 -، 11 - رەسىم: بارىگاھ ئالدىدا ئۇسۇل ئوي- ناۋاتقان ئىككى ئايال رەققاس تەسۋىرى.)

ئۇسسۇلچىلار ئۆمىكى تەشكىل قىلىنغان. 15 - رەسىمدە ئۇلارنىڭ بىر قېتىملىق دائىرە هاسىل قىلغان كۆلىمىكتىپ ئۇسسۇ- لى كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. ئۆزبېكىستان «باهار» ئانسامبىلى شۇ خىل دائىرە ئۇسۇلىنى قايتا ئويناپ چىققان (16 - رەسىمگە قاراڭ).

بۇ خىل بەر - ئاياللار ئۇسسۇللىرى كېيىنكى جەھەتتە ئومۇمەن ئىسلامىيەت تەلىپى بويىچە قىلىن ھەم ئۇزۇن كىيى- مىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئاياللار

ئۇسسۇللىرىمۇ «T» شەكىلگە قېلىپلىشىش خاهىشىنى كۆرسەتكەنىدى.




(12 - رەسىم: خانىش ئالدىدا ئۇسۇل ئويناۋات- قان ئايال رەققاس تەسۋىرى.)




(13 - رەسىم)

تىياتىرلىق تۈس ئالغان قىزىقچىلىق ئۇسسۇللىرىغا كۆپىنچىسى ئەرلەر قاتنىشاتتى. 14 - ، 16 - ئەسىر قىستۇرما رەسىملىرىدە

ئۈچكە قىياپەتلىك ئۇسسۇللىرى كۆرۈنۈشلەر ئۈچرايدۇ (17-، 18-، 19-رەسىملەرگە



(14 - رەسىم)



(16 - رەسىم) (15 - رەسىم)


قاراڭ). بىز ئابدۇراھمان جامىنىڭ «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» داستانىغا 15 - ئەسىردە سىزىلغان بىر قىستۇرما رەسىمدە كالا قىياپەتتە گىرىم قىلغان ئۇسسۇلچىنىڭ داپقا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز (20 - رەسىمگە قاراڭ).

بۇنداق ئويۇنلارنى بالىلارمۇ ئويناشقان. ئەرەب ساياھەتچىسى مەقدىسىنىڭ كىتابىدا① ئۇنىڭ تەسۋىرىي كۆرۈنۈشى بېرىلگەن (21 - رەسىمگە قاراڭ).

مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، سەئىد بەدىر ناملىق رەققاس «ھىراتى» ناملىق ئۇسسۇل ئىجاد قىلغان. بۇ ئۇسسۇل ناخشىلىق مۇ-



(17- رەسىم)




(19 - رەسىم) (18 - رەسىم)


زىكىغا تەڭكەش قىلىنغان بولۇپ، ئەر ئۇسسۇلچى سوپىدا ئوينايتتى. 15 - ئەسىردە ھىراتتا «ئىشرەت» ناملىق چالغۇ ئىجاد قىلىنغان. «تۈركمى»، «قەشقەرچە» ناملىق مۇزىكىلىق كۈي ۋە قوشاقلار بولغان.

① يۇقىرىقى كىتاب، 29 - بېتىدىن مىسال كەلتۈرۈلدى.

ۋەسفى مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، «چاقار خېنىم» ناملىق ناخشىچى ئايال،




(20 - رەسىم)



(21 - رەسىم)

ئەلى، مەسئۇد ناملىق ئۇستا ئۇسسۇلچى يىگىتلەر بولغان.

تېمۇرىلەر دەۋرى يالغۇز تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئىمپېرىيە دەۋرى بولۇپ قالماي، يەنە «يىپەك يولى» ئالاقىلىرىنىڭ داۋاملىق راۋاجلانغان، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ يېڭى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەن دەۋرى بولدى. تېمۇرىلەر دەۋرى ئاخىرىغا كەلگەندە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە مۇزىكىسى كۆپلىگەن كلاسسىكلىق كامالىتىدىكى سەرخىل نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. تېمۇرىلەرنىڭ 13 - ، 14 - ئەسىردە شەرق ۋە غەربتە تىكلىگەن مەدەنىيەت ئوبرازى ئەينى يىللاردىكى «يىپەك يولى» ئوتتۇرا بەلبېغىنىڭ



(22 - رەسىم: بابۇرىلار دەۋرىدە سىزىلغان قىستۇرما رەسىمدە خانىش ھەرەمىدىكى بەزمە.)

دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەنلىك مۇئەممالىرى بىلەن توغرا تاناسىپتۇر.

6

«پانتارېي» (ھەممە ئۆتكۈنچىدۇر)

ھېراكلىت

سەئىدىيە - يەكەن خانلىقى (1514 — 1678) دەۋرى مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچىكى شەپەقى سىياقىدا تارىخ ئۇپۇقىنى بىر يېرىم ئەسىر زىننەتلىدى. بۇ دەۋردە ماۋەرە ئۇننەھىردە مۇھەممەد شايبانىخان باشلىغان دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرى ھاكىمىيىتى تىكلەندى ۋە تەدرىجىي يەرلىك ئۇيغۇر - تۈركىي ئاھالە ئۆز ناملىرىنى ئۆزبېك دەپ ئاتاشقا مەجبۇربولدى. كېيىنچە، بەھەيۋەت تېمۇرىلەر مىراسى بۇ خاراخانلىقى، خىۋە خانلىقىغا، قالدۇق تېمۇرىلەر نەسەبىدىكى پەرغانىلىقلار قوقان خانلىقىغا بۆلۈنۈپ كېتىشتى.

ھىندىستاندا بابۇرىلار، تارىم ۋادىسىدا سەئىدىيە خانلىقى ئەينى زامان ماۋەرەئۇننەھىر پاجىئەلىرىنىڭ ئەكسىچە بىر مەزگىل گۈللەندى ۋە ئۆچمەس مەدەنىيەت تۆھپىلىرى ياراتتى.

ئېيتىش كېرەككى، سەئىدىيە دەۋرىدىن بىر ئەسىردىن كۆپ ئىلگىرىلا، غەربىي دىيار خىزىر خوجىنىڭ 1397 — 1398 - يىللىقى جىددىي «غازات» ئۇرۇشى ئارقىلىق پۈتۈنلەي ئىسلاملىشىپ بولغانىدى. سەئىدىيە دەۋرىنىڭ گۈللەنگەن ۋاقىتلىرىدا خوتەندىن قۇمۇلغىچە يەكەننى پايتەخت قىلىپ بىرلەشتى. سەئىدىيە دەۋرى قاراخانىيلار، ئىدىقۇت خانلىقى ۋە تېمۇرىلەر مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى.

سەئىدىيە دەۋرىگە ئائىت غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنى خەلق مەشرەپلىرى، سەنەم - شادىيانە - ساما - نازىركوم - پىر ئۇسسۇللىرى، ئەينى زامان شېئىرىي خاتىرىلىرى، «12 مۇقام» نىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى قاتارلىق بىر قانچە جەھەتتىن ئىزاھلاش مۇمكىن.

بۇ دەۋر ئۇسسۇللىرى ھەققىدە زىنك چى ئۆز شېئىرىدا:

«رۇمداي شۇنچە نەم - تۇمان، خىرقە رايدۇ بۇرغىلار،
بارىكۆلدە چوڭ بوران، كىرىچلار يۇمشاپ قالار.

...........

خوتەنچە، پەداز قىلىپ چىقار ئۇسسۇلچى قىزلار،
ئەمما ئۇلار ھېلىمۇ كۈسەن نوتىسىن ئۇقار.»

«ئىدىقۇتنى تاغ ئوراپتۇ، تۆھپە ئابىدى تۇرار»
«ئاقسۇ قۇمباشنى بېسىپمۇ ئوت - گىياھ»

دېگەنىدى. چىڭ چىن سەمەرقەنت سەپىرىدە يازغان شېئىرلىرىدا تۇرپان توغرۇلۇق:

«چۆللىرەپ قاپتۇ ئەنەتكەك قەسرىسى، زەربۇت يانا،
تاش پۈتۈكلەر دۇم يېتىپتۇ قاغجىراپ چۆپلەر ئارا.»

دېسە، يارغول شەھىرى توغرۇلۇق:

«شۇنچىلىك تىنك بۇ خەتەرلىك قەلئەگە باقسام قاراپ،
تۇرلىرى، پەشتاقلىرى بوپتۇ تالاي يىلدىن خاراب.»

دەپ يازدى. بۇ شېئىرلار تەگرىتاغنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە ئىسلامىيەت بەرقارار تاپقاندىن كېيىن بۇددىزمنىڭ خارابلاشقانلىقىنى، شەھەر — قەلئەلەرنىڭ جەڭدە ۋەيران قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن تاشقىرى، ماۋەرەئۇننەھىردىن پەرقلىق ھالدا ئاياللار ئۇسسۇللىرىنىڭ چەكلەنمىگەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

خەلق مەشرەپلىرى غەربىي دىياردا، بولۇپمۇ تارىم ۋادىسى ۋە تۇرپان - قۇمۇل دىيارىدا ئەزەلدىن كەڭ ساقلانغانىدى. ئىسلامىيەتنىڭ بۇ رايونلاردىكى زەربىدارلىقى پەقەت ئىلاھىيەت ئەقىدە ۋە ئېتىقادنى ئىسلاملاشتۇرۇشتىن ناخشا - ئۇسسۇلنى مەنئىي قىلىشقا ئۆتەلمىدى. گەرچە كېيىنكى زامانلاردا ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ كىتاب كۆيدۈرۈش، بىر قاتار كىشىلەرنى جازالاش بىلەن چەكلەندى. خەلق يەنىلا ساتار، راۋاب ۋە ناغرا - سۇنايلىرىنى چېلىپ، ئۆز سەنئىتىنى ساقلاپ قالدى، ھەتتا ئېگىز جامە - مەسچىتلەرنىڭ گۈمبەز - پەشتاقلىرىدا مۇراسىملىق شادىيانىلىرى چېلىنىشتى. خەلق مەشرەپلىرى ھەققىي مەنىسى بىلەن ئۇيغۇر

ئۇسسۇللىرىنىڭ يىمىرىلمەس قورغىنى،
خەلق مۇقاملىرىنىڭ پائالىيەت مۇنبىرى
ئىدى.

بىز خەلق مۇقاملىرىغا — قومۇل ۋە
دولان مۇقاملىرىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ
باش نەغمىسىدىن كېيىنلا ئاساسەن ئۇس-
سۇللۇق - ناخشىلىق مۇزىكا ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلىمىز. كېيىنچە تەرتىپكە سېلىنغان
كلاسسىك «12 مۇقام» مۇجەسسىمى مەيلى
تەزە بىلەن باشلىنىدىغان چوڭ
نەغمىدىكى مۇزىكىلار، مەيلى
داستان نەغمىلىرى ۋە داستان مەرغۇللىرى،
مەشرەپ نەغمىلىرى بولسۇن يەنىلا ئاسا-
سەن ئۇسسۇللۇق - ناخشىلىق مۇزىكا
ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، سۇلتان
ئابدۇرەشىدخان زامانىدا قىدىرخان،
ئامانىساخان ۋەكىللىكىدە تەرتىپكە سېلىن-
غان «12 مۇقام» غا «چوڭ نەغمە»، «داستان
نەغمە» قىسىملىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن
بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كىچىلىك ئۇسسۇل
مۇجەسسەملىك بەدىئىي خۇسۇسىيەتتىن
چەتنىمىگەن.

خەلقنىڭ ساما — شادىيانە - سەنەم -
نازىركوم - پىر ئۇسسۇللىرى داۋاملىق
ئۆركەشلەپ تۇردى. ساما — جەرى ئۇسسۇلى،
شادىيانە ئۇسسۇللىرى مۇراسىملارنىڭ
تەنتەنىلىك مەنزىرىسىنى بېزىدى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، سامانىڭ —
ئاسمانغا تەلپۈنۈش خاراكتېرلىك ئۇسسۇل-
لارنىڭ گېنئولوگىيىلىك (پەيدابولۇش ئىل-
مى جەھەتتىكى) يىلتىزى قەدىمكى تەبى-
ئەت ئىلاھچىلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

بىز قەدىمكى شامان قوشاقلىرىدىكى:

«قوش ئانىسى قورغاي خان،
كىشى ئانىسى ئېنگاي خان،
كىشىلەر ئارىغا چۈشۈپ ئۆت،
ئۇلارغا قاراپ، ئەي، ئەي، دە...»



(23 - سۈرەت: ساما ئۇسسۇلى. ھازىرقى زامان شەكلى.)

دېگەن ئىبارىلاردىن، «ئاۋېستا» دىكى:

«ئاسرا بىزنى، ئاسرىغىل مىترا،
يايلاقلىرى چەكسىز مىترا،
ئاتلىرىمىزغا ئەيلىگىل بەخش
ئەۋزەللىك، كۈچ - قۇۋۋەت، چىدام،
ئۆزىمىزگە ساق - ساغلاملىق،
جەڭلەر ئىچرە غەلىبە ئىلھام.»

دېگەندەك مىسرالاردىن قەدىمكى زاماندىكى
ئاسمانغا سېغىنىش ئۇسسۇللىرىنىڭ مەنە-
ۋى مەنبەلىرىنى بايقايمىز. بۇددا مەدەنىيە-
تى دەۋرىدە «كىچىك ساما» نامىدا ئوينال-
غان ئۇسسۇللارمۇ ئاسمان ئىلاھىرى (دېۋا-
راجا) غا سېغىنىش مەزمۇنلىرىدىن خالىي
بولمىغان.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن، بولۇپمۇ سوپىزم-
لىق ئەدەبىيات شەكىللەنگەندىن كېيىن
ساما ئۇسسۇلى ئويناش قايتا يېڭى تۈسكە
كىردى. «ساما» ئىبارىسى ئاسمان، ئىلاھى-
يەت دەرگاھى مەنىسىدىن باشقا، ئېيتىش،
دەرد تۆكۈش مەنىسىنى، ئۇسسۇل ئويناش
مەنىسىنى ئىپادىلىسىمۇ، ئۇ ئەمەلىيەتتە
ھېيت - ئايەملەر ياكى خانىقالاردا توپلى-
شىپ ئۇسسۇل ئويناش مەنىسىدە ئىشلىتىل-
دى. ئۇيغۇر خەلقى ساما نامىدا ماھىيەتتە

جۇلا ئۇسسۇلى، شادىيانە نامىدا جۇشقۇن سەكرەتمە ئۇسسۇل ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇردى. جۇلابى يازغان «كەشفۇل مەھجۇبە» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىنىشىچە، ئەبۇراھمان ئەس سۇلامى دېگەن كىشى «كىتابۇش ساما» ناملىق خاس ئەسەر يېزىپ، سوپىزم ئۈچۈن مۇھىم روھىي پائالىيەت ھېسابلانغان زىكىر - ساما مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالغان①. سوپىزم قاراشلىرىدا ئۇسسۇل — مۇزىكا كۆڭۈلنى ئالەم كىرلىرىدىن تازىلاپ، دىلغا ئىشىق ۋە مېھرىبانلىق خاھىشى جاقىلىشتا مۇھىم ۋاسىتە ھېسابلىناتتى.

نەۋائىي «نەۋادىرۇششەباب» دىۋانىدا مۇنداق يازغان:

«بەدەن ئەناسىرىنىڭ چارگاھىن ئەت خارىج،
نەۋائىيا، دېسەڭ ئەيلەي فەلەك سەرى ئاھاڭ.»

(مەنىسى: بەدەندىكى تۆت ئۇنسۇر قورۇۋالغان تۆت قەسىردىن خالاس بولاي دېسەڭ، ئەي نەۋائىي ساما ئاھاڭىغا ئوينا.)

ئاياللار ئۇسسۇللىرى گەۋدە قىلىنغان ئەر - ئايال ئۇسسۇللىرى - ئۇيغۇر سەنەملىرىنىڭ ئاممىۋى، ئۈلگىلىك شەكلى ئىدى. ئۇ ئوردىلاردا («چوڭ سەنەم»)، خەلق ئارىسىدا ھەرقايسى يۇرتلار ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە — خوتەن، قاغىلىق، يەكەن، دولان، قەشقەر، كۇچا، كورلا، قۇمۇل، ئىلى سەنىمى (سەل كېيىنرەك) نامىدا داۋام قىلدى.


نازىركوم ئۇسسۇلى قۇمۇل - تۇرپانلاردا گەۋدىلىك كۆرۈندى. ئۇ قەدىمكى زامانىدىكى قىزىقچىلىق - مەسخىرىۋازلىق ئۇسسۇللىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بىز قىزىل 17 - كېمىرتام رەسىملىرىدىن ئۇنىڭ تەسۋىرىنى كۆرەلەيمىز (24 رەسىمگە قاراڭ).

خوتەن - قۇمۇللاردىكى توخۇ - غاز ئۇسسۇللىرى، خوتەن، ئاقسۇ، ئۈرۈمچىلەردىكى شىر ئۇسسۇلى، قەشقەر، كۇچارلاردىكى پەتنۇس - لىگەن، پىيالە ئۇسسۇللىرى ئەسلىدە ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللار بولۇپ، ئۇلار خەلق مەشرەپلىرىدىمۇ ئوينىلاتتى. بىز تۇرپان ئاستانە قەبرىگاھلىقىدىن شىر ئۇسسۇلى تاش ھەيكەلچىسى تېپىلغانلىقىنى (25-رەسىمگە قاراڭ)، شىر - يولۋاس رەسىملىرى قىيا تاشلارغا چېكىلگەنلىكىنى، سىكتاي مېتال بۇيۇملىرىغا شىر ئوبرازى چۈشۈرۈلگەنلىكىنى، غەربىي تۈرك يابغۇسى



(24 - رەسىم)

بىلەن كۆرۈشكەن بۇددا راھىبى شيەنجۇاڭنىڭ بۇ يابغۇ شىر پۈتلۈق تەختە ئولتۇ-



(25 - رەسىم: شىر ئۇسسۇلى ھەيكەلچىسى.)

رىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغانلىقىنى، تاڭ دەۋرى شائىرلىرىدىن بەي جۈيى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ غەربىي دىيار شىر ئۇسسۇلى توغرىسىدا گۈزەل مىسرالار قالدۇرغانلىقىنى بىلىمىز.

ئوت ئۇسسۇلى، چىراغ ئۇسسۇلى، پىر ئۇسسۇلى قەدىمكى قۇياش ئېتىقادچىلىقى، شامانىزم ۋە زارا ئاستىرىزم دەۋرىگە

① بېرتىلىس: «سوپىزم ۋە سوپىزم ئەدەبىياتى»، موسكۋا 1945 - يىل نەشرى، 256 - بەت.

مەنسۇپ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل ئىدى. قىزىل 17 - كېسىردا چىراغ ئۇسسۇلى تەسۋىرلەنگەن تام رەسىمى ساقلانغان (26 - رەسىمگە قاراڭ).



(26 - رەسىم)

پىرىخونلۇقنىڭ ئۇسسۇللۇق شەكلى بولغان پىر ئۇسسۇلىمۇ بىر خىل پىرقىرىما شەكىللىك داپ ئۇسسۇلى بولۇپ، مۇھىمى روھىي داۋالاش تەدبىرى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىپ، هازىرغىچە داۋاملاشتى.

7

«يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي ئاپەت بولدى. بېكىنمىچىلىك ۋە نادانلىق ئۇنىڭ ئاساسىي ياللامىسىدىن ئىبارەت.»

- «خىيال دەپتىرى» دىن

سەئىدىيە خانلىقى ئاخىرلاشقان زاماندىن ئىككى مىڭ يىل داۋام قىلغان يىپەك يولىنىڭ خارابلاشقان، قەدىمكى كارۋان يولى ئورنىغا دېگىز - ئوكيان قاتنىشى غەربتە ئۈستۈنلۈك ئالغان، شەرقتە بېكىنمىچىلىك، غەربتە مەدەنىيەت گۈللىنىشى يۈز بەرگەن زامانغا توغرا كەلدى.

بۇخارا - سەمەرقەنت قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىك ئورنىدىن ئىشانچىلىق ئاستانىسىگە ئايلاندى. مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى يەكەن خانلىقىغا كېلىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ «يىپەك يولى» خارابلىشىشىنىڭ ۋەقەلىك شەكىللىرىدىن بىرى ئىدى.

خوجىلار ئىدىرولۇقى دەۋرىدە ئۇسسۇل ۋە مۇقاملار قاتتىق تەقىپ قىلىندى. خوجىلار باھاۋىدىن نەقشبەندى نامىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ھاياتنى خۇشال ئۆتكۈزۈش («خۇشدەر دەم») ۋە ئىنسانپەرۋەر تەشەببۇسلىرىنى ئاياغ - ئاستى قىلىشتى.

ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى بىلەن مۇقاملار كلاسسىك مۇھىت ۋە كامالەتتىن قالدى. ئۇيغۇر ئۇسسۇل - مۇزىكىلىرىنىڭ كېيىنكى ھاياتى پەقەت خەلق ئارىسىدا — كەڭ دېھقانچىلىق رايونلىرى، خەلق مەشرەپلىرىنى قورغان قىلدى.

خوجىلار قالايمىقانچىلىقى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلار ئارقىلىق شىنجاڭنى باشقۇرغان دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئۆز ئۆتمۈشىنىڭ داۋامى ۋە هازىرقى ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ رېئال خەزىنىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ جەھەتتە مۇھەممەد سادىق قەشقەرى، موللا مۇسا سايرامىنىڭ نوپۇزلۇق تارىخىي ئەسەرلىرى بىلەن چوقان ۋەلىخانوۋ، دوبروۋىسكىي، كروپوتكىن ساياھەتنامىلىرىدا تەسۋىرىي ئۇچۇر بېرىلمىگەن.

بىز چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭغا پالانغان بەزى خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ شېئىرلىرىدىن بۇ جەھەتتە ئاز - تولا ئۇچۇر ئالالايمىز. جى شۈەن (1724 — 1805) «ئۇرۇمچى نەزمىلىرى» توپلىمىدىكى بىر شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«كەچ كىرىپ، ئوچاق، چىراغتىن ئۈچسىمۇ ئوت ھەم يانا،
توختىماس ئاي شولىسى ئاستىدا بەربابتىن ناۋا.»

لىن زېشۈي (1785 — 1850) «بامبۇكزارلىقنىڭ مۇسۇلمان دىيارىدىكى نەزمىلىرى» توپلىمىدىكى شېئىرىدىن بىرىدە:
«ئېيتار قىلىشار ئۇلار يۇلتۇزلار تۇغۇلغاندا،
خەتمە ئوقۇپ ئۆتىدۇ تالىپلار كەچ قۇرئانغا.
روزى ھېيت باشلىنار كۆرۈنگەندە يېڭى ئاي،
تۇمەن كىشى ھېيتتا ئۇسسۇل ئوينار ساماغا.»
دەپ يازغان.

شاۋسۇن «غەربىي زېمىن نەزم - نەسىرلىرى» توپلىمىدا ئۆلكە قۇرۇلۇش ئالدىدىكى ئۇسسۇل ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇسسۇلنى ئويناڭ دەيدۇ، ئۇنى توغرا كەسىپ دەپ قارايدۇ. قىزلار ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن ئۇسسۇلنى ئۆگىنىدۇ ۋە تويدا يىگىت - قىز ئۇسسۇل مۇراسىمى بولىدۇ. ئۇسسۇللار گىلەم ئۈستىدە ئوينىلىدۇ، بەدەن ۋە قول ھەرىكەتلىرى سازغا ماسلاشقان بولىدۇ. ياندا داپەندە، سازەندىلەر ئولتۇرىدۇ. بىر نەغمە ئاياغلاشقاندا يەنە بىر نەغمىنى ئۇلاپ ساز چالىدۇ. قۇمۇلدا «تۆگە يېتىلەش» ئۇسسۇلى بار. دالىدا ناخشىنى يالغۇز ۋارقىراپ ئېيتىشىدۇ.»

شاۋسۇن:
«چوكانلار رەڭدار، يەڭگىل ئېگىنلەرنى كىيىشەر،
تول ۋە قېرى ئاياللار ئۇسسۇل ئۈچۈن كېلىشەر.
بىر پارچە گىلەم بولۇر ئۇسسۇل ئويناش مەيدانى،
نازىنىنلار قولىنى كۆتۈرۈشۈپ ئېگىشەر.
سازەندىلەر ئىچىدە سۇمباتلىرى ئاز ئەمەس،
ناخشىسى قاشتاش نەينىڭ ساداسىدەك كېلىشەر.»
«قەدىمكى كۇسەندىكى چالغۇلارنىڭ بارى تەل،
مۇزىكىنىڭ ساداسى يېتۇر كۆككە شۇ مەھەل.»
دەپ يازغان. شى بوخۇا ئۆز شېئىرلىرىدا:
«بىر قېرى قالۇن قۇچاقلاپ سازىن چالار،
ئولتۇرۇپ تال سايىسىدا دەم ئالار.
چەكسە ئوتتۇز ھەمدە بەش تارىنى ئۇ،
لەرزىگە كەلگەن زېمىن ھەيران قالار.»



(27 – سۈرەت: قالۇنچى)

«ئالتە ياشتا ئۇيغۇرلار ئۇسسۇلدا قىلۇر پەرۋاز،
ئۇزۇن ساقال بوۋايلار تەڭكەش قىلۇر دۇمباق - ساز.
ئۇسسۇل ئەۋجى قىزىغاندەك توختىمايدۇ پىرقىراپ،
كىم بىلىدۇ تۆكۈلگەن چېچەكلەرمۇ ئەمەس ئاز.»

«يېشى ئون بەشتە قىزلار كىيىنىدۇ ياسىداق،
ئىككى ئۆرۈمە چاچىدا مارجانلىرى يالتىراق.

سۈرگىنى تاغ ئۇسسىسى قاشقا شۇنچە ئەگىتىپ،
كۆتۈرۈپ يەڭ نازىنىن ئۇسسۇلغا قويغاي ئاياغ.

ئۇلتۇرۇر سازەندىلەر باغرىغا سازىنى بېسىپ،
خۇشناۋاسى مەيداننى بىر ئالدۇ ھەممە ۋاق.
گەر ئۇيغۇر ناخشىسىنىڭ مەنىسىن بىلمەس كىشى،
لېكىن كۆڭلىدە بىردىن ئاچىدۇ شادلىق قۇچاق.»

دەپ يازغان.

فى جىڭفۇ ئۇسسۇلدىن زوقلىنىپ، ئۆزىنىڭ قۇمۇلدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«بىلمىدىم قۇمۇلدا چالغاندا ئۇسسۇلغا ساز، لەۋەن،
ئېۋىرغولدا تۇرغىنىمنى مەست كەبى ئۇنتۇپتىمەن.»

بىز قۇمۇل ئۇسسۇللىرى توغرىسىدىكى فى جىڭفۇنىڭ شېئىرىدىن سۇڭ سۇلالىسى شائىرلىرى يەن جۇ بىلەن جياڭ شەننىڭ نەزمىلىرىدىكى تەسۋىرنىڭ تامامەن بىردەكلىكىنى ھېس قىلىمىز. يەن جۇ مۇنداق يازغان:

«چالغۇ ئاۋازىنى باستى ياڭرىغان ناخشا سادا،
پىرقىرار ئۇسسۇل بىلەن تەڭ بەلدىكى رەڭدار پوتا.»

جياڭ شەن «قىسقا خەتلىك مۇلەن ئۇسسۇلى» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازغانىدى:

«ئوينىشى ئۇنىڭ ئېۋىرغول ئۇسسۇلى تېز پىرقىراپ،
چۈشمىدى باشتىكى گۈل سىرىلىپ يەرگە قاراپ.»

دەل قۇمۇل مەشرەپ ئۇسسۇللىرىدا ئاياللار بېشىغا گۈلدىن ياكى گۈل نۇسخا ئالتۇندىن تاج قاداپ ئوينىشىدۇ.

سۋېن ھېدىن «ئاسىيا كۆكسىدىكى ساياھەت» ناملىق كىتابىدا قەشقەرنىڭ سۇ بېشى يېزىسىدىكى ئات چېپىش مۇسابىقىسى، قوشقار سوقۇشتۇرۇش، ئات ئۈستىدە ئويۇن ئويناش ۋە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىنى كۆرگەنلىكىنى يازغان. ئۇ 1899 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يەكەن دەرياسى ئارقىلىق تارىمغا بېرىش سەپىرىدە يېزا بېگىنىڭ ئۇنى مەشرەپكە ئېلىپ بارغانلىقىنى يازغان. ئۇنىڭ يېزىشىچە، بۇ مەشرەپ يەكەن دەرياسى بويىغا گۈلخان يېقىپ، ئوت شولىسى سۇغا چۈشۈپ تۇرغان گۈزەل مەنزىرىلىك كەچتە ئۆتكۈزۈلگەن. ئاياللار باشلىرىغا ئاق رومال ئارتىپ، ئۇزۇن چاچلىرىنى ساڭگىلىتىپ، قاراڭغۇ تۈن پەردىسى بىلەن يالقۇنلۇق گۈلخان شولىسى ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي سالماقلىق مەشرەپ ئۇسسۇللىرى ئويناپ، ئۇنى ھەيرەتتە قالدۇرغان.

سۋېن ھېدىن تەكلىماكاندىكى يىراق بىر يېزىدا ئاغرىپ قالغاندا ساقاللىق ئۈچ ئۇيغۇر كىشىنىڭ ئۇ تۇرغان ئۆيگە كىرىپ ئۇنى داپ چېلىپ، پىرى ئۇسسۇلى ئويناپ داۋالىغانلىقىنىمۇ تەسىرلىنىپ يېزىپ قالدۇرغان.

ئەينى زامان كىيىنىشى توغرىسىدا شاۋسۇنىڭ شېئىرلىرى مەلۇم ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ، ئەرلەر كىيىمى توغرىسىدا:

«گۈل چېكىلگەن بەقەسەم تونغا ئۇلار شۇنچىلىك ئامراق،
پېشى ئۇزۇن، يېڭى تار، قوش ياقىسى يۇمىلاق.»

تومۇز چېغى ئۇستىگە كىيەر ئاپئاق
يەكتەكنى،
بەل باغلىغان پوتىدا ساڭگىلاپ تۇرار
پىچاق.»
دەپ، ئايالالار كىيىمى توغرىسىدا:
«يېشىل پايپاق، قىزىل ئاياغ كىيىپ
يۇرۇشى چاققان،
ئۆرۈلگەن قارا چېچى ئارقىسىغا ياراشقان.
پەقەت ئېگىنىدىن قاراپ ئەر - ئايالنى
بىلمەك تەس،
يەرگە تېگەي دەپ تۇرغاچ ئۇستىگە
كىيگەن چاپان».
دەپ يازىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەل قىدىرغۇچىلىرى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تۇرمۇشىنى كۆپ تەرەپلىمە ئۆگەندى، رەسىملىك ئۇچۇر ۋە تەپسىلىي بايانلار قويۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىچورىن (1829)، تىمكوۋىسكىي (1824)، گرىگورىيېۋ (1873)، شار (1872)، گورك (1876)، رىنس (1878)، پوتانىن (1881)، پرژۋالىسكىي (1888)، پېۋسوش (1895)، گرومىم - گرژىمايلو (1896)، دىئاسىي (1901)، رودىن (1902)، سالىزمان (1903)، ئالماسى (1903)، كارىدىفېرس (1914)، روسىيە ئېتنولوگىيە مۇزېيى فوتو كولىكتىپى، سكتېس (1920)، لېكوك (1928)، سخومبېرگ (1933) بىر قەدەر مەشھۇر.

ئەينى يىللاردا بۇخارا، خىۋە ۋە قوقان خانلىقلىرىدا بۇخارا، خارەزم ۋە پەرغانە ئۇسسۇللىرى داۋاملاشتى. «شەش مۇقام» شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەنت شەھرىگە بارغان سىۋېن ھېدىن «ئاسىيا كۆكسىدىكى سایاھەت» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «گۈزەل ئايالالار ئىنچىكە قوللىرى بىلەن چاك ۋە غىجەك

چالىسا، باشقىلىرى قوڭغۇراقلىق داپلار چېلىشاتتى... نەغمە سادادسى كەچلىك ئاس



(28 - سۈرەت: روسىيە ئېتنولوگىيە مۇزېيىدا ساقلانغان 1914 - يىلقى قەشقەر كىشىلىرى سۈرىتى.)



(29 - سۈرەت: 1920 - يىلى سكتېس تارتقان دولانلىق ئايالنىڭ سۈرىتى.)

مانىنى قاپلىغاندا ئۇسسۇلچى قىزلار يەڭگىل كىيىملىرى بىلەن لەرزان دەسسەپ مەيدانغا

كىرىشتى. بەزى ئۇسسۇلچى قىزلار پارس
ياكى ئافغان بولسىمۇ، قالغانلىرى تاتارلار



(30 - سۈرەت: بىرژۋالسكىي 1888 - يىلى تارتقان
كېرىيە ئاياللىرى سۈرىتى.)



(31 - سۈرەت: 1896 - يىلى گرومىم - گرژىمايلو
تارتقان ئەر، ئايال تۇرپان ئۇيغۇرلىرى.)

(تۈركلەر - ئا) دىن ئىدى. سازساداسىغا
ماسلاشتۇرۇپ، خۇددى ئادەم چۈشىدە كۆ-
رىدىغان ئۇچار پەرىزاتلاردەك ئۇسسۇلغا
چۈشۈپ كېتىشتى.»

ئۆزبېكىستان سەنئەتشۇناسى رازىيە
كەرىموۋا «پەرغانە رەقسلىرى» (1973 -
يىل)، «خارەزم رەقسلىرى» (1975 - يىل)
ناملىق كىتابلىرىدا پەرغانىدا رەقسنى
«ئۇسسۇل» دەيدىغانلىقى، «سەدر»، «كاتتا
ئويۇن» (ناغرا ئۇسسۇلى)، «گۈل ئويۇنى»،
«قالدىرغاچ»، «پىلە»، «شادلىق»، «گۈلسا-
رە»، «چەرخ»، «قەشقەرچە»، «سوۋارا»،



32 - سۈرەت: 1914 - يىلدىكى قومۇللۇق ئايال
ۋە ئۇنىڭ ئوغلى.)

«ئەندىجان» قاتارلىق ئۇسسۇل - ئۇفەر-
لەرنىڭ ئوينالغانلىقىنى يازدى. ئۇ يەنە
خارەزم رەقسلىرى — «مۇقام ئۇفەرى»-
لىرى - «نارىم - نارىم»، «ئارازىباڭ»
قاتارلىقلار بىلەن «خان بەزم ئۇفەرى»-
لىرى دەپ ئاتالغان ئائىلىۋى ئۇسسۇللار؛
سېرىك - تىياتىر خاراكتېرلىك «دارباز»،
«سىم دار»، «ياغاچ ئاياغ»، «مەشئەل»،
«ئەجدىھا»، «پىچاق ئۇفەرى» قاتارلىق
ئۇسسۇللار؛ كومېدىك ئۇسسۇللار («گۈل ئو-
يۇنلىرى») تەركىبىدىكى «هايۋان ئۇفەرى»-
لىرى بولغان مۈشۈك، قوي، توخۇ، غاز،
بېلىق ئالغۇچ (چاغالاق) قاتارلىق ئۇسسۇل-
لار بىلەن «تەقلىدىي ئۇفەرى» لىرى بول-
غان دوراش ئۇسسۇللىرى ئۈستىدە توختى-
تۇرغان. بۇ ئۇسسۇللار هازىرقى زامان
ئۆزبېك خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسى

گەۋدىسى بولۇپ قالدى.



(33 - سۈرەت: بەرغانۇ-ۋلى.)

(34 - سۈرەت: خازەزم نۇ-ۋلى.)

## 8

«تارىخ - ئۆتتى كەتتى ھېكايىتى ئەمەس، ئۇ، ماھىيەتلەر جەمغەرلەنگەن خەزىنە.»

— «خىيال دەپتىرى» دىن

غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تارىخىي تەقدىرىدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىز:

بىرىنچى، غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى ئىسلامىيەتتىن كېيىن مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ، زامان دولقۇنلىرىدا گاھ ئەزىزلەندى، گاھ خارلاندى. مۇزىكانت - مۇغەننىلەر دىۋانىلار قاتارىدا پەس كۆرۈلدى. يۇقىرى تەبىقە مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى خەلقتىن غايىۋانە شەھۋانىي لەززەت ۋاستىسى دەپ قارىغاندا، خەلق ئاممىسى ئۇنى مىللەت مەنىۋى ھاياتىنىڭ دائىمىي تىنىقى دەپ قارىدى. زامان دولقۇنلىرى بەزى ئۇسسۇل تۈرلىرىنى يوقاتتى، بەزىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، بەزىلىرىنى ياراتتى. ئەمما، خەلق ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇل، مۇقام - مەشرەپلىرىنى تاشلىمىدى. ئۇلار دىن يېگىلاشتى، مەزھەب ئۆزگەرتىشتى، يېزىق ھەتتا ئىسىم - فامىلىلىرىنى ئەرەبچىگە ماسلاشتۇرۇشتى، ئەمما تىلىنى، روھىيەت خەزىنىسى — مۇزىكا - ئۇسسۇللىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشتى. بۇ جەھەتتە قىدىرخان يەركەندى، ئامانىسساخاندىن ئۇلار ئىشلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى تۇردى ئاخۇن ئاكىغىچە بىر ئىپتىخارلىق نەمۇنە. ئۇلار دىنىي تەشۋىقات ياكى خوجىلار قىلىچلىرى ئالدىدا مىللىي ھايات جەۋھىرى — خەلق مەدەنىيىتى ۋە خەلق سەنئىتىدىن بىر دەقىقىمۇ يۈز ئۆرىگەن ئەمەس. بىز بۇ جەھەتتە ھەرقايسى يۇرتلاردا ياشاپ ئۆتكەن خەلق سەنئەتچىلىرىگە تارىخىي ئاكىلىقلىق بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. بۇنداق ئەگىلمىگەن، ئۇن مىگىلمىغان پىداكار - قەيسەرلەرسىز مىللىي ئۇسسۇلىمىز، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ يېشىل ئورمانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى دىنىي بايرام ۋە سەيلى - ئايەملەر كۆتۈرۈلگەن چاغلاردا ھەر دائىم ئۆزىنى ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي ۋە ئەۋجى شەكلى قىلىپ كەلدى. ئىپتىدائىي مۇراسىم ئۇسسۇللىرى، شامانىزملىق پىرىخونلۇق ھەم تۇتېم ئۇسسۇللىرى، تىلاۋەت، سېغىنىش، قەسىدە، مەرسىيە، مۇناجات روھى سىڭگەن سىما ئۇسسۇللىرى ئۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى بولدى.

قاراخانىيلار زامانىدا، ئۇيغۇر تىلى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن مۇھىتتا، مىللىي سەنئەت بويىچە خېلىلا خاسلىق ئەنئەنىسىنى ساقلىغان ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ چوڭ جامەلەرنىڭ پەشتاقلىرىدا، كېيىنچە ھېيتگاھ جامەسى پەشتىقىدا ناغرا - سۇناي چېلىپ، ھېلىلا ھېيت نامىزى بىجا

قىلىنغان سورۇندا ساما ئۇسسۇلى ئويناش-
تەك مۆجىزىنى ئىسلام دۇنيا-اسىدا يېگانە
ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلدى.

ئۈچىنچى، غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى،
بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئىسلامىيەتتىن
ئىلگىرىمۇ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ ئەر -
ئاياللار ئۇسسۇل ئويناش ئەنئەنىسىنى
چۆرۈپ تاشلىغىنى يوق. بىز سەنەم ئۇس-
سۇللىرىدىن ئىپتىدائىي مۇھەببەت ۋە
نىكاھ ئۇسسۇللىرى بىلەن ئىسلامىيەتتىن
ئىلگىرىكى لىرىك ئۇسسۇللار ئالاھىدىلىك-
لىرىنى ئېنىق كۆرىمىز. ئەر - ئايال بىللە
ئوينىلىدىغان ۋە ئايال ئۇسسۇللىرى گەۋدى-
لەندۈرۈلگەن سەنەم ئۇسسۇللىرىسىز ئۇيغۇر
خەلق مۇقاملىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇم-
كىن ئەمەس.

تۆتىنچى، غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى
مەيلى سەنەم، ساما، شادىيانە، تەقلىدىي
(جۈملىدىن «نازىركوم») ئۇسسۇللار قاتار-
لىق ئۇسسۇل تۈرلىرى جەھەتتىنمۇ قەدىم-
كى ئۇسسۇللار بىلەن ئەنئەنىۋى ئىزچىل-
لىق ھاسىل قىلغان. سەنەم، ساما ئۇسسۇل-
لىرىدىن باشقا يەنە شادىيانە ئۇسسۇللىرى
قەدىمكى جەڭ - جەڭگىۋارلىق ئۇسسۇلل-
رىدىن، ئەرلەرگە خاس جاسارەتلىك زەپەر
تەنتەنىلىرىدىن راۋان ھاسىل قىلىنغان مۇھىم
بەدىئىي ئېقىم سۈپىتىدە ھېلىمۇ ناغرا -
كاناي ياكى باشقا چالغۇلار بىلەن كىشى-
نى، قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ.

تەقلىدىي ئۇسسۇللارمۇ ئىپتىدائىي نىقاب-
لىق ياكى ھايۋان، دىۋە، جىن - ئالۋاستى
قىياپەتلىك تىياتىر ئامىللىرى بىلەن تاكى
ھازىرقى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى. نازىر-
كوم ئۇنىڭ بىر ۋارىيانتى، خالاس. تەقلى-
دىي ئۇسسۇللار مەيلى ھۈنەر كۆرسىتىش —
گۈل چىشلەش، چىراغ - ئوت بىلەن ئوي-
ناش، تەخسە - لەگەن - پىيالە ئۇسسۇل-
لىرى، ياكى شىر، توخۇ، ئۆچكە شەكلىدى-
كى ئۇسسۇللار، ياكى ياغاچ ئاياغ ئۇسسۇلى،
تەختىراۋاندا ياكى چاي شىرەچىسىدە ئوي-
نىلىدىغان ئۇسسۇللار بولمىسۇن، بۇلار
ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر خىل ئۇسسۇللۇق
ژانىر بولۇپ كەلگەن.

سەنەم، ساما، شادىيانە، تەقلىدىي ئۇس-
سۇللار ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنىڭ «چوڭ
ئويۇن» لىق مۇجەسسەم گەۋدىسىنى ھاسىل
قىلغان.

بەشىنچى، غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى،
بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئۆزىنىڭ بەدەن
ھەرىكىتى ئالاھىدىلىكلىرىنى نەچچە ئون
مىڭ يىللىق يىراق ئىپتىدائىي تۇرمۇش
فوندى ئاساسىدا، شامانىزم، زارائاستىرىزم،
مانىزم ۋە بۇددىزم دەۋرلىرىدە ئىزچىللاش-
تۇرغان ۋە بېيىتقانىدى. ئىسلامىيەتتىن
كېيىن گەرچە كىيىنىش ۋە ئەۋرىشىم ھەرى-
كەتلەردە ئىلگىرىكى تولىمۇ يالاڭ ياكى
يېرىم يالىڭاچ كېيىنىش، زىبۇ - زىننەتتە
مانېرىزىملىق (فوزۇنكارلىق) ئەھۋالى بىلەن
بەدەننى تولىمۇ ئەۋرىشىم («S» شەكلىدە)
قىلىۋېتىش چەكلىنىشكە ئۇچرىغان بولسىمۇ،
ئەمما قول، پۇت، باش، گەۋدە ھەرىكەتلى-
رىدىكى «ئۇسسۇل تىلى» داۋاملىق راۋاج-
لاندى. لاچىن قانات، تېكە مۈڭگۈز، ئور-
غاق - ئاي، تىزلىنىش، پىرقىراش (35 -




(35 - رەسىم)

36 - رەسىملەرگە قاراڭ) قاتارلىق مۇكەممەل بىر يۈرۈش ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەر



(36 - رەسىم)

قۇتۇبى قىزىلىيار قىيا رەسىملىرىدىكى ۋە شىنجاڭ بۇددىزىم تاشكېمىرلىرىدىكى ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت تىلى بىلەن بىر سىستېمىدا بولغان. بىز خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسىدىن تېپىلغان، شىمالىي چى دەۋرىدىكى سېرىق ياپىلاق چۆگۈن قورسىقىغا سىزىلغان غەربىي دىيارلىق ئۇسسۇلچى (37 - رەسىمگە قاراڭ)، گۇگۇڭدا ساقلانغان، شىمالىي سۇلالە زامانىدا ئىشلەنگەن يېشىل ۋازىغا سىزىلغان غەربىي دىيار ئۇسسۇلچىسى



(38 - رەسىم) (37 - رەسىم)

(38 - رەسىمگە قاراڭ.) قىياپەتلىرىگە نەزەر سالساق، بىز يەنە ھەرقايسى دەۋرلەردە غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى قىياپىتى توغرىسىدا يېزىلغان مىسرالارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىكى «ھەرىكەت تىلى» بىردەكلىكى ۋە ئىزچىللىقىنى كۆرىمىز.

* * *

مەن غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي زامانلاردىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە، بولغان ئۇزاق تارىخىنى قانداق قىلىپ تارىخنىڭ ئۆز راۋاجى جەريانىدا تاشلاپ كەتكەن ئوبرازلىق ئۇچۇر يادىكارلىقلىرى — تەسۋىرىي رەسىملەر ئارقىلىق تىزىپ كۆرسىتىش ھەققىدە ئىزدەندىم. مېنىڭچە، تارىخنى تارىخنىڭ ئۆزى ئىسپاتلىغىنى، بىز پەقەت ئۇنىڭغا مۇناسىپ يازما خاتىرىلەر ئارقىلىق تولۇقلاش ئېلىپ بارغىنىمىز تۈزۈك. تارىخ بىر ئىلىم، يەنە كېلىپ تارىختىن ئىبارەت ئۆتكەن ۋە بىزگە قاراڭغۇ بولغان زامان ھالقىلىرىنى قايتا يورۇتۇشنى ئوبيېكت قىلغان ئىلىم. قەدىمكى ھايۋانلار تارىخىنى پەقەت ئۇلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرى تېپىلغاندىن كېيىنلا بىلەلەيمىز. دېۋە، پەرى ۋە ئەجدىھا، يەتتە باشلىق يالماۋۇز ھەققىدە قانچە - قانچە كىتابلار يېزىلسۇن، ئۇ ئەپسانىدىن ئىبارەت.

توپلىغان رەسىملىرىم كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇ يېگانە چىنلىقتىن تېپىك ئۆرنەك. مەن رەسىملەرنىڭ كېيىنىش شەكلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ دىنىي - ئىدېئولوگىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھېسابقا ئېلىپ، بىر پۈتۈن غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تارىخىنىڭ رەسىملىك تىزمىسىنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىككى قىسىمغا بۆلدۈم ۋە 1 - قىسمىنى بۇ ژۇرنالنىڭ 1992 - يىل 4 - سانىدا، 2 - قىسمىنى مەزكۇر ساندا ئېلان قىلدىم.

20 - ئەسىردە غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى يېڭى تارىخىي دەۋرگە كىردى. ئېلېكتىر ۋە فوتو تېخنىكا مۇناسىۋىتى بىلەن توپلانغان رەسىملەرمۇ كۆپ. بۇ ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىنىدىغان خاس تېما، ئەلۋەتتە.





ماممەت تۇردۇ (قىرغىز)

## شەرققە قايتىش ھەققىدە

مىللىي ئەدەبىياتقا يېڭى يول ئىزدىگەنلەر، ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان كونا، قېلىپلاشقان ئىجادىيەت ئادەتلىرىدىن بىزار بولغانلار ۋە يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ياشلار تەبىئىي يوسۇندا تاشقى دۇنياغا يۈزلىنىپ، چوڭ تەسىرگە ئىگە ئەدەبىي ئېقىملار توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۈرنەك ئېلىپ، ئۆزىگە ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىغا يېڭى چىقىش يولى تاپماقچى بولۇۋاتىدۇ. دوگما، قاتمال تەپەككۇر ئادەتلىرىگە جەڭ ئېلان قىلغان بۇنداق ئىزدىنىش روھى شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئۈچۈن ھاۋادەك زۆرۈر. ئۇزۇندىن بۇيان «زىيارەت رېئالىزمى» لىق مېتودىغا بېقىنىپ قالغان ئىجادىيەت قارىشىغا خاتىمە بېرىپ، ئىجادىيەتنىڭ يېڭى، چوڭقۇر

## مۇھاكىمە

قاتلاملىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك باشلىنىش، شۇڭا كۆڭگا شېئىرلار ۋە يېڭى ھېكايىچىلىك نامىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنى تارىخىي مۇقەررەرلىك قاتارىدا قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلماسلىققا ھېچكىمنىڭ ئاساسى يوق. نۆۋەتتە ياشلارنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات ئاۋانگارتلىرى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا يېڭى قان، يېڭى تىنىق بېغىشلىماقتا. بۇ بىز ئۈچۈن بىر تەسەللىي. لېكىن ياشلارنىڭ ئىجادىيىتىدە غەربنىڭ ئەدەبىيات ئېقىملىرىغا تەقلىد قىلىش خاھىشلىرى كۆرۈلمەكتە. دەرۋەقە، غەرب ئەدەبىياتىنىڭ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرى ئادەمنى ئۆزىگە قىزىقتۇرىدۇ. ئادەمنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىدۇ. ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلاپ يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ياشلار، ھەۋەسكارلار بۇ قىزىقارلىق، ئاجايىپ ئەدەبىياتقا ئاسانلا باغلىنىپ قالىدۇ.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن زاماندىشلىرىمغا بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. بىز شەرق تۇپرىقىدا ياشىماقتىمىز. بىزنىڭ قېنىمىز، ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ زېمىنغا مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، شەرق ئەللىرىنىڭ ئەنئەنىسىدىكى، دۇنيا قارىشىدىكى ۋە پەلسەپىۋى، ئوبرازلىق تەپەككۇرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىشىمىز، ئۆزىمىزنى تولۇق چۈشەنمەي، چۈشىنىشكە ئۇرۇنماي، ئۆزىمىزنىڭ يىلتىزىغا ئەمەس، غەرب تەپەككۇرىنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىگە بەك قىزىقىپ كېتىشىمىز توغرا بولمىسا كېرەك. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قانداق ئۇسلۇب ۋە مېتودنى قوللىنىش ھەر بىر يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. ئەسەرنى شەكىل جەھەتتىن چەكلەش ناتوغرا، لېكىن ئۆز خەلقىگە تەۋە بولغان بارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مۇشۇ زېمىندىكى خەلق چۈشەنمەيدىغان، ياقتۇرمايدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا بېرىلىپ كېتىش كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. بۇ ھەرگىز غەزەل، مۇخەممەسلەردىن ھالقىماسلىق كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئەسەر تىلىنىڭ ئالاھىدە بولۇشى، قۇرۇلمىسىنىڭ قاتلاملىق بولۇشى، ئوي - پىكىرنى يوشۇرۇن ئىپادىلەش قاتارلىق ئىستېتىكىلىق «ئورۇنلاشتۇرۇش»لارنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. لېكىن ئەسەرلەردە ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ تىنىقى ئۇرۇلۇپ تۇرماستىن، فىرۇئىدنىڭ ياكى يەنە بىرسىنىڭ گۆردىن چىققان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرسا، كىشى گۇمانى نەزەر سالماي تۇرالمايدۇ.

مەن رېئالىزم تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ئىجادىيەتنىڭ بەدىئىي قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ كەلگەن دوگما ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىغا خاتىمە بېرىپ، كونا ئەندىزىلەرنى بۇزۇشتا، ۋاقتى ئۆتكەن پىكىر قىلىش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشتە مۇھىم رول ئويناۋاتقان يېڭى ئىزدىنىشلەرنى قوللايمەن. بۇنداق ئىزدىنىشلەرنىڭ دەسلەپتە مۇرەككەپ، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن، لېكىن مۇشۇ ئانا تۇپراقتىن ئايرىلغان، تامامەن غەربلەشكەن ئىجادىيەت خاھىشىغا سوئال قويماي تۇرالمايمەن.

بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى گۈزەللىككە ئىنتىلىش ۋە ئادەم توغرىسىدىكى ئىزدىنىش دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە. لېكىن مىللىيلىك شۇ يۈكسەك پەللىگە چىقىشتىكى شوتا. مىللىيلىك ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىشتىن ياكى تۆكمە شائىرلىقتىنلا دېرەك بەرمەيدۇ.

شەكلىنىڭ مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇشى ئىجادىيەتتىكى بىردىنبىر ئامىل ئەمەس. شۇڭا، ئىجادىيەتتە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى، روھىي دۇنياسى، ھېسسىيات رېئاللىقى ۋە جەريانى، تەپەككۇر تارىخىدىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزۈشكە بولمايدۇ.

مېنىڭچە، ئەسەرنىڭ رېئالىزمغا ياكى مودېرنىزمغا تەۋە بولۇشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئىجادىيلىقى ۋە «يىلتىز» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە. گارسىيا ماركوز ئۆزىنى سېھرىي رېئالىزمچى ياكى مودېرنىزمچى دەپ ئاتىغان ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى «ھەقىقىي رېئالىزمچى» دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە بولغاندا، پەردازلانمىغان ۋە تەھلىل قىلىنمىغان سېھرىي چۈشەنچىلەر، پاراڭلار، ئېتىقادلار لاتىن ئامېرىكىسى تۇرمۇشىنىڭ رېئال بۆلىكى، شۇنداقلا شۇ يەردىكى خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ۋەكىل بولالايدىغان، ئۇنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ھەقىقىي ھادىسە، شۇڭا ئۇ سېھرىي تۈسكە ئىگە چۆچەكتەك ۋەقەلەرنى، غايىۋى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندىمۇ ياۋروپا بىلەن ئەمەس، لاتىن ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى بىلەن زىچ باغلىغان.

غەرب ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىرغىزىستاننىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى قۇباتبېكنىڭ مۇنداق قىزىقارلىق بايانى بار: «... 1964 - يىلى ئەرەبشۇناس ۋە لىمجان دېگەن دوستۇم ماڭا سەئدىنىڭ ‹گۈلىستان› دېگەن كىتابىنى بەردى. بىر قېتىم ۋاراقلىدىم، ھەممىسى مەنىسىز، قۇرۇق پەندى - نەسىھەتتەك تۇيۇلدى. ئۇ چاغدا غەرب ئەدەبىياتىنىلا ئوقۇيتتۇم، غەربنىڭ كىتابلىرىنىلا كۆرەتتىم. 20 يىلدىن كېيىن، 1984 - يىلى ھېلىقى كىتابنى قايتىدىن قولۇمغا ئالدىم، كوچىدىمۇ ئوقۇدۇم، يېتىپمۇ ئوقۇدۇم، تۇرۇپمۇ ئوقۇدۇم. شۇنداق قىلىپ، 20 يىلدىن كېيىن سەئدىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. پۈتۈن غەربنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ تۈگمىنىدە يەنچىلگەندىن كېيىن سەئدىنى چۈشەندىم. قارىسام، غەرب ئەدەبىياتى كېلىشكەن، سۆلەتلىك مودا يىگىت ئىكەن، ئايال دېسە ئايالغا، ھاراق دېسە ھاراققا تويمايدىكەن، تىياتىرغا، توي - تاماشىغا ئامراق ئىكەن، يىگىتنىڭ گۈلى ئىكەن، ئۆزۈڭ بۇ، تاپقان ئەقلىڭ شۇ بولسا، يىگىتنىڭ گۈلىگە ئەگەشمەي، كىمگە ئەگىشەتتىڭ؟ ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ، قىزلار بىلەن يۈرىدۇ، تانسىلارغا بارىدۇ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرساڭ، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيسەن. ئادەم دۇنياغا ئويناپ - كۈلۈش، يېيىش - ئىچىش ئۈچۈنلا كەلمەيدۇ - دە. كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ، ئۆڭگى ئۆچكەن يىگىتنىڭ پېشىنى قويىۋېتىپ ئەتراپقا قارىدىم. شۇ چاغدا ئوشتىكى ئۇيغۇرنىڭ چايخانىسىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان بىر بوۋاينى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ سەئدى ئىدى. ئۇ، بۇ تەرىپى قەشقەردىن، ئۇ تەرىپى مەككە - مەدىنىگىچە پىيادە ئايلىنىپ كېلىپ، بۇ چايخانىغا كىرىپ ئولتۇرغانىكەن. پاراڭلىشىپ قالدىم. شەرققە مانا مۇشۇنداق قايتىپ كەلدىم. شەرقنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاددىي بولسىمۇ، ئىچىدە ناھايىتى ئورغۇن دۇنيا بار ئىكەن. ئۇنى بىلىش ئۈچۈن، تەييارلىقنىڭ بولۇشى كېرەك ئىكەن. ئۇ تەييارلىقنى مەكتەپلەر بەرسە بولاتتى، بىراق بىزنىڭ مەكتەپلەردە سەئدى ئەمەس، ماياكوۋىسكىي، جامى ئەمەس، بابايېۋسكىي ئۆتۈلىدۇ ...»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، غەرب ئەدەبىياتىدىكى كافكا، كامىيۇ، پىروست، جويىسلارنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ياۋروپا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا ئەدەبىياتىنى 20 يىل ئۆگەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق يازغۇچى ئاخىر شەرققە قايتىپ، سەئدىنىڭ ئىدىيىلىرىگە، پەلسەپىسىگە

ھەيران قالغان. «شەرقنى چۈشىنىش ئۈچۈن تەييارلىقلىق بولۇشى كېرەك ئىكەن» دېگەن سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنىسى بار. شەرقنى قېلىپبازلىقنىڭ، ئەندىزىنىڭ ئۇۋىسى دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئوبرازلىق تەپەككۇر ھېچقاچان ئالدىن بەلگىلەنگەن قائىدىلەر ئاساسىدا تىكلەنگەن ئەمەس. ئىنسان تەپەككۇرى ئىجادىي، چەكسىز بولىدۇ. شۇڭا، مەيلى نەدىن ئۆگەنگەن نەزەرىيە بولسۇن، باشقىلار ئارقىلىق ئۆزلەشكەن ئۇسلۇب ۋە تەجرىبە بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ، ئىجادىيلىقنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ قالسا بولمايدۇ. ۋاستىنى مەقسەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىش ئوخشاشلا قېلىپبازلىق بولىدۇ.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، مىللىي ئەدەبىياتنى شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن يېڭىلاش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىۋاتقان بىر قىسىم ياشلىرىمىز شەكىلنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ بولۇشىنى قوغلىشىپ، تەكلىماكان ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنى ۋە ئوقۇرمەنلەرنى ئۇنتۇپ قالماقتا. ھەر خىل ئەدەبىي ئېقىملارنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىش ئورنىغا نوقۇل دورامچىلىققا ئۆتمەكتە. راست گەپنى قىلغاندا، تېخى پىشمىغان بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ئاددىيلىقىنى شەكىلنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن يوشۇرماقتا. شۇڭا، ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرلا ئەمەس، ئەدەبىيات كەسپىي بويىچە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئوقۇرمەنلەرمۇ ھېس قىلالمايدىغان، شىنجاڭلىقلارغا ناتونۇش غەربنىڭ ھەسرەتلىرى بايان قىلىنغان، غەرب ئەدەبىياتىدا ئاللىقاچان پاخاللاشقان سىمۋوللار، تەسۋىرلەر تەكتىلەنگەن شېئىرلار ئۈزۈلمەي يېزىلماقتا. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شەكىلۋازلىقتا. شوئار ۋە مەدھىيىلەرگە، ۋەزىيەتنىڭ كانىيىغا ئايلانغان بۇرۇنقى شېئىرلار بىلەن ھازىرقى بەزى چۈشىنىكسىز شېئىرلار ئوتتۇرىسىدا ماھىيەت جەھەتتە چوڭ پەرق يوق، ئۇمۇ ئوخشاشلا شەكىلۋازلىق ئارقىلىق بەدىئىي ئىجادىيەتنى مەلۇم مەقسەتنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىزدىنىش ھەممىدىن مۇھىم. ئىزدىنىش قانچىلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا، مۇۋەپپەقىيەتكە شۇنچە تېز يېقىنلىشىدۇ. شۇنى ئۇنتۇمايلىكى، بىز بارىدىغان مەنزىل غەرب ئەمەس، شەرقنىڭ ئۆزى. مودېرنىزم، سېھرىي رېئالىزم، دادائىزم، ھالقىغان رېئالىزم قاتارلىق يۈزلىگەن ئېقىملارنى شىنجاڭدا مانېۋىر قىلىش ئۈچۈنلا ئۆگەنسەك، خاتا قىلغان بولىمىز. ئۇلارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، مىللىي ئەدەبىيات بىلەن قوشۇپ يۇغۇرۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇق يارىتىشىمىز كېرەك. غەرب ئەدەبىياتىنى دوراشنى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى، دەپ قارىماسلىق كېرەك. غەرب ئەدەبىياتىنىڭ ئاجايىپ بەدىئىي تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى شەرق تۇپرىقىدا تەبىئىي يېتىلدۈرۈپ، يېڭىچە ئىجادىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى يارىتىش جەريانى ئاددىي جەريان ئەمەس.

شەرق ئەدەبىياتىدا سۆزنىڭ تاشقى شەكلىگە ئەمەس، ئىچكى مەنىسىگە زور ئېتىبار بېرىلىدۇ. شەرقتە سۆز سەنئىتى ھەممىدىن يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ. بىزنىڭ مىللەتلىرىمىزدە سۆزنى قەدىرلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنە بار. شەرق ئۈچۈن ئاددىي ئېيتىلغان بىر ئېغىز سۆز ئېتىلغان ئوق بىلەن باراۋەر. بىراق بىز بۇنى ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمىدۇق. بۇرۇن ئەسەرلەردە مەدھىيە، خۇشامەت، ھەشقاللا سۆزلىرىنى، ئەمدىلىكتە

سىرلىق، دەبدەبىلىك سۆزلەرنى سامانداك ئىشلىتىپ، سۆزنىڭ ئەسلى قىممىتىنى يوقىتىپ قويماقتىمىز. ئۆتكەن كۈنلەر ئۈچۈن ئارتۇقچە ئۆكۈنۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆزىمىزنى ئالساق، غەربلىك مودا يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ساما كەزدۇق، شاراب ئىچىپ ئازابلاندۇق، دوزاخقا چۈشۈپ، قەبرىلەردىن كېپىنىمىزنى سۆرەپ چىقىپ، قاراڭغۇ بوشلۇققا قاراپ: ئادەملەر، ماڭا قاراڭلار، مېنى ئېتراپ قىلىڭلار، تونۇۋېلىڭلار، دەپ چوقان سالدۇق. قان پۇرايدىغان مىسرالارنى يازساقمۇ، ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمىدى، ھېچكىم ھاياجانلانمىدى، چۈنكى ئۇ سۈنئىي ئازاب ئىدى، يۈرەكنىڭ قېتىدىن چىقمىغان چوقان ئىدى، ئۇ شۇ مىللەت، شۇ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا، تەبىئىتىدە، ئانا سۈتى بىلەن ئاپىرىدە بولغان خاراكتېرىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھەسرەت ۋە خۇشاللىق بىلەن ئاھاڭداش ئەمەس ئىدى. بىز ئۇنى تاپالمىغانىدۇق. ئۇنىڭ بار يېرىدىنى غەرب ئەدەبىياتى ياكى شەرق ئەدەبىياتى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنى ھەر بىر ئادەم ئىجادىيەت جەريانىدىلا تاپالايدۇ، چۈنكى ئۇ فورمۇلىسىز، تېئورىيىسىز ھالەتتە، رېئال ھاياتنىڭ تومۇرلىرىدا ئەركىن ئېقىپ يۈرىدۇ.

مەن بەزى زاماندىشلىرىمنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇلارنىڭ قانداقتۇ تۇيۇق يولغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئۇلار بۇ يولنىڭ ئايىغى يوق يول ئىكەنلىكىنى بىلگىچە 20 يىل، ھەتتا 30 يىل ئۆتۈشى مۇمكىن. ئاخىرى غەرب ئارقىلىق شەرققە ئۆتۈدىغان يولنى تاپسىغۇ ياخشى، تاپالمىسا قانداق بولار؟ دەيمەن. تاپالمىسا، بۇ كېيىنكىلەرگە ئاچچىق ساۋاق، ئالتۇندەك تەجرىبە بولىدۇ، لېكىن ھەممە ئادەم تەجرىبىنىڭ قۇربانى بولسا بولمايدۇ - دە! بەزىنەر چوقۇم ئۆزى يولىنى تاپىدۇ، تېپىشى كېرەك.

دوستلىرىم! ماڭغان يولۇڭلار ئاق بولسۇن، يىراق - يىراقلارغا، كۆز يەتمەس ئۇپۇققا بېرىڭلار، لېكىن ئۆسۈپ يېتىلگەن تۇپراقنى ۋە ئۇنىڭدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئادەملەرنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. بىز ئۈچۈن تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشنىڭ ماكان ۋە زامان چەكلىمىسى بار. بۈركۈت قانچىلىك ئېگىز، قانچىلىك يىراق پەرۋاز قىلسىمۇ، ئۆز ئۇۋىسىنى تاشلاپ كەتمەيدۇ، شۇڭا دۇنيادا بۈركۈتلا بولۇپ كەلمەكتە. ئىنسانلار مۇشۇنداق ئوبرازنى، مۇشۇنداق سىمۋولنى جان دەپ قوبۇل قىلسا كېرەك.

## يىلتىزسىز سەنئەت بولماس

ئەزەلدىن خەلق سەنئىتىنىڭ ئىجادچىسى ھەم ئىشتىراكچىسى بولۇپ، مىللەت بىلەن مىللىي سەنئەت بىر جان، بىر تەنگە ئايلىنىپ كەتكەن. ھەر قانداق مىللەت پەقەت ئۆز تىلى، سەنئىتى ئارقىلىقلا ئۆزلىكى، خاسلىقى، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ، بۈگۈنكى دەۋرگە ئۇلاشقان.

بىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن ماددىي تەرەققىياتلارنىڭ قوينىغا ئۆزىمىزنى ئاتقاندا، ئاشۇ مىللىي سەنئەت مىراسلىرىمىزنى ۋە مىللىي مەنىۋى ئەنئەنىمىزنى تۇساتتىن ئەستىن چىقىرىپ قويۇپتۇق.

1993 - يىل 15 - ئىيولدىن 18 - ئىيولغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئەلنەغمە كۆرىكىنى كۆرۈۋېتىپ ئۆزۈمنى بىر - بىرىگە ئۆكتە قوپقان خىياللارغا ئالدۇردۇم — خۇشال بولدۇم ۋە ئارامسىزلاندىم.

بۇ قېتىمقى ئەلنەغمە كۆرىكىنى مىللىي سەنئەت بايرىمى دېيىشكە ھەقلىقمىز. ئۇ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە بېرىلگەن ئېتىبارنىڭ روشەن نامايەندىسى، مەدەنىيلەشكە، قوللاشقا ئەرزىيدىغان ياخشى باشلىنىش. كۆرەكتە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ سەنئىتى بىر سەھنىدە ئورۇندىلىپ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق سادالىرىنى ياڭراتتى.

لېكىن، سەنئەت قانۇنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان سەنئەت سەۋىيىسىگە دېگەندەك ماس كېلىپ كەتمىگەن نومۇرلارنىڭ خېلىلا سالماق ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرۇشى مېنى ئويلاندۇرمايمۇ قويمىدى. ئىختىيارسىز ئەلنەغمە سەنئىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە جاپالىق كېلەچىكى توغرىسىدىكى ئۆكسىگەن ئويلىرىمنى ئاز - تولا ئوتتۇرىغا قويۇپ باققىم كېلىپ قالدى:

1. بۇ قېتىمقى كۆرەكتە ئەلنەغمە سەنئىتى ئۆز خاراكتېرىدىن خېلىلا چەتلەپ كەتكەن.

كۆرەككە قاتناشقان سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تۈرلىرى ھەققىدە ماھىيەتلىك چۈشەنچىسى كەمچىل بولغانلىقتىن، پەقەت كۈلدۈرگە نومۇرلىرىغىلا كۆپتىن - كۆپ كۆچىگەن.

كۈلدۈرگە — ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئەلنەغمىنىڭ بىردىنبىر، يېگانە ژانىرى ئەمەس. ئۇيغۇر خەلق فولكلورىدىكى مەدداھلىق، قوشاقچىلىق ۋە غەزەلخانلىق، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال نامايەندىسى بولغان مۇقام، مەشرەپلەر ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ مۇجەسسەم شەكلىدۇر. قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىشى، تۆكمە شائىرلىق، داستانچىلىق ۋە ئۆلەڭ ئېيتىش پائالىيەتلىرىمۇ ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي سەنئەت ئەنئەنىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق بولغان توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم، تۈرلۈك مىللىي بايرام - سەيلە، نورۇز، مەۋلۇت، روزا - رامىزان، ئۆرپ - ئادەت، پىرىخونلۇق قوشاقلىرىنى ئېيتىش، جەڭنامە، چۆچەك، تېپىشماق، ماقال - تەمسىل سۆزلەش، خەلق داستانلىرىنى چالغۇ بىلەن ئورۇنداش ... قاتارلىق يۈزلىگەن مىللىي سەنئەت ژانىرلىرى تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ۋە ئۇزاق ئەسىرلەرنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، بىزگە يېتىپ كەلگىنىگە قارىماي بىز بۇ سەنئەتنى بىچارە ھالەتتە سەھنىگە ئېلىپ چىقتۇق.

ئەلنەغمە — ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل مۇجەسسەملەشكەن مۇكەممەل ئانا سەنئەت بولۇپ، كېيىنكى ئىجادىي سەنئەت ئەسەرلىرى مۇشۇ ئانىدىن تۇغۇلغان. شۇڭا، خەلق سەنئىتى يېڭى زامان سەنئىتىنىڭ ئانىسىدۇر. ئاشۇ ئانىنى ئۆز ئوبرازى بىلەن سەھنىگە چىقىرىش - چىقىرالماسلىق شۇ مىللەت سەنئەتكارلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت سەۋىيىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ تولغىما ئۇسسۇل، چاقماق ئۇسسۇللىرىنى بىر ئاي ئىچىدە شىنجاڭدىكى پۈتۈن شەھەرلەردە ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇش مۇمكىن. 1988 - يىلى ئۈرۈمچىدە چاقماق ئۇسسۇلى شۇنچىلىك تېز ئومۇملاشقان ۋە شۇنچىلىك تېز ئۇنتۇلغان. چۈنكى بۇ شەكىلەن ھەرىكەتنىڭ قارىغۇلارچە دورىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

لېكىن ئۇيغۇر مۇقامى، قىرغىز ئېپوسى، قازاق كۈيلىرى ئىرسىيەت خاراكتېرىنى ئالغان سەنئەت بولۇپ، ئۇ، قاندىن قانغا، جاندىن ـ جانغا، روھتىن ـ روھقا ئۆتىدۇ. شۇڭا ئۇ مىللىي سەنئەت دېيىلىدۇ. ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئوچۇق ئاسمان ئېگىدە، دالا سەھنىسىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مىللىي سەنئەت — ئەلنەغمە سەنئىتىنى ھازىرقى زامان سەھنىلىرىدە مۇكەممەل ئورۇنداپ چىقىشنىڭ ئۆزى سەنئەتنىڭ جۇمۇلاگما چوققىسىغا چىققان بىلەن باراۋەر، شۇڭا ئەلنەغمە سەنئىتىگە، ئۇنى ئىجادىي ئويناپ چىقىشقا يەڭگىل قارىماسلىق كېرەك.

خەلق نەچچە مىڭ يىللىق بەدىئىي تەجرىبىسى ئاساسىدا ئۆز سەنئىتىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن. ئۇنى ھازىرقى سەنئەتكارلار پەقەت چوڭقۇر نەزەرىيىۋى سەۋىيە، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ئاساسىدىلا ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ، خالاس.

2. سەنئەتنى نوقۇل تەشۋىقات قورالى دەپ تونۇيدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش ھازىرغىچە ساقلانغان.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرى ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جاھانگىرلار، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى قوراللىق كۈرەش ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇپ زور ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. ئەينى تارىخىي شارائىتتا شۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىدى. بۇنى توغرا چۈشىنىشكە بولاتتى. بىراق، سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئۇزاقتىن بۇيان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ رولى، نىشانى ۋە ئۆلچىمىگە قارىتا بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. يولداش لى رۇيخۇەن ئېيتقاندەك، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆڭۈل ئېچىش، گۈزەللىك، تونۇش ۋە تەربىيەلەش جەھەتلەردە رول ئوينايتتى. ئەمما سولچىللىق خاھىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ، سەنئەتنى داۋاملىق ئۆز ماھىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنى مەلۇم ئىجتىمائىي، سىياسىي مەقسەتلەرنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ كاساپىتىدىن ھازىرغىچە سەنئەتنى نوقۇل ھالدا تەشۋىقات قورالى دەپ قارايدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش ئومۇملىشىپ، مىللىي سەنئەتنىڭ ئۆز خۇسۇسىيىتى ۋە يېڭى دەۋر روھى بويىچە تەرەققىي قىلىشى ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلدى.

مەسىلەن، كۆرەككە قاتناشتۇرۇلغان «قالايمىقان جەرىمانە ئېلىنمىسۇن» ناملىق كۈلدۈرگىدە سەھنىگە ئىككى نەپەر ئارتىس چىقىدۇ ـ دە، جەمئىيەتتە قارىغۇلارچە جەرىمانە ئالىدىغان يامان ئىللەتلەر ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا بىر تالاي چۈشەنچە بېرىدۇ. باشقا نومۇرلاردىمۇ بۇ ھال ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئارتىسلار خۇددى ئىدىيىۋى تەربىيە يىغىنى ئېچىۋاتقاندەك نەسىھەت، تەشۋىقات خاراكتېرلىك قېلىپلاشقان سۆزلەرنى ياغدۇرۇۋېتىدۇ. بۇنىڭغا بىر خىل «ساددا نادانلىق» يوشۇرۇنغان. ئارتىسنىڭ تاماشىبىنلارغا پەند ـ نەسىھەت قىلىش مەجبۇرىيىتى يوق. چۈنكى سەنئەت نوقۇل تەشۋىقات پائالىيىتى ئەمەس. ھەر قانداق سەھنە ئويۇنى يارقىن بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق تاماشىبىنلارغا ئىستېتىك تۇيغۇ بېغىشلاش جەريانىدىلا ئۆز ماھىيىتىنى تاپىدۇ. تاماشىبىنلار تىياتىرخانىلارغا ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاش ئۈچۈن ئەمەس، سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىپ، گۈزەللىكتىن بەھىر ئېلىش، ھاردۇق چىقىرىش ئۈچۈن كىرىدۇ. گۈزەللىك تۇيغۇسى — سەنئەتنىڭ مىللىي ئۇسلۇبىدىن، مىللىي ئۇسلۇب ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىنسانىي ھېسسىياتتىن سىرغىپ تۇرىدۇ. بۇلارنى ھېسابقا ئالماي، ئويۇن

كۆركۆچىلەرنى زالنىڭ ئىچىگە سولىۋېلىپ، قۇرۇق گەپدانلىق بىلەن گوللىساق تىياتىر-سەنئىتى مانا بۇگۈنكى كۈندىكىدەك ئۆز «تەگرى» دىن ئايرىلىدۇ.

سۆزنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتساق، سولچىلىق يەنىلا شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئە-تىنىڭ تەرەققىياتىغا ھازىرغىچە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ ۋە توسقۇنلۇق قىلىپ كەلگەن سەۋەبلىك ئەلنەغمە كۆرىكىدە. ئوينالغان ئويۇنلار قېلىپلاشقان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ تارىخىي پاتقىقىغا پېتىپ قالغان. بۇنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى سەنئەتنى سەنئەتلىك قاتلامدا چۈشىنىشتە.

3. كۆرەككە قاتناشتۇرۇلغان نومۇرلارنىڭ تېماتېكىسى تار تاللانغان.

بىز دائىم مىللىي سەنئەتنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە قىزىقىپ كەلدۇق. «مەزمۇنى سوتسىيالىستىك، شەكلى مىللىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش كېرەك» دېگەن ئۆلچەمنى قارا قويۇق، دوگما ئىشلەتتۇق. مىللىي سەنئەتنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى خۇسۇ-سىيەتلىرىگە، مۇڭلىرىغا، لىرىكىسىغا، ھوزۇرلۇق مەسخىرىسى بىلەن يۈكسەك تراگېدىك روھلىرىغا ئەنئەنە سۈپىتىدە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلالمىدۇق. مىللىي سەنئەت ئەنئەنىسى ئۆز شەكلى ھەم مەزمۇنى گۆش ۋە سۆڭەكتەك چىپسىلاشقان مۇكەممەل، ئورگانىك گەۋدە ئىدى، بىز بۇ تەننى سۆڭەكسىز ئۇسۇلدا پارچىلىدۇق. ماھىيەتتە ۋارىسلىق قىلالمىغاندىن كېيىن شەكىلگە ۋارىسلىق ئەمەلىيەتتە قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ھال تېما تاللاشتىكى بىر خىللىق، دورامچىلىق، تەكرارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مىللىي پىسخىكا، مىللىي ئاڭ ئىلگىرى سۈرگەن تراگېدىيىلىك تەقدىر كەچۈرمىشلىرى بىلەن مىللىي ئاڭ كاتېگورىيىسىدە گەۋدىلىنىپ تۇرغان ئىنسان روھى ھەر مىللەت سەنئىتى ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگمەس مەڭگۈلۈك تېمىدۇر. مۇشۇ تېمىدىن، مۇشۇ يىلتىزدىن ئايرىلغان سەنئەت سەنئەت بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

4. كۈندىن - كۈنگە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچراۋاتقان مىللىي سەنئەتنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاش كېرەك.

تارىختىن بۇيان ئاممىۋى سەنئەت بولۇپ كەلگەن ۋە كېلىدىغان مۇقامچىلىق، مەش-رەپ ئويۇنلىرى، داستان ئېيتىش، تۆكمە شائىرلىق ئەمەلىيەتتە - ھازىرقى ئېلېكترون دەۋرىدە ئېستىرادىلىق مۇزىكا، ناخشىلارغا قارىغاندا ساپ سەنئەت خاراكتېرىنى ئالماق-تا. شۇڭا مىللىي سەنئەتكە بولغان كونا پوزىتسىيىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش كېرەك.

ھازىر تەرەققىي قىلغان چوڭ شەھەرلەردە شەكىللىنىۋاتقان، ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدىن، سەنئىتىدىن خەۋەرسىز قالغان بىر تۈركۈم ھەر مىللەت ياشلىرى توپى مىللىي سەنئەتكە ئاللىقاچان قىزىقماس بولۇپ قالدى.

ساپ مىللىي سەنئەت شەھەرلەردە ياش بىر ئەۋلاد كۆيەرمەنلىرىدىن ئايرىلغاندىن سىرت بازار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرىدە ئىقتىسادىي پاتقاققا پېتىپ قالماقتا. شۇڭا، ساپ سەنئەتنى، بازار ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالمايدىغان سەنئەت تۈرلىرىنى تەرەق-قىي قىلدۇرۇشتىن باشقا ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوغداش، ساقلاپ قىلىش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتى تۇرماقتا.

مەسىلەن، ئېغىزاكى ئېيتىش ئارقىلىقلا ھاياتىي كۈچكە تولۇپ كەلگەن «ماناس» ئېپوسى بىر تەرەپتىن مەتبەئە ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلەنگىنى بىلەن، بىر تەرەپتىن

ئېغىزاكى ئورۇندىغۇچىلىرىدىن ئايرىلىپ «تۇرغۇنلۇق» دەۋرگە كىرمەكتە. بۇ، «ماناس» ئېپوسىنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس، ئېپوس يادىلاش ئارقىلىق مىللىي ئەدەبىياتنىڭ قوينىغا كىرەلەيدىغان ئەۋلادلارنىڭ تارىخىي يوقىتىشى بولالاتتى. قىرغىز ئوقۇغۇچىلارغا «ماناس» ئېيتىش دەرسى تەسىس قىلىنسا ئەدەبىياتنىڭ «تىرىك» نەزەرىيىسىنى ئۆتكەنلىك بولاتتى. شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى مۇزىكا دەرسلىكىدە مۇقام ئېيتىش، مىللىيچە ئۇسسۇل، ساما ئۆگىنىش قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىنى ئۆتۈش — ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مىللىي ئەنئەنە تەربىيىسى بەرگەنلىك ئىدى. بۇ، بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ مىڭدىن بىرىدۇر، ئەلۋەتتە.

گەپنىڭ قىسقىسى، مىللىي سەنئەتنى يېڭى ئەسىرگە يارىشا تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا سەنئەتكارلارنىڭ قولىدا. بۇ كەسىپكە مىننەتسىز تۈردە تالانتىنى، جاپالىق ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىنى ئاتىماي بېغىشلىغان سەنئەتچىلەرسىز مىللىي سەنئەتنىڭ كەلگۈسىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا، ھەر قانداق سەنئەتكار پەقەت مىللىي سەنئەتنىڭ ئوغۇز سۈتى ئارقىلىقلا دۇنيا ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تۆرىگە چىقىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

## يىلتىزسىز ھايات بولماس

### — مۇھەممەت باغراشنىڭ «كەلكۈن» * ناملىق پوۋېستىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئويلىغانلىرىم

كەلكۈن ھادىسىنىڭ ھېلىقى نەس باسقان ئاشپۇزۇلىنى — ئەمەلىيەتتە روھىي چىرىگەن تىرىك مۇردىلار سورۇنىنى باستۇرما قىلدى. مىللىي پسىخىكىنى تەشكىل قىلغان ئاڭ، غورۇر، قىممەت قارىشى، ئۇيۇشۇش كۈچى قاتارلىق ئامىللارنى چۆكمىگە ئايلاندۇرغان بۇ كەلكۈن — روھىي بوھراننىڭ كەلكۈنى ئىدى. يېڭىلىق بولسىلا گۈللىنىشتىن دېرەك بېرىۋەرمەيدىكەن. بەزىدە، يېڭىلىقنىڭ كەينىگە ئۆز - ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈش، ئۆز - ئۆزىنى ئىنكار قىلىش، ئۆز - ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىشنىڭ ئاچچىق ئاقىۋىتىمۇ يوشۇرۇنۇۋالىدىكەن! ئۇنى تېخى كۆرمىسەكمۇ، تۇيالاتتۇق، غۇۋا ھېس قىلالاتتۇق، لېكىن «سەن كىم!» دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدۇق. يازغۇچى مۇھەممەت باغراش ئۇنى كۆرۈپتۇ ۋە سوئال قويۇپتۇ.

بۇ يەردە ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلار بىزگە بالايىئاپەت كەلتۈرۈۋاتىدۇ دېگەن بىر تەرەپلىمە يەكۈن كېلىپ چىقمايدۇ. پەقەت بىز ھەۋەس قىلغان، تەلپۈنگەن ئاشۇ يېڭىلىقلار قايناممىدا بىزنى روھىي قۇللۇققا مەھكۇم قىلىدىغان ئېلېمېنتلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىغا ئەقلىمىز يەتمەي تۇرۇپتۇ.

ئەسەردە، يېڭىلىق باسقۇچىغا تاساددىپىي كىرىپ قالغان بىر شەرق مەھەللىسى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، مەنىۋى ئىزچىللىقتىن ئايرىلغان ئىنسان تەقدىرىنىڭ تراگېدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. لېكىن بۇ رىۋايەت ئەمەس، رېئاللىقتۇر. ئەسەر بايانىدىن باشلىنىدۇ، خۇددى چۆچەك ئېيتقاندەك. سالماق كېلىۋاتقان بۇ بايانىنىڭ، چۆچەكنىڭ رىتىمىنى ھادىسىنىڭ ئاشپۇزۇلى بۇزۇۋېتىدۇ. شۇ بۇزۇلغانچە ئەسەر تەسۋىرلەر كەلكۈنىدە قالىدۇ. مۇڭلۇق چۆچەكنى بۇزغان، بىر پۈتۈن مەھەللىنى ۋەيران قىلغان شۇ قاغىش تەگكۈر ئاشپۇزۇل «كەلكۈن» پوۋېستىنىڭ يۈرىكى ئىدى. بۇ يۈرەك قان ئىشلەپ چىقارغاندەك،

※ بۇ پوۋېست ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993 - يىل 5 -، 6 - سانى (قوشما سان) دا ئېلان قىلىنغان.

يېڭى خەۋەرلەر، ئۆزگىرىشلەر ۋە پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى سىقىپ چىقىرىدۇ. ئاشپۇزۇل ئۇچۇر مەركىزىلا ئەمەس، كامالىددىنىدەك قىران بۈركۈتلەرنى خامانىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغان قارا قارغىغا ئايلاندۇرغان سېھىرلىك ئۆڭكۈردۇر. كامالىددىن ئاشپۇزۇلغا قىزىقىش نەزەرى بىلەن قەدەم باسقان بولسا، ئۇنىڭدىن ئادىمىيلىكىدىن، روھىدىن، ۋىجدان، ئەخلاقىدىن ئايرىلىپ، ئادەم يېتى كىرىپ ھايۋان بولۇپ چىقىدۇ، زامانىۋى ھايۋان.

ئاشۇ چەت - ياقا، تىمتاس مەھەللىگە ھادى ئاشپۇزۇل سالغاندەك تەبىئىي، كەلكۈن تاشقاندەك مۇقەررەر بىر جەريان، بىر ئۆزگىرىش، بىر يېڭىلىقنىڭ شەپىسى ئەسىرلەر بويى ئۆز ئۇدۇمى بىلەن ھاياتنى ئايلاندۇرۇپ كەلگەن قالاق، ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق، شەرمى - ھايالىق ئادەملىرى بار شەرق مەھەللىسىنى ئەڭ ئالدى بىلەن يىلتىزىدىن ئايرىيدۇ. كامالىددىنىدەك روھىي تۈۋرۈكتىن ئايرىلغان يىگىتلەرنىڭ ئاشپۇزۇلغا، پۇلغا، قىمارغا، سەتەڭ ئاياللىنىڭ ئەمچىكىگە خۇشتار بولۇپ ئۆزگىرىشى بىلەن مەھەللە قىيامەتكە يۈزلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ يەردە ئابستراكت، غايىۋى ئىدىيىنى ئەمەس، رېئال تۇرمۇشتىكى زىددىيەتلەرنى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇ، ئىسلاھاتنى ئۆزگىچە بىر نۇقتىدا كۆزىتىپ يىلتىزسىز ھاياتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ كەلكۈن ئاستىدا قالىدىغانلىقى توغرىسىدا غەمكىن ئويلارغا پاتىدۇ. بۇ، مۇھەممەت باغراش ئىجادىيىتىدىكى بۆسۈش ۋە يېڭى پەللە.

روھىي كەلكۈننىڭ، كرىزىسنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى بىرىنچى سەۋەب، مىللىي ئاڭ ساھىبلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدا. يازغۇچى كونكرېت پېرسوناژ ۋە ۋەقەلەرنى ئىنچىكە، رېئال تەسۋىرلەش ئارقىلىق مىللىي ئاڭ ئەنئەنىسىنىڭ ئىنكار قىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان روھىي كەلكۈننىڭ بۆھرانىنى تەبىئىي ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ كەلكۈن ئاشپۇزۇلدىن، ئاچكۆزلەرچە غەيرىي ئۆزھال رىقابەتتىن، قىماردىن، تولغان ئەمچەككە ۋە پۇلغا سېتىلىشتىن باشلانغان؛ بۇ كەلكۈن ئەسلى ۋەسلىدىن ۋە ئىشەنچ، ئېتىقادىدىن ئايرىلغان ئادەملەرنىڭ پۇل ئىلاھىنىڭ قۇربانلىقى بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن بىشارەت بەرگەن. مۇشۇنداق ۋەسۋەسە باشلانغان ۋاقىتتا مىللىي ئاڭ، ئەنئەنە ۋە يىلتىزغا مۇراجىئەت قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. بۇ زۆرۈرىيەت بۈگۈنلا تۇغۇلغان ئەمەس: جۇڭگودا بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى، چەت ئەلدە نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى زامانىۋىلىشىش بىلەن يىلتىزنىڭ زىددىيىتى باشلانغان. بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئەزەلدىن بۇ زىددىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر.

مۇھەممەت باغراش «ئاقساق بۇغا» پوۋېستىدا يىلتىزنى ئىزدىگەن. ئۆز مىللىتىنىڭ قەدىمىي ۋە رەڭگارەڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، مۇڭلۇق رىۋايەتلىرى، شوخ ناخشىلىرى قوينىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئىشقىيارنىڭ ئىزگۇ تىلەكلىرى، گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىقنى جان تىكىپ قوغدايدىغان ئادىمىيلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، يازغۇچى ئىنسان روھىيىتىدىكى مىللىي ئاڭنى ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ تەۋەلىك بەلگىسى، ئادەمنى ئادىمىيلىك كامالىتىگە يەتكۈزىدىغان تۇپراق، يۆلەپ تۇرىدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئەسەردىكى ئىشقىيار ئوبرازى خېلىلا رومانتىكلاشقان، ئىدىيىلاشقان پېرسوناژ بولۇپ، يازغۇچى مىللىي تۇپراققا ۋە ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن كەلگۈسىگە بىر قەدەر ئابستراكت يول بىلەن مۇراجىئەت قىلغان.

بىراق «كەلكۈن» پوۋېستىدا تۇپراق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ھادىسىنىڭ ئاشپۇزۇلىدەك كەلكۈن ئاستىدا قېلىشى تارىخىي رېئاللىق ۋە كونكرېت تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.


بىز ئۇزۇندىن بۇيان ماددىي توقچىلىقتا، بايلىقتا مەستخۇش بولۇپ كەلدۇق. چاۋاكلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئېرىشكىنىمىز بىلەن قولدىن كەتكۈزگىنىمىزگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلالمىدۇق. بولۇپمۇ ئىجادىيەتتە شۇنداق بولدى. مۇھەممەت باغراش «كەلكۈن» دە يىگانە ئادەمنىڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىنى ئەمەس، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي پىسخىكا، مىللىي ئاڭ ئادەتلىرىنىڭ لاتقىغا ئايلىنىشىدىن كېلىپ چىققان پاجىئەگە ئېچىنغان، ئۇنىڭغا مۇڭلانغان. بۇ، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەتتە يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشى، يېڭى قاتلامغا كىرىشى. يازغۇچى بۇ جەرياندا بىر نۇرنى بايقىغان. بۇ نۇر چەت - ياقا مەھەللىدىن، قەدىمكى ئانا تۇپراقتىن چاقنىغان يورۇقلۇق ئىدى. يازغۇچى ئاشۇ نۇر لىنىيىسىنى بويلاپ يۈرۈپ باغراش كۆلى بويىدىكى ئۆز يۇرتىغا كېلىپ قالغان. بۇ يۇرت يازغۇچىغا: «ئەي، بىزنىڭ ياش يازغۇچىمىز مۇھەممەت باغراش، مودېرنىست بولساڭ بول، بىزنى ئۇنتۇپ قالما» دەپ سەمىمىي نەسىھەت قىلغان. يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ قايناق بۇلىقىنىڭ كۆزى شۇ ئىلتىجا ۋە نىدا بىلەن ئېچىلغان. چۈنكى ئۇنىڭ تىنىمسىز تەكىتلىنىپ تۇرغان ئىلتىجانى ئاڭلىيالىغان قۇلاقلا سەگەك قۇلاق، شۇنى سەزگەن يۈرەكلا ھەقىقىي ئويغاق، تىرىك، ئۇرۇپ تۇرغان يۈرەك ئىدى.

«كەلكۈن» دە مىللىي كۆرەڭلىك يوق. مىللىي مەدەنىيەتنى كۆز - كۆز قىلىش يوق. يازغۇچى دېھقانلارنىڭ قارا پايىم، قوپال، زاغرا تىلىدا ئىنچىكە، تەپسىلىي تەسۋىرلەرنى بېرىدۇ. «دەك»، «تەك» قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئوخشىتىشلارنى شۇنداق تەبىئىي، نازاكەتلىك، تەلۋە قوللانغانكى ئەسەر تەسۋىرىنى كونا، قېلىپلاشقان بايان ئاسارىتىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئازاد قىلغان. ئاپتور كونىلىقنى سېغىنىپ ئەمەس، بىر مىللەتنى قايتىدىن تونۇش، ئۇنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى بەدىئىي ئىپادىلەش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ كۆز ياش ۋە كۈلكە ئىچىدە ئۆتكەن، ئۆتۈۋاتقان ۋە ئۆتمەكچى بولغان تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىدە روھىي كەلكۈن تېمىسىغا قايرىلغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بەدىئىي ئىجادىيەتتە تاشقى دۇنياغا — سىرتقا ئەمەس، ئۆز ئىچىگە يۈزلەنگەن. ئەدەبىيات تارىخى ئىسپاتلىدىكى، ئالەمشۇمۇل تەپەككۇر قىلىش دۇنياۋى، غايىۋى، خەلقئارالىق مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئەمەس، ئادەمنىڭ، مىللەتنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا كىرىشتىن، يەنى ئادەمنى ئادەم قاتارىدا چۈشىنىشتىن شەكىللىنىدۇ. ھازىر مىللىيەتلىك (شەكىل جەھەتتىكىلا ئەمەس) ئارقىلىقلا بەدىئىي ئىجادىيەتتە دۇنياۋى قاتلامغا، سەۋىيىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقى ھېچكىمنى گۇمانلاندۇرمىسا كېرەك. مۇشۇ جەرياننى، ئۆتكەلنى نۇرغۇن تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرگەن يازغۇچى مۇھەممەت باغراش «كەلكۈن» دە ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ تۈگمەس - پۈتمەس مەنبەسىنى تاپقان. شۇنىڭغا يارىشا، ئەسەر شەكىل جەھەتتە زىيارەت رېئالىزمنىڭ قېلىپلاشقان تىل - قۇرۇلما، سيۇژېت ئەندىزىلىرىدىن يۇلقۇنۇپ چىققان.

ئاپتور مەركىزىي شەخس كامالىددىننىڭ روناق تېپىپ باي بولغانلىقىنى ئەمەس، ئۆز - ئۆزىنى ۋەيران قىلغان تراگېدىيىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسۋىرلىگەن. ئەسەر چۆچەكتەك باشلىنىدۇ. ئاخىرى ئويلىمىغان يەردىن چىقىدۇ. كامالىددىننىڭ تىللاخان ئاتىغا ياغدۇرغان ئاھانەتلىرى بىلەن پۇل ئۈچۈن ئايالىنىڭ چېچىنى كېسىپ كەلگەن يەرلىرى تەسۋىرلەنگەن قۇرلارنى ئوقۇش كىتابخانلار ئۈچۈن شۇنچىلىك ئېغىر، شۇنچىلىك ئازابلىق ئىدىكى، تىل كۆيىدۇ. نەتىجىدە كامالىددىن تىپىكلىككە كۆتۈرۈلگەن پېرسوناژ بولالىغان.

«كەلكۈن» دە بايان قىلىنغان يېگىملىقلار — ئاشپۇزۇلنىڭ ئېچىلىشى، قومۇش ئورۇش دولقۇنى، بازارلارنىڭ ئاۋاتلىشىشى جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي ماددىي ئۆزگىرىشلەر ئىدى. بىزنىڭ ئارزۇيىمىزمۇ ۋە ئەمگەك قىلىشتىكى مەقسىتىمىزمۇ جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق توپلاش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئىدى. بۇ جەرياندا مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى، ئۈستۈنكى قاتلامدىكى ئۆزگىرىشىنى توسۇپ قالغىلى بولمايتتى، توسۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى. ھەتتا مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ دەۋرگە، زامانغا ماسلاشماي قالغان تەرەپلىرىدىن كەسكىن ۋاز كېچىش زۆرۈر ئىدى. لېكىن بىر مىللەتنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلىنىۋاتقان ئالاھىدە، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ، بەلگىلەرنىڭ شۇنچە تېز ئۆزگىرىشچان ھالەتكە كىرىشىنى تەبىئىي جەريان قاتارىدا قارىغىلى بولمايتتى. شۇنىڭغا قارىماي، شىنجاڭدا تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەر، ئۇچىغا چىققان سولچىل قاراشلار، مىللىي ئىنكارچىلىقنىڭ تەسىرىدە، روھىيەتكە تەئەللۇق بولغان مىللىي پسىخىكا، ئاڭ، تەپەككۇر، دۇنيا قاراش، ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش ئۇدۇمى ماغزاپتەك لەيلەپ قالدى. مىللىي مەنىۋى دۇنيانىڭ تېگى قۇرۇقدالدى، بوشلۇق شەكىللەندى. ئازغىنە تاشقى تەسىرلەرنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئاجىزلاشتى. بۇنى ئېتىراپ قىلىش، ئىجادىيەتتە بەدىئىي ئىپادىلەش مەسئۇلىيىتى يازغۇچىلارنىڭ زىممىسىدە ئىدى. سادىر بولۇۋاتقان ھەر بىر تارىخىي سەۋەنلىكلىرىمىزدىن چەتنەپ ئۆتۈش ھەقىقىي يازغۇچىنىڭ ئىشى ئەمەس. ئوبيېكتىپ تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن روھىي تەييارلىقسىز قالغان ئاددىي ئادەملەرنى دەھشەت قايىنىمىغا سۆرەپ كىرىۋاتقان ھادىسىنىڭ ئاشپۇزۇللىرى توغرىسىدا ئويلىنىش، ئۇنىڭ كەلكۈن ئاستىدا قېلىشىنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىش — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق چىقىش يولى ئىدى. خەلق ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىغا چۆمگەن، شادلانغان پەيتتىكى سىماسىدىن ئەمەس، يۈكسەك ئارمانلار ئىچىدە تولغانغان سىماسىدىن قاتتىق تەسىرلىنەتتى. تراگېدىك گۈزەللىك ھەر قاچان ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى. «كەلكۈن» پوۋېستى شۇ مەقسەتكە يەتكەن.

خۇلاسە كالام: يازغۇچى «كەلكۈن» دە يىلتىزسىز ھايات بولماس دېگەن ئىدىيىنى شىنجاڭ تۈپرىقى بىلەن يۇغۇرۇۋېتەلىگەنلىكى يالغۇز ئۆز ئىجادىيىتىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئەسىر ئاتلاش ھارپىسىدىكى جىمجىتلىقىنى بۇزغان دەسلەپكى سادالىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. بولغاندىمۇ، جاراڭلىق سادا، ساھىلسىز روھتىن تاشقان كەلكۈننىڭ سادىسى...






ھاجى مۇھەممەت

غۇۋا يېنىپ تۇرغان كىچىك چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا يولدىن ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ گەۋدىسى ئاندا - ساندا، غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. سۈتتەك سۈزۈك يېنىپ تۇرغان بىر نېئون چىراغنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ پەرۋانە ئۇچۇپ يۈرەتتى. يولغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردىن گاھىدا دۇتار، تەمبۇرنىڭ تەڭكەش قىلىنغان ئاۋازى، گاھىدا داپنىڭ داراڭلىغان ئاۋازى، گاھىدا زىل، گاھى بوم ناخشا ساداسى ئاڭلىناتتى. بۇ چاغدا يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ رېپېتىتسىيە زالىدا جىددىي رېپېتىتسىيە بولۇۋاتاتتى.

— ھەي، يەنە بولمىدى، قايتا كېلىڭ، ئاچچىقى كەلگەن ئادەمنىڭ نەدە كۆزى كۈلۈپ تۇرىدىغان ئىش بار... ئۇسسۇل ئوينىغانغا ئادەمنىڭ چاتىرىقى يىرىلىپ

## يول ئاچقۇچىلار

كەتمەيدۇ، پۇتىڭىزنى بەك - بەك كۆتۈرمەمسىز، مانا مۇنداق...

چۈشلۈك تاماقنى يەپلا رېپېتىتسىيىگە چۈشۈپ كەتكەن ئارتىسلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بەدەنلىرى چېقىۋەتكەندەك ئاغرىسا، بەزىلىرىنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ گەپ قىلغۇچىلىك ھالى قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئابلەت مەتنىياز بەزىدە ياخشى گەپ، بەزىدە بۇيرۇق، بەزىدە بېسىم بىلەن رېپېتىتسىيە قىلدۇرۇۋاتاتتى.

سائەت 11 گە داڭ ئۇردى.

— بىز ھايۋان ئەمەس، خۇدايىمنىڭ ئەتىسى بولغاندىن كېيىن، بولدى قىلساق بولمامدۇ، — ئاخىرى بىرنەچچەيلەن كەينى - كەينىدىن شۇنداق دېيىشتى.

— شۇنداق قىلايلى، — ھەممەيلەن تۇشمۇ تۇشتىن چۇرقىراشتى.

— بولمايدۇ، مەن رازى بولغۇدەك ئويناپ چىقمىغۇچە ھېچقايسىڭ غىدىك - پىدىك قىلمىسما. يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن بەدىئىي فىلىم ئىشلەيمىز دەۋاتسا، مۇشۇ سەۋىيە بىلەن قانداقمۇ مۇقام ئەۋلادلىرى بىز دەپ ئېكرانغا چىقىشىمەن.

ئېغىزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن ئۇمۇ خېلىلا چارچىغانىدى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان تۈزۈكرەك ئارام ئالمىغاچقىمۇ ياكى زۇكاممداپ قالدىمۇ بۈگۈن پۈتۈن ئەزايى قىزىغاندەك بولۇپ، بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشىۋاتاتتى.

* * *

ئابلەت مەتنىياز 1977 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىدىن يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەلدى. ئېغىر - بېسىق، كەمسۆز، ئاددىي - ساددا بۇ ئادەمنىڭ يۆتكىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ پۈتۈن مەكتەپ تەۋرەپ كەتتى. خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ رەسمىي كېتىدىغان كۈنى مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار دەرۋازا سىرتىغىچە ئىككى سەپ بولۇپ تىزىلىپ ئۇنى ئۇزاتتى.

— خوش مۇئەللىم، بىزنى يوقلاپ كېلىپ تۇرسىلا، — دېگەن سادا مەكتەپ قورۇسىنى بىر ئالدى. بۇ چاغدا ئابلەت مەتنىيازنىڭ ۋۇجۇدى كۈچلۈك بىر ھاياجاندىن جۇغۇلداپ كەتتى...

ئۆمەككە ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ناخشا - ئۇسسۇل، ساز - پاز دېگەندىن ئىللا - بىللا خەۋىرى يوق بۇ ئادەم سەل ياتسىرىدى. ئەمما خۇشخۇي، چىقىشقاقلىقى بىلەن ئارتىسلار ئارىسىدا ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، ئاسانلا ئۆزلىشىپ كەتتى. ئۆمەكنىڭ ۋە ئارتىسلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى، قىلىدىغان ئىشنىڭمۇ كۆپلۈكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ئۆمەكتە چۇۋالچاقلىق ئېغىر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىسلارنىڭ كەسپىي ساپاسى تۆۋەن بولغاچقا، تاماشىبىنلار رازى بولغۇدەك بىرەر مەيدان ئويۇن قويغۇدەك ھالى يوق ئىدى. ئابلەت مەتنىياز ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەتنى تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلىدى. ئارتىسلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەتلىشىپ، ئۇلار ئارىسىدا كەسپىي سۆيۈش، جاپاغا چىداپ ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش، مەغرۇرلانماي نەتىجە قازىنىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۆمەكنى تەرتىپكە سېلىپ كەسپىي قابىلىيىتى بارلارنى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆمەكنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇزۇلغان مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، شەخسلەر

ئىگىلىۋالغان سازلارنى يىغىۋېلىپ ئەسلىھە-
لەرنى تولۇقلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆمەك
دەسلەپتە پەسىلدە، كېيىنچە بىر - ئىككى
ئايدا بىر مەيدان ئويۇن قويالىغۇدەك بولدى.

ئىسلاھاتنىڭ باھار شامىلى يەكەن دەر-
يا ۋادىسىنى ئويغاتتى. سەنئەت ساھە-
سىدىكى جانلىنىش، كىنو - تېلېۋىزىيە
فىلىملىرىنىڭ رەڭدارلىشىشى، رىقابەت
ئېڭىنىڭ كېڭىيىشى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى
ئىستېمال سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى
مەنىۋى مەھسۇلات بازىرىنىڭ سەرخىل مەھ-
سۇلاتلىرىغا ئېھتىياجلىق قىلىپ قويدى.
يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىمۇ ئۆز
نۆۋىتىدە ئىسلاھات دولقۇنىدا قانداق ئۈزۈپ
چىقىش سىنىقىغا دۇچ كەلدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟

ئابلەت مەتنىيازنىڭ پۈتۈن ئوي - خە-
يالى ئۆمەكنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ
جانلاندۇرۇپ، ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلغىلى
بولىدۇ؟ دېگەن سوئال ئۈستىدە ئايلىنىپ
يۈرىدىغان بولدى. مۇشۇ تېمىدا كۆپ قېتىم
ئارتىسلارنى ئەقىل كۆرسىتىشكە، چارە -
تامال ئويلاشقا تەشكىللەپ، كەلگۈسى تۇغ-
رىسىدا باش قاتۇرۇپ، نەچچە قېتىم تاڭ
ئاتقۇزۇۋەتكىلى تاس قالدى. تەجرىبە ئۆگە-
نىش ئوچۇن يۇقىرى - تۆۋەن ئىدارىلەرگە
ھەتتا ئۆمەك بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق
كان - كارخانىلارغىمۇ باردى. «كۆپنى كۆر-
سەڭ، كۆپنى بىلىسەن» دېگەندەك، بۇ
ئىزدىنىشلەردىن ئۇ ئەقىل تاپتى. يەنى
قوشۇننى خىل، ساپاسىنى يۇقىرى قىلىپ،
ئىقتىدارى بارلارنى دادىل ئىشلىتىش، كۆپ
ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش، مۇكاپاتلاش،
رىغبەتلەندۈرۈش ۋە جازالاش قاتارلىق بىر
يۈرۈش تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. ئىجادى-
يەتچىلەرنى سىرتتىن تەكلىپ قىلىپ ئىش-
لەتتى. گۇرۇپپىلار ئارا مۇسابىقىنى قانات
يايدۇرۇپ، قايسى گۇرۇپپا سۈپەتلىك نو-
مۇرلارنى كۆپ ئىجاد قىلىپ، كۆپ ئويۇن
قويۇپ، كۆپ ئىقتىسادىي قىممەت ياراتسا،
شۇ گۇرۇپپا ۋە شەخسلەرنى ماددىي مۇكا-
پات، مەنىۋى رىغبەتلەندۈرۈشتىن بەھرىمەن
قىلدى. نەتىجىدە 1989 - يىلغا كەلگەندە
بۇ ئۆمەك ئاپتونوم رايونىمىز سەھنىلىرىدە
داڭ چىقىرىپ، ئاۋانگارت قوشۇنغا ئايلان-
دى. ئابلەت مەتنىياز بۇ شان - شەرەپ
ئالدىدا مەغرۇرلانماي تېخىمۇ مۇنتىزىم تەد-
بىرلەرنى تۈزۈپ، ئارتىسلارنىڭ كەسپىي سا-
پاسىنى ئۆستۈرۈشكە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلدى.

* * *

قايسى بىر يىلى يازدا ئۆمەك شىمالىي
شىنجاڭغا ئويۇن قويغىلى بېرىشقا تەييار-
لىق قىلىۋاتاتتى. كىچىككىنە رېپېتىتسىيە
زالى ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغانىدى. ئابلەت
مەتنىياز زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرۇپ ئار-
تىسلارنىڭ رېپېتىتسىيە ئەھۋالىنى بېرىلىپ
كۆرۈۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئويناۋاتقان بىر
يىگىت موللاق ئېتىپ يەرگە يىقىلدىيۇ،
قوپالمىدى.

ئابلەت مەتنىياز ئوقتەك كېلىپ ھېلىقى
يىگىتنىڭ بېشىنى بىلىكىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ
تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى:

— نېمە بولدى، بىر يېرىڭ زەخىملەندىمۇ؟

— پۇتۇم، ۋايىيەي...

— تېز، تېز بولۇڭلار، ھارۋا ئەكىلىڭ-
لار، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، بىرنەچچەي-
لەن بىلەن يىگىتنى كۆتۈرۈپ ئىشىككە
تىرەپ قويۇلغان ھارۋىغا سالدى - دە،
ئۆزى ھارۋىنىڭ شوتىسىنى تۇتۇپ گۇگۇم
پەردىسىنى يېرىپ، دوختۇرخانىغا قاراپ چاپتى.

— چوڭ چاتاق يوق، ھوشۇقى چىقىپ
كېتىپتۇ، — دوختۇر شۇنداق دېگەندىلا

ئابلەت مەتنىيازنىڭ كۆڭلى ئارامغا چۈشكەندەك بولدى.

— ھازىر ئاڭسىز، كېچىچە قاتتىق ئاغرىيدۇ، شۇڭا بىرەيلەن قېلىپ باشقىلار قايتساڭلار بولىدۇ، — دېدى دوختۇر ئەتراپتا تۇرغانلارغا قاراپ.

— سىلەر قايتىپ رېپېتىتسىيە قىلىۋېرىڭلار، مەن قالاي، — دېدى ئابلەت مەتنىياز ۋە بىللە كەلگەنلەرنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئابلەت مەتنىياز بىردە داكا بىلەن ئورالغان پۇتقا، بىردە تاتىرىپ كەتكەن چىرايغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى...

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سىرتتىن قارىسا ئەسكى - تۈسكىلەرنى ساقلايدىغان ئىسكىلاتقا ئوخشايدىغان، تاملىرى قارىداپ كەتكەن، ئاستى ئېگىز - پەس رېپېتىتسىيە زالى نامايەن بولدى. «رېپېتىتسىيە زالى مۇشۇنداق بولسا قانداق بولغىنى، ئۇنى چوقۇم بۇ يىل يېڭىلىماي بولمايدۇ». بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە تاملىرىغا ئەينەك بېكىتىلگەن، يەرگە ئوتقاشتەك گىلەملەر سېلىنغان، چىراغ نۇرى ئاپئاق يورۇتۇپ تۇرغان ھەشەمەتلىك، ئازادە رېپېتىتسىيە زالى كۆرۈنۈپ، چىرايىغا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈردى:

— بەللى ئەپەندىم، ئوغۇللىرى ئۆيدە ئاغرىق ياتسا غەملىرى يوق، ئەجەب خەقنى پەرۋانە بولۇپ بېقىپ كېتىپلىغۇ؟ بىچارە بالىنى داۋالىتايلى دېسە، مانا، ئەنە دەپ سۆرەپ يۈردىلە، تۇۋا، ئادەم دېگەن ئەجەب بولىدۇكىنا، ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسى بىلەن كارى يوق...

ئابلەت مەتنىياز ئايالىنى تارتىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

زەينەپ خانىم ئىشتىن كەلسە، ئىككى پۇتى پالەچ بالىسى يامغۇردا قېلىپ، قىزىپ كەتكەنىدى. بالىنىڭ چوڭى تېخى كەلمىگەچكە، كىچىكلىرىنى يامغۇردا دادىسىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىشكە كۆزى قىيماي ئۆزى ئىدارىگە، ئاندىن مۇشۇ يەرگە كەلگەنىدى.

ئابلەت مەتنىياز ئايالى بىلەن بىللە كەلگەن بىر ئارتىسنى دوختۇرخانىدا قالدۇرۇپ، ئۆيىگە ماڭدى.

— نېمە دوختۇرخانىدا سەتلىشىپ يۈرىسەن.

— شۇنداق قىلمىسام بولمايدىغان يەرگە يەتتى.

— قول ئاستىمدىكى بىر ئادەم خىزمەت ئۈستىدە يارىلانسا، ھالىدىن خەۋەر ئالمامتىم ئەمىسە.

— بىچارە بالا شۇنداق تۇرسا، دوختۇرغا ئاپىراي دېمەي، خىزمەت، خىزمەت دەپ يۈرۈپ كارىلىرى بولمىغاندىن كېيىن، ئاچچىقىم كەلدى...

ئۇلار ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. زەينەپ خانىم ئېسەدەپ يىغلىغىلى تۇردى:

— نەچچە يىل بولدى، ئاپىمۇ مەن، دادىمۇ مەن. جېنىمغا ئۇۋال مېنىڭ.

ئايالىنىڭ يىغىسى، بالىسىنىڭ ئوت - كاۋاپ ھالەتتە يېتىشى ئابلەت مەتنىيازنىڭ يۈرىكىنى مۇجىدى. دېمىسىمۇ، بۇ ئوغلىنىڭ يىقىلىپ چۈشكەن باھانە بىلەن پالەچ بولۇپ قالغىنىغا ئون يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇنى ئاز دەپ، ئۆتكەندە ئۇ مۇنەۋۋەر ئۆمەك باشلىقى بولۇپ سايلىنىپ بېيجىڭغا تەجرىبە تونۇشتۇرغىلى كەتكەندە، ئايالى بالىنى ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە ئېلىپ، دوختۇرخانىغا ئەكىتىۋاتسا ماشىنا سوقۇۋېتىپ يامپىچى چىقىپ كەتكەنىدى. ئابلەت مەتنىياز خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدا ئۇلارنىڭ ھالىدىن تۈزۈكرەك خەۋەر ئالالمايۋاتاتتى. ئۇ شۇلارنى ئويلىغاندا بېشى

ۋىڭىلداپ، ئىككى چېكىسى چىڭقىلىپ كەتتى. ئۇ، كارىۋاتتا ياتقان، يېشىغا قارىغاندا خېلىلا جۈۋەك كۆرۈنىدىغان ئوغلىنىڭ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ سىلىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. بالىسىغا كۆيمەيدىغان كىم بار؟ ئۇ، بالىسىغا قارىغانسېرى يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆز چانىقى لىققىدە ياشقا تولدى.

ئۇ گاھىدا ئۆزىنىڭ بىر ئىشنى قىلغاندا باشقا ئەپچىقماي قويمايدىغان جاھىل مىجەزلىك يارىلىپ قالغانلىقىدىن مەمنۇن بولسا، لېكىن بالىسىنىڭ ئىشىغا كەلگەندە ئاشۇ مىجەزىنىڭ كارغا كەلمەيۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولاتتى. ئوغلىنىڭ نەچچە يىلدىن بۇيان پۇت ئورنىدا ئىشلىتىپ قاداق بولۇپ يېرىلىپ كەتكەن قولىنىڭ ئالقىنىغا قارىسا، گېلىغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولاتتى. لېكىن ئىدارىگە بارسىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ يەنە خىزمەت بىلەن بولۇپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، تەلەپچانلىقى بىر مىنۇتمۇ سۇسلىشىپ قالمىدى، بەلكى خىزمەت تەجرىبىسى بارغانسېرى بېيىپ، يېتەكلەش، باشقۇرۇش ماھارىتى كۈندىن - كۈنگە ئاشتى. ھازىر ئۆمەكتىكى 40 تىن ئارتۇق ئارتىسنىڭ ھەممىسى ئابلەت مەتنىيازنى قوللايدۇ، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ.

1987 - يىلى ئابلەت مەتنىياز يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسى يەنە بىر ئۇلۇش ئېغىرلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خىزمەتلىرىنى تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەدەنىيەت ئىدارىسىگە قاراشلىق ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرى، كەنت مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى تۇتۇپ، بۇ جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتى ۋە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئۇ يەنە ئامانىساخانىنىڭ مەقبەرىسىنى ياساش ۋە ھەيكىلىنى قاتۇرۇش ئىشى باشلانغاندا، ئىئانە توپلاشقا ئۆزى بىۋاستە مەسئۇل بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، مەبلەغنى تېز ئەمەلىيلەشتۈردى. قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئۆزى يول مېڭىپ ھەل قىلدى. ئۆزى ئىش ئۈستىدە تۇرۇپ قۇرۇلۇشنىڭ سۈپەتلىك، ۋاقتىدا پۈتۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئۆمەكنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنى زىلزىلىگە سېلىپ، شان - شەرەپ قازىنىشىغا ئاساس يارىتىپ بەرگەن «مۇقام يۇرتىدا نورۇز كۈلكىسى»، «مۇقام دىيارىدا شادلىق» دېگەن بەدىئىي فىلىملەرنى ئىشلەش جەريانىدا ئۇ باش بولۇپ ئارتىسلارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ، مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە مۇقام ئەۋلادلىرىنىڭ سەنئەت تالانتىنى كەڭ دائىرىلىك نامايەن قىلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

بىزدە «ئەسكەر ھەرقانچە خىل بولغان بىلەنمۇ، قوماندان قابىل بولمىسا بىكار» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سەنئەت كۈكىدە نۇرلۇق چولپاندەك چاقنىيالىشىدا، شىجائەتلىك، قەتئىي، قابىل ئابلەت مەتنىيازدەك يېتەكچىنىڭ ھەممىمىز پەخىرلىنىپ تىلغا ئالغۇدەك تۆھپىسى بار.




قەدىردان قەييۇم

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، ئۇيغۇر سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشكە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان قەمبەرخانىم، پاشا ئىشان، ئابلىز شاكىر، غىياسىددىن بارات، ئابلىكىم ئابدۇللا، داۋۇت ئاۋۇت ۋە مەتىمىن نورۇز قاتارلىق پېشقەدەم سەنئەتكارلاردىن تەشكىللەنگەن «پېشقەدەملەر ئويۇن قويۇش ئۆمىكى» ئۆتكەن يىلى 8 - ئايدىن 10 - ئايغىچە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە ۋە ئورۇمچىدە ئويۇن قويدى. ئۇلار ئورۇندىغان مۇقام، خەلق ناخشىلىرى، مىللىي ئۇسسۇل، لەپەر ۋە ئېپىزوتلار كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشى، قىزغىن ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپلا قالماي، مىللىي

## تاماشىبىنلار ساداسى

سەنئەتنىڭ قالتىس ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ، ھازىرقى زامان ناخشا - ئۇسسۇللىرى سەھنىلەرنى ئىگىلەپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە «ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇللار ھازىر مودىدىن قالدى»، «شۆھرىتىنى يوقاتتى»، «ھازىرقى زامان ناخشا - سازلىرى تەرىپىدىن سەھنىدىن شاللىۋېتىلدى» دېگەن قاراشلارغا كۈچلۈك رەددىيە بېرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە زور ئىجابىي تەسىر قوزغىدى.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن بۇ قېتىمقى ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنىڭ تەسىرى، ئەھمىيىتى ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا، بۇ ئۆمەككە قاتناشقان بىر قىسىم سەنئەتكارلار ۋە مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي خادىملارنى زىيارەت قىلدىم.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، بۇ قېتىمقى «پېشقەدەملەر ئويۇن قويۇش ئۆمىكى»نىڭ مەسئۇلى تۇرسۇن توختى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى: « ‹پېشقەدەملەر ئويۇن قويۇش ئۆمىكى›نىڭ تەشكىللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئويۇن قويۇشى تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، بىز يەنە بۇ ئۆمەككە ئۈرۈمچىگە تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن ئۆزبېكىستان خەلق ئارتىسى خالىسخان قادىر ۋە سۇلتان مۇھەممەتنى تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇردۇق.

مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنىڭ ئورنىنى قايتا تىكلەش، ھازىرقى زامان ناخشا - ئۇسسۇللىرىغا بېرىلىپ كەتكەن ياشلارغا بىر قېتىم ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ ئويۇن قويۇش پائالىيىتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر ساھە زاتلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. بىز ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 50 مەيدان ئويۇن قويدۇق. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەنئەنىۋى سەنئەت مىراسلىرىمىزغا خەلقىمىز يەنىلا تەشنا ئىكەن، ئالقىشلايدىكەن. بەزى كىشىلەر ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ: ‹بىزنىڭ مۇشۇنداق ئېسىل ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىز تۇرۇپ، نېمىشقا سەھنىلەردە كۆپلەپ ئوينالمايدۇ؟ نېمىشقا بۇنداق ناخشا - سازلار سەھنىلەردە ئازلاپ كەتتى؟› دېيىشتى. ئۇلار بىزدىن مۇشۇنداق ئۆمەكلەرنى داۋاملىق تەشكىللەپ، ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.»

قەمبەرخانىم ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، «پېشقەدەملەر ئويۇن قويۇش ئۆمىكى» تەركىبىدە 4000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىرىدە ئوينالغان 30 مەيداڭ ئويۇننىڭ ھەممىسىدە ئۇسسۇل ئويناپ قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. مەن ئۇنى زىيارەت قىلغاندا ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى ئويۇننىڭ تەسىرى ئىنتايىن ياخشى بولدى. مەيلى ئويۇن زالىنىڭ ئىچىدە بولسۇن ياكى سىرتىدا بولسۇن تاماشىبىنلار بىزنى ئورىۋېلىپ، بىزدىن خۇرسەن بولغانلىقىنى، مۇشۇنداق ئۆمەكلەرنى كۆپلەپ تەشكىللەپ، ئويۇن قويۇپ تۇرۇشىمىزنى ئۈمىد قىلدى. ماڭا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغىنى، قەشقەردە بىر مەيدان ئويۇن ئاخىرلاشقاندا چومبەل تارتىۋالغان بىر ھاجى ئايال سەھنىگە چىقىپ، ماڭا ئۆز قولى بىلەن تىككەن بىر دوپپىنى كىيگۈزۈپ قويدى. ئەلۋەتتە، ئۇ

دوپپا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ماڭا، شۇنداقلا مەن ئارقىلىق، ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىگە تۆھپە قوشقان سەنئەتكارلارغا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى. دېمەك، خەلقىمىز يەنىلا بىزنىڭ مىللىي سەنئىتىمىزنى قەدىرلەيدىكەن، ئۇلۇغلايدىكەن.»

ئاخىرىدا، قەمبەرخانىم ھۇزۇرىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەپسۇس، سوغۇق چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە سالامەتلىكىمنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبلىك مەن شىمالىي شىنجاڭدا ئويۇن قويۇشقا قاتنىشالماي قالدىم. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئامما ۋە سەنئەتكارلار بىلەن، بولۇپمۇ قاراماي، مايتاغدىكى ئىشچىلار بىلەن دىدار مۇلاقەت بولۇش، ئۇلاردىن ھال سوراش نىيىتىم بار ئىدى، ئۇسسۇلۇم بىلەن ئازراق بولسىمۇ ئۇلارغا ھۆرمىتىمنى بىلدۈرەلىگەن بولسام ناھايىتى ياخشى بولاتتى...»

«پېشقەدەملەر ئويۇن قويۇش ئۆمىكى» تەركىبىدە شىمالىي شىنجاڭدا ئويۇن قويۇشقا قاتناشقان ئاتاقلىق ناخشىچى پاشائىشان بۇ قېتىمقى ئويۇننىڭ تەسىرى توغرۇلۇق قىسقىچە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «خەلق يەنىلا مىللىي سەنئەتنى ياخشى كۆرىدىكەن. بۇ قېتىم بىز شىمالىي شىنجاڭدا ئويۇن قويغاندا تاماشىبىنلار ئىچىدە چوڭلارلا ئەمەس، ياشلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولدى. ئەمەلىيەت، ھازىر باش كۆتۈرۈپ قالغان ‹ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئەتنى پەقەت قېرىلارلا ياخشى كۆرىدۇ، ياشلار مىللىي سەنئەتكە قىزىقماس بولۇپ قالدى›، دېگەن قاراشلارنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مىللىي ئەنئەنە ئۆلمەيدۇ. مىللىي سەنئىتىمىز بىزنىڭ بىباھا گۆھىرىمىز. بىز داۋاملىق مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرىمىز، بېيىتىمىز. شۇ ئاساستا مىللىي سەنئىتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز.»

— بۇ قېتىمقى ئويۇنىمىزنى خەلق ناھايىتى ئالقىشلىدى، يۇقىرى باھا بەردى. ئويۇنىمىزنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ھاياجانلاندى. جۈملىدىن مېنىمۇ ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمدىن پەخىرلەندىم، — دېدى ئاتاقلىق مۇقامچى ئابلىز شاكىر، — مەن كىچىكىمدىن سەنئەتكە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ئىشتىياق باغلاپ، ھەۋەس قىلىپ كەلگەن، ھازىرغىچە بۇ كەسىپنى تاشلىماي كېلىۋاتىمەن. مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئۇيغۇر ئاھاڭلىرىنىڭ ئانىسى بولغان مۇقاملارنى، ئەنئەنىۋى ناخشا - سازلىرىمىزنى خەلق ماڭا ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدىكەن، قەدىرلەيدىكەن.

دېمىسىمۇ، ھازىر سەھنىلەرنى ھازىرقى زامان ناخشا - سازلىرى، جۈملىدىن ئاھاڭى باشقا مىللەتنىڭ، تېكىستى ئۇيغۇرچە ناخشىلار ئىگىلەپ كەتتى. بۇ قېتىم ئويۇن قويۇش ئارقىلىق بىز پېشقەدەم سەنئەتكارلاردا بىزدىن كېيىن قالسا ئەنئەنىۋى مىللىي ناخشا - سازلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى قانداق بولار، دېگەن ئەندىشە تۈگىتىلدى.

— مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئەتنى تەشۋىق قىلىش، ياشلارغا نىسبەتەن ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان بۇ قېتىمقى ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشقان ئارتىسلار مىللىي سەنئەتكە پىشقان، ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان، مىللىي سەنئەتنىڭ دۆلەت ئىچى - سىرتىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە مەشھۇر ۋەكىللىرى بولۇپ، خەلق ئىچىدە يۈكسەك ھۆرمەت، شان - شەرەپكە ئىگە تۆھپىكارلىرىمىز، — دېدى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت زۇنۇن، — شۇڭا

بۇ قېتىمقى ئويۇن ھەقىقەتەن خەلققە ياقتى. مىللىي سەنئەتنىڭ خەلق ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلىدى.

— ھازىر سەھنىلەرنى ساپلا ھازىرقى زامان ناخشا — ئۇسسۇللىرى ئىگىلەپ كەتتى، مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئەت خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، سىزنىڭچە، مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئىستىقبالى قانداق بولار؟ — سورىدۇم مەن.

— مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، — دېدى ئۇ، — دەرۋەقە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە ئەگىشىپ، چەتنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى بىزگە بۆسۈپ كىردى، چەتنىڭ ئاھاڭى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان ھازىرقى زامان ناخشىلىرى كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ياشلارغا يېڭىلىق تۇيۇلۇپ، بازار تاپماقتا، بىراق، بۇ ۋاقىتلىق ھادىسە. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى شۇ مىللەتنىڭ ھازىرقى زامان ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈشى بىلەن ئۆلچەنمەستىن، بەلكى مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئىتى ئارقىلىق نامايەن قىلىنىدۇ. مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئەتنى جارى قىلدۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش سەنئەتكارلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. بىز سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىز ئارقىلىق ئۆزىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ تاللىۋالغان يولىمىزمۇ مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئەتنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، بېيىتىش يولى. بۇ ھەم سەنئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، ھەم خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن. پەقەت مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئەت ئارقىلىقلا دۇنيا سەھنىسىدە پۇت دەسسەپ تۇرۇش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بىز مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، ھازىرقى زامان ناخشا - ئۇسسۇللىرىنىمۇ چەتكە قاقمايمىز.

## خاتىمە ئورنىدا

بىر مىللەتنىڭ سەنئىتى پەقەت باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىق بولغان ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ھەم راۋاجلىنىپ دۇنياغا تونۇلىدۇ. مىللىي سەنئەت ئۆلمەيدۇ. ئۇ، تارىخنىڭ تاۋلىنىشىدىن ئۆتكەن. بىراق، مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىز بىر ئىزدا توختاپ قالسا بولمايدۇ. «قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» ئاساسىدا مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش كېرەك. شۇ ئاساستا خەلقنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش، مىللىي ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئىسلاھ قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر.

«پېشقەدەملەر ئويۇن قويۇش ئۆمىكى»نىڭ قىزغىن ئالقىش ۋە يۇقىرى باھاغا ئېرىشىشى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇزاق تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتىمىز ھازىرقى رىقابەت دەۋرىدىمۇ دادىل پۇت دەسسەپ تۇرالايدۇ. مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ھەقىقەتەن پارلاق!






لى گۇاڭدۇ

ھەممىلا كىشى ياشاۋاتىدۇ، ئەمما تۇر-
مۇشنىڭ زادى قانداق ئىشلىقىنى ھېچكىم
چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. ئادەمنىڭ
ئۆمرىنىلا ئالايلى، 70 ياشنى ئاخىرىقى
چەك دېسەك، بۇنىڭ نەتىجىسى كىشىنى خې-
لىلا مەيۈسلەندۈرىدۇ: 20 يىل ئۇخلايدى-
كەنمىز، 20 يىل ئىشلەيدىكەنمىز،
بەش يىل غىزالىنىدىكەنمىز، ئۈچ
يىل ئاغرىيدىكەنمىز، ئۈچ يىل قۇرۇق پا-
راڭ سوقىدىكەنمىز (بەزىلەرنىڭكىگە يەنە
بىر يىل قوشۇشقا توغرا كېلىدىكەن)...ئۇيان
ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئۆمرىمىزدە كىم ئۈچۈن
جاپا تارتىپ، كىم ئۈچۈن راھەتلىنىدىغانلى-
قىمىزنى ھەقىقەتەن بىلەلمەيدىكەنمىز. ئۆ-
زىنى ئەقىللىق چاغلايدىغان نۇرغۇن كى-
شىلەر بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا
تىرىشتى، نەتىجىدە قانچە تىرىشقانسېرى

قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

شۇنچە گاڭگىراپ قېلىپ، ئەدەبىيات بىلەن پەننىڭ چەك - چېگىرىسى پەيدا بولىدى. مەسىلەن، مۇھەببەتنى ئالايلى، ھاياتلىق بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان بۇ نەرسەتالاي ئەۋلادلارنى ئاۋارە قىلغان، بەلكى ئىنسانىيەتنى يەنە ئاۋارە قىلىدۇ. ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسىراتىنى سۆزلەپ بېقىشقا ئۇرۇندى، ساۋشۆچىننى بۇلارنىڭ سەگەكرەك بىرسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ تۇساتتىن ئەقلىگە كەلگەندەكلا كىشىلەرگە مۇھەببەتنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولدى، ئەمما بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بولغىچە قان قۇسۇپ ئۆلۈپ قالدى، بەلكىم بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇ. راستقۇ، قىسمەت دېگەننى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ - دە! ئۈزۈلۈپ قالغان گەپنى ھەر قانچە ئۇلىغان بىلەنمۇ بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ، گاۋئىپ، چېك ۋېيىيۇەن ئېقىمىدىكىلەر مۇشۇنداق قىلىشقا جىق ئەجىر سىڭدۈرگەن بولسىمۇ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىشقا زادى ئۇنىمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلمىي ھېكمەت پەيدا بولدى. ئالىملار كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ: «مۇھەببەت ئىككى خىل سۇ بىرىكمىسىنىڭ نېيترالىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدى. كىشىلەر بۇ گەپتىن لەرزىگە كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا قانائەت ھاسىل قىلمىدى. چۈنكى بۇ گەپ قىلمىغانغا ئوخشاشلا، يەنى دوختۇرنىڭ كېسەلگە دىئاگنوز قويغان، ئەمما دورا يېزىپ بەرمىگەن ئەھۋالدا قولىنى قۇۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ: ئادەم بەرىبىر ئۆلىدۇ، دېگەندەكلا بىر ئىش ئىدى. ئۇنداقتا، سەندەك دوختۇرنىڭ نېمە كېرىكى؟

ئۇنى دېسەكمۇ، بۇنى دېسەكمۇ، مەقسەت يەنىلا ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش. ھازىر ئەزمىلىك قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. شۇڭا، كېپىمنى قاپ بەلدىن ئۈزۈپ تاشلاپ نىكاھدىن باشلاي، چۈنكى بۇ ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ ئىش.

نىكاھ دېگەن نېمە؟

$$\text{نىكاھ} = \frac{\text{مۇھەببەت} + \text{ئىشەنچ}}{\text{ئەستايىدىللىق}}$$

ئىنسانلاردا ئەسلىدە نىكاھ يوق ئىدى.

خۇدا ئادەمنى ياراتتى، ئۇنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يەنە ھاۋانى ياراتتى. ئەمما ئۇلار شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن چەكلەنگەن مېۋىنى ئوغرىلىقچە يەپ سالدى. نەتىجىدە دەرغەزەپكە كەلگەن خۇدا ئۇلارنى جەننەتتىن ھەيدەپ چىقاردى ھەمدە بۇ بەڭباشلارنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، ئۇلارنىڭ پانىي ئالەمدىكى جاپا - مۇشەققەتلەرنى تېتىپ باققىنىمۇ تۈزۈك ئىكەن، دېگەن خىيالغا كەلدى. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئادەم ھاۋانى جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا سۆرەپ كەلدى:

— ئى، خۇدا، ھاۋا دېگەن بۇ نېمەڭنى قولۇڭغا ئال. ئۇ تىرىكتاپلىق قىلىپ ھالىمنى قويمىدى، بۈگۈنى خام يەيمەن دېسە، ئەتىسى پىشۇرۇپ بەر دېدى؛ بىردەم ئات مىنەتتىم دېسە، بىردەم ھارۋىغا ئولتۇراتتىم دېدى...

شۇنىڭ بىلەن خۇدا ھاۋانى قايتۇرۇۋالدى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئادەم جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى يەنە قاقتى:

— ئى، خۇدا، ھاۋانى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن، ئۆزۈم يالغۇز بەك غېرىبسىنىپ كېتىدىكەنمەن.

شەپقەتلىك خۇدا ھاۋانى يەنە ئادەمگە قوشۇپ قويدى.

ئەمما، بىر نەچچە كۈن بولار - بولمايلا ئادەم ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ

بىردىشكە يەنە كەلدى:

— ئى، خۇدا، بۇ ھەرگىزمۇ مەغپىرەتنى بىلمىگەنلىكىمدىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس، ھاۋا ھەقىقەتەنمۇ بەك رەزىلكەن، مەن ئۇنىڭ شالاقلىقىغا زادىلا چىدىمىدىم، ئۇ بۈگۈنى تاغنى ياقتۇرۇپ قالسا، ئەتىسى باغنى ياقتۇرۇپ قالىدىكەن ... شۇنىڭ كاساپىتى بىلەن ئەتىدىن كەچكىچە كۆچۈپلا يۈرۈۋاتىمەن، ئىشەنمىسەڭ قاپىردىپ كەتكەن پۇت - قولۇمغا قاراپباق.

خۇدا ھاۋانى يەنە بىر قېتىم قايتۇرۇۋالدى.

بۇ ئىش كۆپ قېتىم تەكرارلاندى.

ئادەم ئاخىرقى قېتىم جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، خۇدادىن ئۆزىنىڭ ھاۋاسىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغاندا، خۇدا ئىچىغىز ئاچتى:

— قەسەم قىل.

— قەسەم قىلىمەن، — ئادەم يېنىش - يېنىشلاپ باش ئۇردى.

— ئەمدى كېيىنكىدىن يېنىۋالمايسەن.

— ھەرگىز، — دېدى ئادەم مۇقەددەس بىر قىياپەتتە.

— يول بولسۇن، ئوبدان ياشىڭلار، مەڭگۈ مېنى ئىزدەپ كەلمەڭلار.

ئادەم بىلەن ھاۋا يېتىلەشكەن پېتى يولغا چۈشتى، بىر - بىرىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا بەلگە قويۇپ ئۆز ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشتى.

كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە بۇ ئىش تەرەققىي قىلىپ توي قەسىمگە ۋە تويلۇق ئۈزۈككە ئايلاندى.

ئەمما، قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ. بۇ مەڭگۈلۈك مۇشكۇلاتنى ھازىرقى كىشىلەرمۇ ھەل قىلالمايۋاتىدۇ.

سارتىرى بىلەن سىميون پوفۋاي ھاياتىدا بىرلا ئايالنى ياخشى كۆرۈش ئىرادىسىگە كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆمرىنى ئايال زاتىغا ئانچە يېقىنلىشىپمۇ كەتمەسلىك، ئانچە يىراقلىشىپمۇ كەتمەسلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ئاياللار ھوقۇقىنىڭ مەشھۇر پائالىيەتچىسى لىئۇكسېمبۇرگنىڭ تويىنى ئىنسانىيەتنىڭ نىكاھ تارىخىغا قىلىنغان مەسخىرە دېيىشكە بولىدۇ.

ئايال قېرىنداشلىرىغا تالاي يىللار دوست تارتىشىپ بەرگەن لىئۇكسېمبۇرگ راستىنلا ئۆز ئىشىدىن قول ئۈزۈۋېشنى ئويلىغان ھەمدە ئەرنى كۈتۈپ، پەرزەنت تەربىيىلەشنىڭ بارلىق ئىدىيىۋى تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويغانىدى.

توي مۇراسىمى بارسېلونادىكى مەشھۇر چېركاۋدا ئۆتكۈزۈلۈپ كۆرمىگىلىغان تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلدى، شۇنداقلا شاھزادە ئېدۋارد بىلەن خانىش دىئانانىڭ توي مەرىكىسىدەك ئاجايىپ قىزىپ كەتتى.

توي مۇراسىمى دەسلەپىدە تويدەك ئۆتتى.

قەسەم قىلىش نۆۋىتى لىئوكسېمبۇرگقا كەلدى.

— سىز ئۇنى ئۆزىڭىزگە قوبۇل كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى پوپ رەسىم - قائىدىنى ئاداقىلىش يۈزىسىدىن.

— قوبۇل كۆردۈم!

— ئۇنداق بولسا قەسەم قىلىڭ.

— قەسەم قىلىمەن، — لىئۇكسېمبۇرگ تەمكىنلىك بىلەن ئوڭ قولىنى كۆتۈردى.

— مەيلى باي بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن.

— مەيلى باي بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن.

— مەيلى سالامەت بولسۇن ياكى ئاغرىق بولسۇن.

— مەيلى سالامەت بولسۇن ياكى ئاغرىق بولسۇن.

— مەيلى...

— مەيلى...

— ئۇنى ياخشى كۆرىسىز!

— ئۇنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن!

— ئۇنىڭغا بويسۇنىسىز!

— نېمە؟ — لىۇكسېمبۇرگنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قېپقالدى.

— Obey، — پوپ تەمترەپ قېلىپ بۇ سۆزنى يۇقىرى ئاۋازدا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى ( Obey خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنسا بويسۇنۇش ـ ئىتائەت قىلىش، گەپ بىر، قولاق ئىككى دېگەن مەنالارنى بېرىدۇ). توي قەسىمىدە بۇ سۆزنىڭ ئۇچرىشى پۈتۈنلەي ئەرلەر ھوقۇقى مەسىلىسىنىڭ مەھسۇلى ئىدى، ئەمما بۇ ئىش تالاي يىللاردىن بۇيان مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كېلىۋاتقاچقا، كىشىلەر بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى.

لىۇكسېمبۇرگنىڭ بولسا ئەستايىدىللىقى تۇتۇپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ بولغۇسى ئېرىگە لەپپىدە قاراپ قويدى (ئۇ يەنە بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا ئۇنىڭ رەسمىي ئېرى بولاتتى). شۇتاپتا ئۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتاتتى. لىۇكسېمبۇرگ ئىچىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىئارام بولۇپ: شۇنچە يىللار شاپاشلاپ يۈرۈپ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالسام قانداق بولغىنى! دەپ ئويلىدى.

پوپ يۇقىرى ئاۋازدا ئۇنى يەنە سۆزلىدى.

— خان ئاچىڭىز ئۇنداق قاپقانغا دەسسىمەيدۇ!— شۇنچىۋالا غەيرەتنىڭ قەيەردىن كەلگىنىنى بىلمەي قالغان لىۇكسېمبۇرگ بېشىدىكى تويلۇق چۈمبەلنى شارت ـ شۇرتلا ئېلىۋېتىپ، كاتىتىلارغا خاس سالاپەتتە پەشنى قېقىپ كېتىپ قالدى.

جامائەت دەۋرەپ كەتتى.

مانا بۇ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان لىۇكسېمبۇرگنىڭ توي مۇراسىمى.

نىكاھنى بىر خىل ئېتىقاد دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇنى تاللىۋالغان ھامان قەتئىي ئۆزگەرتمەسلىك، بولمىسا يېقىن يولاتماسلىق كېرەك.

پسىخولوگلار ھەمىشە كۆيۈنگۈل بولۇش ئالدىدا تۇرغان يىگىتلەرگە ئۆزىنىڭ قېيىن ئاپىسىغا سىنچىلاپ قاراپ بېقىشىنى، چۈنكى يېنىدىكى چىرايلىقىنىڭ يەنە 20 يىلدىن كېيىن ئاپىسىغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا چىدىمىسا ئەڭ ياخشىسى توي قىلماسلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلدى.

كۆپنى كۆرگەن ھەزرىتى تولستوي: «بەختلىك ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولىدۇ، بەختسىز ئائىلىلەرنىڭ بەختسىزلىكى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ» دەپ ھەسرەت چەككەنىدى. بۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: نامرات ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ، ئامراق ئەر-خوتۇنلارنىڭ ياخشى كۈنلىرى ئۇزاققا بارمايدۇ، دېگەنلىك. چۈنكى ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتى دەسلەپىدىلا يېگىنى كۆرۈپ كۈنىسىدىن بېزىدىغان ۋە تىنىكىشى توختىمايدىغان بىر ئىش. كۈرمىڭلىغان شائىرلار قوشاققا قېتىپ مەدھىيىلىگەن قوشماق ئۆردەكنى ئالساق، زوئولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇمۇ ئوجمە كۆڭۈل قۇشكەن.

كۆڭۈللۈك نىكاھ ئىشىنى ئايرىم ئەھۋال دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. مەن ئاۋۋال جۇڭگونىڭ بىر ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي: ئىككى يەردە تۇرۇۋاتقىنىغا ئۇزۇن يىل بولغان بىر جۈپ ئامراق ئەر-خوتۇن

بار ئىكەن. ئايال كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ، ئەمما سىرتتا تۇرۇۋاتقان ئېرىنىڭ تىت - تىت بولۇشىدىن ئەنسىرەپ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلمىشقا ئۇنىماپتۇ، ئەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئۇچقاندەك يېتىپ كەلسە، ئايالى ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىكەن. ئەر قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئايالىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلىغىنىچە ھۆكرەپ يىغلاپتۇ. شۇ چاغدا ياش بىر سېستىرا يېتىپ كېلىپ ئەرنىڭ يېڭىنى تارتىپ قويۇپتۇ:

— يىغلىماڭ، مەن سىزگە تېگىشنى قارار قىلدىم.

ئەر بۇ گەپتىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

سېستىرا يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە كىرىشىپتۇ: ئۇنىڭ ئايالى دوختۇرخانىدا ياتقاندا ھەر كۈنى سېستىراغا ئېرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن، كۈنلەرنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ سېستىرامۇ: مۇشۇنداق بىر ئەرگە تېگىۋالالىسام بەختىم ئېچىلغان بولاتتى، دېگەن خىيالغا كېلىپ قالغانىكەن.

— ئۇ جان ئۈزىدىغان چاغدا قولۇمنى قارتىپ تۇرۇپ: «قىز...قىزچاق، ئۇنىڭغا تېگىڭ. جەزمەن پۇشايمان قىلمايسىز. ئۇنىڭ يىغا - زارە قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماڭ. يىغا...سالامەتلىككە... بەك ... زىيانلىق...» دېدى. ھەي، ئادەم جان تەسلىم قىلىدىغان چاغدا بەك رەھىمدىل بولۇپ كېتىدىكەن.

نەتىجىدە ئەر بىلەن سېستىرا توي خېتى كەستۈرۈپتۇ. بۇنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشلاردىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بولماپتۇ.

مەن چەت ئەلنىڭ يەنە بىر ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي:

ئۇ چاغدا كاپىتالىزم تېخى پەيدا بولماپتىكەن، چەت ئەلمۇ يەنىلا ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ زېمىنى ئىكەن. بىر ئەر پاھىشۋازلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكتىن 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ئايالى تۈرمىنىڭ ئالدىدا جىممىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئاچلىق ئېلان قىپتۇ.

تۈرمە باشلىقى ئۇ ئېرىنى بەك يەڭگىل كېسىپسىلەر دەۋاتقان ئوخشايدۇ، دېگەن خىيالدا ئۇنىڭ ئالدىغا پىكرىنى سورىغىلى چىقىپتۇ.

— سىز ئۇنى سۆرەپ چىقىپ كۆلگە چۆكتۈرۈۋېتىڭلار، دېمەكچىمۇ؟

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن. ئۇنى مەن بىلەن ئۆيگە بىر بېرىپ كەلسە دېۋىدىم.

— ئۆيگە؟ ئۆيگە بارسا نېمە قىلماقچى؟ — تۈرمە باشلىقى گاڭگىراپ قاپتۇ.

— ھەقىقەتەن خىجىلمەن، بۇ مۇنداق ئىشتى: ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ناھايىتى ئوبدان ئۆتەتتۇق، ھەر ھەپتىسى ئاز دېگەندىمۇ بىر قېتىم ئەر - خوتۇنچىلىق قىلاتتۇق. مانا قاراڭ، ئۇ شۇنچە كۈنلەر ياتتى، ئۇنىڭ بۇرۇقتۇما بولۇپ چىدىيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. ئەگەر ئۇ راستىنلا ئۆيگە قايتالمىسا، مەن تۈرمىگە كىرسەممۇ بولىۋېرەتتى، خاپا بولماي مۇشۇ ئىشنى بىر ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرسىڭىز.

قاتتىق تەسىرلەنگەن تۈرمە باشلىقى قائىدىنى بۇزۇپ ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىپتۇ.

ئامېرىكىنىڭ قانۇنىدا: جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەر ھېيت - بايرام كۈنلىرى ئۆيىگە قايتىپ ئېرى ياكى خوتۇنى بىلەن جەم بولۇشقا قويۇپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ تاكى

هازىرغىچە داۋاملىشىشى يۇقىرىقى ئىشنىڭ سەۋەبىدىن بولغان.

بۇ ھېكايىلەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار ئامراق ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى. ئەمما ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇلاردەك بولالىشى تەس.

مۇھەببەتنىڭ ئۆزى بىر خىل ئەسەبىيلىك، ئۇ سەۋدايىلارچە ئىشتىياققا موھتاج؛ ئەمما نىكاھ خامۇشلۇق ھالىتىدە داۋاملىشىشى كېرەك، بۇنىڭدا سەگەكلىشىپلا قالساڭ، تەقدىرى - قىسمەتنىڭ ئاخىرلاشقىنى شۇ.

خۇيىنېڭ ھەزرەتلىرى شاگىرت قوبۇل قىلىدىغان چاغدا ئۈچەيلەن ئۇنىڭغا قول بەرگىلى كەپتىكەن.

ئۇنىڭ بىرىنچىسى:

— مەن ئاياللارنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىمغا تەڭ قىلمايمەن، قوچىقىمغا چىقىۋالسىمۇ كۆز قىرىمنى سالمايمەن، — دەپتۇ.

خۇيىنېڭ ھەزرەتلىرى ئىككى قولىنى جۈپلەپ:

— مەن سەندەك شاگىرتنى قوبۇل قىلمايمەن، — دەپتۇ.

ئىككىنچىسى:

— مەن بىر بىغەم ئادەم، كۆرمىگىلىغان ئاياللار بىلەن ئوينىغان، ئەمما ئۇلارغا ھەققىي تۇردە كۆڭۈل بېرىپ باقمىغان، — دەپتۇ.

— ھەقىقىي تۇردە كۆڭۈل بەرمىگەن ئادەم مېنىڭ يېنىمغا نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — خۇيىنېڭ ھەزرەتلىرى قولىنى بىرلا سىلكىپ ئۇنى ھەيدىۋېتىپتۇ.

— ئاشىقمەن، ئىشقى - پىراق دەردىدە ئۆلگىلىۋاتىمەن! — ساراڭ قېتىنشراق كەلگەن ئۈچىنچىسى مەيدىسىگە مۇشتلىغىنىچە ۋارقىراپتۇ، ئۇنىڭ ئۆزى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— شاگىرت بالام، ئالدىرىما، بۇنى ساڭا ئاستا - ئاستا چۈشەندۈرۈپ قويىمەن، — خۇيىنېڭ ھەزرەتلىرى بۇ شاگىرتنى قوبۇل قىپتۇ.

ھەر قانداق ئىشنى سېزىۋالسا بولمايدۇ، سېزىۋالغان ھامان ئۇنىڭ مەززىسى قالمايدۇ.

يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى كانت ئەپەندى داشۆنىڭ دەرسخانىسىدا جىنسىي مۇھەببەت ئۇنداق بولىدۇ، مۇنداق بولىدۇ دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپتۇ، ئەمما شۇ چاغدا ئۇ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن بىر بالىكەن. ئاچچىقىغا پايلىمىغان ئوقۇغۇچىلار پۇل يىغىش قىلىپ پاھىشە خېنىمىدىن بىرنى تېپىپ كەپتۇ - دە، ئۇنى بىر ئامال بىلەن ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىگە توغرىلاپتۇ. ئەتىسى ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا بەس - بەس بىلەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قانداق ھېسسىياتقا كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. كانت ئەپەندى ئىككى قولىنى كېرىپ:

— بۇ ھودۇقۇپ تىپىرلايدىغان بىر ئىشكەنغۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سان - ساناقسىز مۇھەببەت كىنولىرىدا رول ئالغان گرېتاگاربو مۇھەببەتتە بەك ئەستايىدىللىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ توي چېيىنى تۆت قېتىم ئىچكەن بولسىمۇ، ھەر قېتىم توي قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئىككىلىنىپ قېلىپ، ئاخىرىدا ياتلىق بولماي تۇرۇپلا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەمما ئۇنىڭ ھوللىۋودتىكى ئايال خىزمەتدىشى تايلېر بەك تۇيغۇن بولغاچقا، نىكاھنى ئويۇننىڭ ئورنىدا كۆرۈپ ئەرلەرنى پايپاق يەڭگۈشلىگەندەك ئالماشتۇرۇپ تۇرغان، 80 نەچچە ياشقا كىرگەندە قاملاشقان بىر بالىنى

قىلىتاقتا چۈشۈرۈۋېلىپ، ئىشقۋازلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرگەن.

ئاياللارنىڭ ھاياتىي كۈچى تەبىئىيكى ئەرلەرنىڭكىدىن جۇشقۇن بولىدۇ. مەيلى پىسخىك ساپاسى ياكى ئۇزۇن ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىدىن بولسۇن، ئەرلەر ئاياللارغا يەتمەيدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەرلەر ئاياللار تەرىپىدىن تاللىۋېلىنىدىغان ئورۇندا تۇرغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەرلەر ئۆز خوتۇنلىرىنى ئولجىنى قوغدىغاندەك مۇھاپىزەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان. گەرچە «خوتۇنۇڭ سەت بولسا، غەمسىز ئۆتىسەن» دېيىلسىمۇ، ئەرلەر يەنىلا ساھىبجامال ئاياللارغا يۈگۈرگەن. ئەمما چىرايلىق ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئېلىپ كەلگىنى بالا - قازادىن باشقا نەرسە بولمىغان. ئۇلار گاھىدا قاش - كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، گاھىدا ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ «ئالتۇن ئالما ئۇرۇقى»نى قوزغىغان، نەتىجىدە سان - ساناقسىز كىشىلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ قانلىرى سەل بولۇپ ئاققان. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئەرلەر ئۇلارنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز توختىماي ئىشلىشقان، چېپىشقان. ئاياللارنىڭ ئۇچمە كۆڭۈللۈك قىلىشى ئەرلەرگە بېرىلگەن ئەڭ چوڭ زەربە ھېسابلىنىدۇ، ئەرلەرنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇش تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىنىمۇ قوغدىيالمىسا يەنە نېمە ئىش قىلالىسۇن؟ بۇنىڭ بىلەن ئەرلەر بولۇپمۇ چىرايلىق ئاياللارغا ئۆيلەنگەن ئەرلەر ناھايىتى ئاسانلا بىر خىل مەنىۋى كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ: ئۇلار گۇمانخورلۇق قىلىپ ئەتىدىن - كەچكىچە دەككە - دۈككىچىلىكتىلا يۈرۈيدۇ، بىردەم جىنسىي ئىقتىدارىم ئاجىزلاپ كېتىپ ئايالىمنى رازى قىلالمايۋاتامدىمەنكى دەپ گۇمانلانسا، بىردەم ئايالىنىڭ ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ تالاغا قاراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ... ئۇلار بارلىق ئىززەت - ھۆرمىتىنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنى قارانچۇقنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يە ئەرگە، يە ئايالغا ئوخشىمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقان ئاياللىرىنى بارا - بارا بەزدۈرۈپ قويىدۇ. نىكاھنىڭ چەكلىمىسى ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە بولغان ئېتىقادىغا باغلىق. ئاياللار ئەرلەرنىڭ نىيىتىنى سېزىۋالغان ھامان: «مۇنداق ئەرگە تەگكۈچە، پاھىشە بولسام بوپتىكەن» دېگەن خىيالغا كېلىپ قالىدۇ، ئىش شۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئاياللارنى بۇ يولدىن ھەر قانداق قىلىپمۇ توسۇۋالغىلى بولمايدۇ

ئەمما ئاياللارمۇ غالىبلىق ئورنىدا مەڭگۈ تۇرۇۋېرەلمەيدۇ، ئەرلەر مەلۇم ھوقۇققا ئىگە بولغان ھامان ئاياللىرىنى: «سەنمۇ بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قالىدىكەنسەنھە!» دېگەن خىيالغا كېلىپ خالىغىنىنى قىلىشقا باشلايدۇ، شۇڭا، ئاياللارنىڭ بۇ ئەرلەر دۇنياسىدا ئەرلەرنى باشقۇرۇپ كېتىشى ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ.

ئامېرىكىلىق بىر نوچى سىرتتا لاغايلاپ يۈرۈپ كېچىچە ئۆيىگە قايتماپتۇ، ئۇنىڭ ئايالى تىت - تىت بولۇپ ئېرىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى دوستلىرىغا تېلېگىراممىا ئۇرۇپ: «ئېرىمنىڭ لايىغەزەل سىلەرنىڭكىدە قونىدىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ، نەتىجىدە ھەممىسىدىن: «شۇنداق» دېگەن جاۋاب تېلېگىراممىا تاپشۇرۇۋاپتۇ.

ئەرلەرنىڭ بىرلىكسەپى ئالدىدا ئاياللار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ.

دانىشمەن پادىشاھ دەپ ئاتالغان تاڭ تەيزۇڭ بىر كۈنى شاھانە ئوردىسىدا

تۇيۇقسىزلا غەلىتە بىر خىيالغا كېلىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋەزىرلىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ساھىبجامال قىز ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. جاپا چېكىپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن قەلىمى ۋە ئەلىمى بەگلەرنىڭ تازا ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بۇ گۈزەللەر كۆتكۈچى توقال دەپ ئاتىلىپتۇ. بارلىق ۋەزىرلەرنىڭ ئاياللىرى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ توقاللارنى ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. پەقەت فاڭ شۈەنلىڭنىڭ خوتۇنىلا مەردانىلىق بىلەن رەت قىلىپ قەتئىي ئالغىلى ئۇنىماپتۇ.

پادىشاھ مەن بەرگەن سوۋغاتنىمۇ ئالمايدىغان ئىش بولامدۇ، دەپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاغۋات خان يارلىقىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ فاڭ شۈەنلىڭنىڭ ئۆيىگە 2 - قېتىم كەپتۇ:

— ساھىبجامالنى قوبۇل قىلمىسىلىمۇ مەيلى، ئەمما پادىشاھى ئالەم ھەدىيە قىلغان مۇشۇ بىر چەينەك ئوغىنى ئىچىۋەتسىلە.

فاڭ شۈەنلىڭنىڭ ئايالى چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي ئوغىنى ئېلىپلا گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپتۇ.

بۇ خېنىم قان قۇسۇپ ئۆلۈشكە ھازىرلىنىپ تۇرغىنىدا، ئاغزىنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك بولىۋاتقىنىنى سېزىپتۇ.

ئەسلىدە تاڭ تەيزۇڭ ھايات - ماماتلىق چاقچاقتىن بىرنى قىلغان بولۇپ، چەينەككە قاچىلانغىنى ئوغا ئەمەس، بەلكى ئاچچىقسۇ ئىكەن.

فاڭ خېنىم ئاچچىقسۇ ئىچىشكە رازى بولسىمۇ، ساھىبجامالنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىشىغا يول قويماپتۇ، نەتىجىدە نىكاھنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاياللارنىڭ كۈندەشلىكىنى ئاچچىقسۇغا ئوخشىتىش ئۇدۇم بولۇپ قاپتۇ.

ئەمدى مەن چىقارغان نىكاھ فورمۇلاسىغا قاراپ باقساق، ئۇنى چۈشىنىش ئىنتايىن ئاسانغا توختايدۇ: نىكاھنىڭ سۈرىتى ئىشەنچ بىلەن مۇھەببەت، مەخرىجى ئەستايىدىللىق، قىلچە چاتاق يوق، ئەستايىدىللىق.

ئىشەنچ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىشەنچ بولسىلا نىكاھ چىڭىيىدۇ. قەدىمكىلەر ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىرادىسى، ئەلچىلەرنىڭ كېلىشكىنى بويىچە چېچى ئاقارغىچە بىللە ئۆتۈپ كېتەلىگەن. بۇ تامامەن ئىشەنچتىن بولىۋاتقان ئىش، دەرۋەقە، بۇنىڭدا ئىناۋەتمۇ مۇھىم. شۇڭا، ئىشەنچنى ساقلاش تۇۋرۈكى، ئېرىنى كۈتۈش سۈپىسى، ئېرىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇل ئۆتۈپ كەتكەن ئايال دېگەندەكلەر بارلىققا كەلگەن، بۇ، سۆيگەن يىگىتنىڭ ئۆلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئەمرىدە بولۇشۇڭ، ھاياتلىقىڭدا بىر تەكىيگە باش قويالمىساڭ ئۆلگىنىڭدە بىر گۆردە يېتىشىڭ كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

ئەگەر ئىشەنچ بولمىسا ياكى ئىشەنچسى كامىل بولمىسا، نىكاھنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. ئىشەنچ يوقالغان ھامان قاتمۇقات گۇمان پەيدا بولىدۇ. مۇھەببەتتە ھەر بىر يىگىت ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ بىرىنچى سۆيگىنى بولۇپ قېلىشىنى، ھەر بىر قىز ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ئاخىرقى سۆيگىنى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما ئىش ھەمىشە ئويلىغان يەردىن چىقمايدۇ، چۈنكى مۇھەببەتكە نىكاھنىڭ يوشۇرۇن ئاپىتى كۆمۈلگەن، گۇمان قوزغىلىشى بىلەنلا ئەرلەر ئوتىللوغا

ئوخشاش، ئايالىنى ئۆزگە ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ھېچبىر ئاساسسىزلا گۇمانلىنىدۇ، ئاياللار بولسا ئېرىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ پايلاش، خۇپىيانە تىڭ - تىڭلاش دېگەنلەرنى چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەببەتنىڭ نامى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋىتى بىر چاغلار ئىنتايىن قالايمىقانىدى، كۆپىيىپ ھايات قېلىش ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ۋەزىپىسى ئىدى، ئەركىن جىنسىي ئالاقە ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇش پۇرسىتىنى كۆپەيتىشنىلا مەقسەت قىلاتتى. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك جەمئىيىتىگە كېلىپ مال - مۈلۈكلەر ئايرىلغان چاغدىلا ئەرلەر قانداشلىقنىڭ پاك بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئەرگە بىر خوتۇن بولۇش تۈزۈمى بارلىققا كەلدى. ئەمما، ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ئەسلىمىسى مەڭگۈلۈك بىر كۆلەڭگە، شۇڭا ھەر قانداق قىلىپمۇ ئېنىقلىغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ھەق - ناھەق مەسىلىلىرى ئوتتۇرىغا چىققان.

مۇھەببەت نىكاھ فورمۇلاسىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىمەيدۇ، مۇھەببەتسىز نىكاھ ئوخشاشلا داۋاملىشىۋېرىدۇ، مۇھەببەت ئېلانچىغا ئوخشايدۇ، نىكاھنى تويلاشقۇچىلارغا تونۇشتۇرۇپ قويۇپلا سەھنىدىن غىپپىدە چىقىپ كېتىدۇ.

نىكاھنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى ئەستايىدىللىق، ئەستايىدىل بولۇشىمىز بىلەنلا خەقنىڭ خوتۇنى ياخشى بىلىنىدۇ، ئەستايىدىل بولۇشىمىز بىلەنلا شاختىن - شاخقا قونغىمىز كېلىدۇ، ئەستايىدىل بولۇشىمىز بىلەنلا سۆيگۈنىمىزنىڭ ھەمىشە يالغانچىلىق قىلىۋاتقىنىنى بايقايمىز، ئەستايىدىل بولۇشىمىز بىلەنلا سۆيگۈنىمىزنى بەش قولدەك چۈشىنىپ قېلىپ ئۇنىڭغا بارا - بارا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالىمىز. «مۇھەببەتتىن بىرلىشىپ، چۈشەنگەنلىكتىن ئايرىلىش» نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەسرەت - نادامىتى.

ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە ئىشىنىپ، بىر - بىرىنىڭ نازۇك كۆڭلىنى ئايىشىپ ۋە بەك زىغىرلىشىپ كەتمەي ئۆتسىلا، مۇنداق نىكاھ بەختلىك ھەم كۆڭۈللۈكتەك بولىدۇ.

كۆڭۈللۈكتەك نىكاھ بولسىلا ئۇنى بەختلىك دەپ ھېسابلىغىلى بولامدۇ؟

ياق!

گەرچە كۆڭۈللۈكتەك نىكاھنى ئۆزىنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشقان جەننىتى دەپ ھېسابلاشقا بولسىمۇ، ئەمما نىكاھنىڭ كىشىلەرنى ھەقىقىي تۈردە قانائەتلەندۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئەرلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى نىكاھنىڭ ئۆزى ئىنسانلار مۇرەسسەچىلىكىنىڭ مەھسۇلى. دېھقانلارنىڭ: «سەت خوتۇن بىلەن يېقىن يەر ئۆينىڭ گۆھىرى» دېگىنى ئەمەلىيەتتە بويى يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق دېگەن قائىدە بىلەن ئوخشاشلا بىر گەپ.

نىكاھ يەنە پۇختا ماددىي ئاساسقا ئىگە بولۇشى كېرەك، چۈنكى نامرات ئەر - خوتۇنلارنىڭ ھەممە ئىشى چەپكە تارتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەر بارغانسېرى نامراتچىلىققا چىدىمايدىغان بولۇپ قالدى، قەدىمدىن تارتىپلا «نامراتنى شاڭخو قىلساڭ قىل، پاھىشەنى شاڭخو قىلما» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ!

شۇنىڭغا قارىغاندا يەنىلا پۇلنىڭ بولغىنى تۈزۈككەن:

$$\text{پۇل} = \frac{\text{تەقدىر}}{\text{ئىگىلىۋېلىش ئىستىكى}}$$

پۇل ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدىغان نەرسە، قالاي كىشىلەر ئۇنى قاغىغان، ئەمما رېئال تۇرمۇشتا ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلغىلى بولمايدۇ.

ئويلاپ باقساقلار پۇلنىڭ ھېچقانچە رولى يوقلۇقىنى بايقايمىز.

پۇلغا يېمەكلىك سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما ئىشتەي سېتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ پۇلغا نىكاھنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما مۇھەب- بەتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ پۇلغا كارى- ۋات سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما ماسلاشقان جىنسىي مۇھەببەتنى سېتىۋالغىلى بولماي- دۇ؛ پۇلغا دورا سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ئەم- ما سالامەتلىكنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ پۇلغا قول سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما سا- داقەتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ...

بىراق، توختاپ تۇرۇڭ، بۇنى باشقىچىرەك بىر نۇقتىدىن ئويلىنىپ كۆرەيلى.

ئەگەر سىز سالامەت بولسىڭىز، ئىشتە- يىڭىز ياخشى بولسا، ئەر - خوتۇن ئىناق ئۆتسىڭىزلەر، جىنسىي تۇرمۇشىڭىزلەر ماس- لىشىپ بەرسە... يەنە كېلىپ پۇلىڭىزمۇ بولسا، ئۇنداقتا كۆڭلىڭىز تارتقاننى يەپ، ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان گۈزەللىكىڭىزنىڭ سېلىنچىسىدا مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى خال- غانچە سۈرمەمسىز؟

قانداق قىلغاندا پۇلغا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

بۇنىڭدا تەقدىرگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

ئادەم بىرىنچىدىن تەقدىرگە، ئىككىنچى- دىن تەلەيگە، ئۈچىنچىدىن قىسمەتكە تايىنىدۇ.

پۇل پېشانىگە پۈتۈلىدۇ. پېشانىسىگە دۆلەتمەنلىك پۈتۈلگەن ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا بايلىقنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، غەم - ئەندىشىسىز ياشايدۇ، مەسىلەن، قەدىمكى خانىڭكىدە، ھازىرقىسى پاراخوت پادىشاھ- سىنىڭكىدە تۇغۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا - تىلاۋەتنى ھەغدادىغا يەتكۈزگەنلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما مۇنداقلار ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

دەرۋەقە، تەقدىردىن باشقا يەنە پۈتۈن- لەي تەلەيگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. تە- لەي ئاجايىپ نەرسە، تەلەيىنىڭ خاسىيىتى- دىن قەلەندەر يوغان بىر يامبۇ تېپىۋالىدۇ، سىز بولسىڭىز تاۋاكادا دەتتىكام دەپلا نۇر- غۇن مال - دۇنيانى ئۇتىۋالىسىز... ئەمما تەلەيىنى كۈتۈشكىلا بولىدۇ، جىياڭ زىيا تولا كۈتۈپ ساقلى ئاقارغاندىلا ئاندىن ئۆز بەختىنى تاپمىدىمۇ؟

قىسمەتكە كەلسەك، ئۇ دېگەن خۇراپىي- لىق، ئۇنىڭ بىلەن ھازىرچە كارىمىز بولمىسۇن.

ھەممىنى قوغلىششقا بولىدۇ، پۇلنىلا قوغلىششقا بولمايدۇ. سىزنىڭ ئىگىلىۋې- لىش ئىستىكىڭىز قانچە كۈچەيگەنسېرى پۇل سىزدىن شۇنچە يىراققا قاچىدۇ. خۇددى چۆچەكلەردىكى گۆرۈچ بولىقىدىن ئېقىپ چىققان گۆرۈچكە ئوخشاش قانچە- لىك ئېقىپ چىقسا شۇنچىلىك يېيىسىڭىز بولىدۇ، ئەگەر سىز بولاقنىڭ كۆزىنى ئې- چىپ بېيىماقچى بولسىڭىز، بىرتالمۇ گۆرۈچ- كە ئېرىشەلمەيسىز.

پۇلنى قوغلىشىش بىھۇدە ئاۋارە بول- غانغا تەڭ. ئادەم ئۆمرىدە مال - دۇنياغا تويماي ئۆتىدۇ، مال - دۇنياسى كۆپەي- گەندە ئۇ دۇنياغا كېتىدۇ. قانچىلىغان كى- شىلەر جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرىلا ئاندىن ئۆز تەئەللۇقاتىنى ھەر قانداق قىلىپمۇ ئېلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئەمما پۇلنى قوغلىشىشنىڭ جەريانى ئادەمنى مەپتۇن قىلىدۇ، كىشىلەر بىرنى

ئىككى قىلىشنىڭ كويىدا جىددىيچىلىك ئارىلاشقان خۇشاللىق بىلەن تىنىماي شاپاشلايدۇ، بۇ خۇددى تامغا چۈشكەن كۈن نۇرىنى قوغلاپ يۈرگەن سەبىي بالىنىڭ ئەخمەق قىلىنسىمۇ يەنىلا ئويناپ ھارمىغىنىدەك بىر ئىش.

سودىگەرلەر پۇلنى قوغلىشىش جەريانىنى كەسىپ دەپ ئاتايدۇ، ئەمما بۇنى سودىگەرلەرنىڭ كەسپى دېيىشكىلا بولىدۇ. كەسىپ ئىنسانىيەتنىڭ ياتلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى، ئادەم كەسىپنى ياراتتى، يەنە كېلىپ ئالاقىزادىلىك بىلەن ئۇنىڭغا چوقۇندى.

كەسىپ بىر ئادەمنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ:

$$\text{كەسىپ} = \frac{\text{مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى}}{\text{ئىدارە قىلىش ئىستىكى}}$$

ئەرلەرنىڭ كەسپى بولۇشى كېرەك، كەسىپ بىر ئەر كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى پەرقلەندۈرۈش بەلگىسى.

ئادەم ئىلگىرى كەسىپ دېگەننى بىلمەيتتى، ھەر كىم ئۆز غېمىنى ئۆزى يەيتتى، ئۆز يېرىنى ئۆزى تېرىيتتى. باشقىلارنىڭ ھوسۇلىغا كۆڭۈل بۆلۈش ھاجەتسىز ئىدى. ئەمما نامراتلىق بىلەن بايلىق قانچە تەڭپۇڭلاشقانسېرى شۇنچە زور پەرقلەندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەر شارى سەككىز مىليارد ئادەمنى باقالايدىكەن. ھازىر ئادەم سانى بەش مىليارد بوپتۇ، يەنە ئون يىلدىن كېيىن دۇنيا نوپۇسى سەككىز مىلياردتىن ئېشىپ كېتىدىكەن، شۇڭا پىلانىتىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئاخىر زامان قايغۇسى قاپلاۋاتىدۇ. كىشىلەر خۇددى تاقىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان دەرىجىدىن تاشقىرى ماگىزىنغا قىستىلىشىپ كىرىۋاتقاندەك، سېۋەتلىرىگە بەس - بەس بىلەن قانداقتۇ بىرنېمىلەرنى قاچىلاۋاتىدۇ.

ھەممە ئادەم «قولۇمنى كۆتۈرۈپ بىرلا ۋارقىرىسام، كىشىلەر لەببەي دەپلا ئالدىمغا يىغىلسا» دېگەندەك شېرىن چۈشنى كۆرگەن، چوڭ بولغاندا كاتتا مەنسەپدار بولۇپ تازا بېيىشنى ئويلىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى گورباچېۋ غوجام مۇشۇنداق قىلدى، مىنىستىر بولغاندىن كېيىن باش شۇجى بولۇشنى ئويلىدى؛ باش شۇجى بولغاندىن كېيىن يەنە زۇڭتۇڭ بولدى. بۇنىڭ بىلەن جىمى ئادەمنىڭ كۆزىنى قىزارتىۋەتتى، نەتىجىدە 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەممىسىلا مۇستەقىل بولۇپ، بىردىنلا 15 زۇڭتۇڭ پەيدا بولدى، قېنى ئەمدى قايسىسىنى باشقۇرالىدى؟

كەسىپنىڭ سۈرىتى مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى، بۇنىڭدا ئۆرپ - ئادەتنىڭ ئورنى، ئەڭ ئاساسلىقى شەخسنىڭ تۇيغۇسى بار. گەرچە ئاتوم بومبىسى ياسايدىغانلار چايدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ساتىدىغانلارغا يەتمەيدۇ دېيىلسىمۇ، ئەمما سىزنى راستىنلا چايدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېتىپ راسا پۇل تېپىۋېلىڭ دېسە، بۇنىڭغا ئۇنىشىڭىز ناتايىن. چۈنكى سىزدىكى روھىي ئۈستۈنلۈك ئاللىقاچانلا مانا مەن دەپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

كەسىپنىڭ مەخرىجى بولسا ئىدارە قىلىش ئىستىكى، كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر مەلۇم ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. ئەمما مۇنداق ئىستەك كۈچىيىپ كەتسە بولمايدۇ، كۈچىيىپلا كەتسە كەسىپىم بار دېگىلى بولمايدۇ.

ئاچقۇچلۇق مەسىلە روھىي كەيپىياتتا، روھىي كەيپىياتى نورمال كىشىلەر ئۆمرىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزىدۇ. ھەممەيلەن شۈكرى-

قانائەت قىلىپ خۇشال ئۆتكەن بولسا، بۇ جاھان خېلىلا تىنجىپ قالاتتى. كۆڭۈلدىكىدەك بىر جەمئىيەت ھەر بىر ئادەمدىكى كەسىپنىڭ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىش، ھەر بىر ئادەمگە بۆلۈپ بېرىلگەن بىر بۇردا ناننىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قوبۇل قىلغۇچىلارنى ئۇنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنغانلىقىغا ئىشەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. بۇ خۇددى دېھقاننىڭ ئېشەكنى تۈگمەنگە قاتسا ئۇنىڭ بىر يەردە ئايلىنىۋېرىشنى خالىمىغانلىقى، ئەقىللىق دېھقان ئېشەكنىڭ كۆزىنى ئېتىپ قويۇپ ئۇنى تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ يىراق بىر جايغا كېتىۋاتىمەن دېگەن خىيالغا كەلتۈرگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن ئېشەكنىڭ سوكۇلداپ مېڭىۋەرگەنلىكىدەك بىر ئىش.

ئائىلە ئەرلەرنىڭ ئاخىرقى ماكانى. ئەرلەر سىرتتا ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالسىمۇ غىڭ قىلمايدۇ، ئۆيىگە قايتىپ كەلسىلا نوچىلىق قىلىدۇ. شۇغىنىسى ھازىرقى ئاياللار بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، ئەرلەرنى جاھانسازلىق قىل دەپ جىنىنىڭ بارىچە سىرتقا ھەيدەيدۇ. شۇنداقلا بولۇپ قالماستىن، ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بەس - بەس بىلەن ئۆيدىن چىقىپ قانداقتۇ بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماقچى بولۇۋاتىدۇ.

1988 - يىلى ئاسىيا ئالىي تېخنىكوملار مۇنازىرە يىغىنىدا ماڭا «ئاياللار خىزمەتتىن ۋاز كېچىپ قازان بېشىغا ئۆتۈشى كېرەك» دېگەن تېما چىقىپتۇ. مالايشىيالىق بىر سېمىز يىگىت سەھنىدە مەن بىلەن تەكشىپ قالدى.

مەن ئاستا سۆزلىدىم:

— ئاياللار كىيىم تىكسە بولىدۇ، ئەمما كىيىم لايىھىلىگۈچى ئۇستىلا ئەرلەر، ئاياللار تاماق ئەتسە بولىدۇ، ئەمما ئالىي دەرىجىلىك ئاشپەزلەرنىڭ ھەممىسى ئەرلەر، ئاياللار نېمە قىلالايدۇ؟ ئۇلار خىزمەتتىن ۋاز كېچىپ قازان بېشىغا ئۆتۈشى كېرەك.

— بۇ گېپىڭ توغرا، ئەمما تەسەۋۋۇر قىلىپ باق، ئاياللارنىڭ ھەممىسى قازان بېشى بىلەنلا بولسا، سېستىرالىقنى كىم قىلىدۇ، دېگىنە قېنى؟ — سېمىز يىگىت گېپىنى تۈگىتىپ ئىچى قارىلىق بىلەن ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— ئەگەر ئاياللار قازان بېشى بىلەن بولۇپ ئەرلەر بىلەن قايتا كەسىپ تالاشمىسا، بۇ جاھان تىنچ - ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆتەتتى، ئەر - ئاياللار ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىنى تاپاتتى؛ ئىككى ياخشى قوشۇلۇپ بىر بولاتتى، ئۇنداقتا يەنە كىممۇ كېسەل بولسۇن؟ — دېدىم مەن تەنە قىلىپ.

پەستىكى ئايال كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا جىنىنىڭ بارىچە ئالقىش ياغدۇردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار چارچىغان، ئېغىر ھاردۇق يەتكەندەك تولىمۇ چارچىغانىدى.

**ئۇنداقتا قانداق قىلىپ ھەقىقىي بەخت بىلەن خۇشاللىقنى تاپقىلى بولىدۇ؟**

بۇ، ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپلا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلە.

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھمۇ ئەتىدىن - كەچكىچە ھەسرەت چېكىپ، خۇشاللىقنىڭ نېمىلىكىنى زادىلا بىلەلمەپتىكەن. بىر كۈنى ئۇ داخاننى چاقىرتىپ بۇ ئىشنى سوراپ بىلىۋالماقچى بوپتۇ:

— ماڭا دېگىنە، قانداق قىلغاندا خۇشال بولغىلى بولىدۇ؟

داخان جىددىيلەشكىنىدىن قارا تەرگە

چۈشۈلۈپ كېتىپتۇ: پادىشاھنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئاسان بولغىنى بىلەن، ئۇنى خۇش قىلىش تەس گەپتە! ئۇ ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە ئاغزىغا كەلگىنىچە جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئالىيلىرى، شادمان ئادەمنىڭ جىلىتكىسىنى كىيىۋالسىلا مەڭگۈ خۇشال بولىدىلا!

پادىشاھ ئاغۋاتقا شادمان ئادەمنىڭ جىلىتكىسىنى دەررۇ تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئاغۋات ئالدى بىلەن ۋەزىرى ئەزەمنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ، ۋەزىرى ئەزەم بىرلا ئادەمگە باش ئۇرۇپ قۇلچىلىق قىلغىنى بىلەن تومەنمىڭلىغان ئادەمنى باشقۇرىدۇ - دە!

— بوۋا، سىز مېنىڭ ھالىمنى سورىمايمۇ بىلىۋالالايسىز، مەن غەمسىز يۈرەلەيمەنمۇ؟ قەدىمدىن تارتىپلا: «پادىشاھقا ھەمراھ بولغىنىڭ، يولۋاس بىلەن بىللە بولغىنىڭ» دەيدىغان گەپ بار. مەن كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پادىشاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ بالا - چاقىلىرىم بىلەن بىللە قىرىلىپ كېتەمەنمىكىن دېگەن ئەندىشىدە غىڭ قىلالماي تىترەپ يۈرۈۋاتسام، قانداقمۇ خۇشال ئۆتكىدەكەن!

ئاغۋات يەنە سەركەردىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. سەركەردىلەر: قايسى جەڭدە ئۆلۈپ كېتەرمىز دېگەن غەمدە يۈرگەچكە، ئۇلاردىنمۇ خۇشال يۈرۈۋاتقانلار چىقماپتۇ.

ئاغۋات ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ خۇشال يۈرۈۋاتقان بىرمۇ ئادەمنى تاپالماپتۇ، ئاخىرى بىر سەركەرداننى ئۇچرىتىپتۇ. قارىسا، ئۇ ناخشىنى دۆڭ تولۇپ شۇنداق خۇشال كېتىۋاتقىندەك.

ئاغۋات ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— بىرنەرسىنى سورىۋالاي، سەن شۇ تاپتا خۇشالمۇ؟

— مەن ئاسماننى يېپىنچا، زېمىننى سېلىنچا قىلىپ يۈرۈۋاتقان ئادەم. مېنىڭ قورسىقىم تويسىلا ئۆيدىكىلەر ئاچ قالمايدۇ، بۇنىڭ خۇشال بولمىغۇدەك نېمىسى بار؟

— بەك ياخشى بولدى، جىلىتكەڭنى چاقىقان سال، — ئاغۋات ئۇپۇل - تۇپۇللا ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

— ماۋۇ گەپنى، مەن شۇنچە ياشقا كىرىپ تېخى جىلىتكە كىيىپ باقمىغان، — سەركەردان گەپ قىلغاچ يىرتىلىپ كەتكەن پاختىلىق چاپىنىنى قايرىپ قارىداپ كەتكەن دۈمبىسىنى كۆرسىتىپتۇ.

— سەن بېرىپ پادىشاھقا دېگىن: ئۇنىڭ مىڭ ئېغىزلىق ئۆيى بولسىمۇ، ھەر كېچىسى ياتىدىغىنى بىرلا كارىۋات؛ ئۇنىڭ مىڭ مو يېرى بولسىمۇ، كۈنىگە يەيدىغىنى ئۈچ ۋاقلا تاماق؛ ئۇنىڭ توققۇز ھەرىمى، ئوتتۇز سارىيى بولسىمۇ، بىر كېچىدە بىرلا خوتۇنىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدۇ..... ئۇنىڭ يەنىلا خان سارىيىدىن چىقىپ شادمان سەركەردان بولغىنى تۈزۈك.

قارىغاندا، خۇشال بولۇش - بولماسلىق پۈتۈنلەي ئۆزىمىزنىڭ رازىمەنلىكىگە باغلىقكەن. دېمىسىمۇ، قانچە يوغىنىسا، بەختنىڭ قىممىتى شۇنچە، چۈشۈپ كېتىدىكەن. بەخت قانائەتچانلىق بىلەن ئوڭ تاناسىپ، نەپس بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولىدىكەن.

بۇنىڭدىن مېنىڭ ئۈچىنچى فورمۇلايىم، يەنى ئەڭ مۇھىم فورمۇلا كېلىپ چىقىدۇ:

$$\text{بەخت} = \frac{\text{قانائەتچانلىق}}{\text{نەپس}}$$

بۇ فورمۇلالار تۇرمۇشنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى.

«ھېكايىچىلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانىدىن غوپۇر قادىر تەرجىمىسى


ئانا
غايىتسىز بىر قۇدرەت گەر پۈتسە ياشىغا،
ئالەمنى ئالماقچى تۇتقۇزسام مۇشتىغا،
تاش پۈتتى بىر مېھرى ئۆمرىم گۈلىنىڭ،
بەدىلى تۆلەپ تۈگەرمۇ ئانا؟!
رەسسام ۋە خەتتات: ئىسكەندەر يۈسۈپ (ئوقۇغۇچى)



قەدىمكى كۇسەندىكى خاپ چالغۇچى (ماي بوياق رەسىم) تۇرسۇن پازىل سىزغان

— قەييۇم قادىر فوتوسى


《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1994-يىل 2-1-سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管：新疆维吾尔自治区文化厅

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

主办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى

编辑：《新疆文化》杂志编辑部

تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

印刷：新疆新华印刷三厂

باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتى

发行：乌鲁木齐市邮局

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

订阅：全国各地邮局


مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1073/I

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1073/I

本刊代号：58—22・定价：贰元肆角

ۋەكالەت نومۇرى: 22-58، باھاسى: 2.40 يۈەن



كۆسەن سىمفونىيىسى (ماي بوياق رەسىم) پەرھات ئىبراھىم سىزغان